# ئۇيغۇر بالىلار
# ئەدەبىياتىدىن
# نەمۇنىلەر

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر

ISBN 7—228—01182—1
I·410(民儿)定价:3.75元

www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر

تۈزگۈچى: ت. پەخرىدىن

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئا. ئەھەي
مەسئۇل كوررېكتورى: ئىلياس رەھىمى

ئۇيغۇر باللار ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر

تۈزگۈچى: ھ. پەخرىدىن

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجۇڭ كوچىسى 54 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

فورماتى: 787 × 1092 مىللىمېتر 1/32
باسما تاۋىقى: 10.125 قىستۇرما ۋارىقى: 2
1990 - يىل 11 - ئاي 1 - نەشرى
1990 - يىل 11 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 —— 2,000
ISBN7—228—01182—1/I·410
باھاسى: 3.75 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# تۈزگۈچىدىن

بۇ ئەدەبىي توپلام دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن نەشىر قىلىندى. بۇ توپلامغا ئۆزۈندىن بېرى باللار ئەدەبىياتى ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان يازغۇچى - شائىرلارنىڭ، باللار ئەدەبىياتىمىز سەھنىسىگە يېڭىدىن كىرىپ كەلگەن ياش قەلەم ئىگىلىرىنىڭ، شۇنداقلا باللار ئۈچۈنمۇ ئەسەر يېزىپ تۇرغان باشقا يازغۇچى - شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى. بۇ ئەسەرلەردە ئۆسمۈر - باللارنىڭ بەختىيار ھاياتى، يۈكسەك ئارزۇ - ئىستىكى، پارتىيىگە، ۋەتەنگە، خەلققە، يېڭى دەۋرگە بولغان مېھىر - مۇھەببىتى، ئوقۇشقا، ئىلىم - پەنگە، ئەمگەككە بولغان قىزغىنلىقى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا دوستلۇقى، ئىتتىپاقلىقى مەدھىيىلەنگەن، ئايرىم باللاردا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بەزىبىر يېتەرسىزلىكلەر يۇمۇرىستىك ۋاسىتە بىلەن كۆرسىتىپ بېرىلگەن. شۇڭا بۇ ئەسەرلەر كىچىك كىتابخانلارنى، جۈملىدىن چوڭلارنىمۇ قىزىقتۇرىدۇ. لېكىن بۇ توپلامغا ئۇيغۇر باللار ئەدەبىياتىدىكى نادىر ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى كىرگۈزۈلدى دەپ ئېيتالمايمىز. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۆسمۈر - باللارنىڭ كىتاب جازىسىغا بىر يېڭىلىق بولۇپ قوشۇلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

# مۇندەرىجە

ت. پەخرىددىن — شېئىرلار ........................ 1
ب. ئابدۇللا — شوخ باللارغا (شېئىر)......... 9
ت. بەكرى — شېئىردي تېپىشماقلار.............. 13
ئا. توختى — شېئىرلار.............................. 20
ئە. هاشىم — «بوزغونچى» (هېكايە)........... 22
ت. قۇربان — شېئىرلار............................. 40
م. زايىت — ئاي باللادىسى......................... 49
م. زۇنۇن — قەدىرلىك ئىنسان (باللار ئوپېراسى)..................... 57
م. شاۋۇدۇن — مېھرىگۈل (سېكىل)............... 64
ئا. مەخسۇت — شۆھرەتنىڭ «ئىجادىيىتى» (هېكايە)........................... 68
س. قاسىم — مەن «خىزىر» غا يولۇققان (هېكايە)........................... 76
ه. ئەخمەت — شېئىرلار................................ 80
ت. هۇسەيىن — شېئىرلار........................... 84
ت. زېردىن — قاغا بىلەن قارلىغاچ (مەسەل)... 88
م. ئىسمايىل — شېئىرلار............................ 94
ئا. ئۆمەر — ئالما (هېكايە)........................ 97
ئە. ئىبراھىم — پاختەكلەر (هېكايە)........... 101
ت. نىياز — مەسەللەر................................. 110

www.uyghurkitap.com


ھ. ئىلشۇالدى — شېئىرلار ........................ 115

س. ھاشىم — كەنجى (ھېكايە) ................ 119

م. تۆمۈرى — شېئىرلار ........................ 132

م. شانىياز — سىبىردىق لەگلەك (ھېكايە)....... 136

ئۇ. ئۆمەر — شېئىرلار ........................ 141

م. جۇماخۇن — شېئىرلار ........................ 145

ئا. باقى — شېئىرلار ........................ 149

م. بارى — شېئىرلار ........................ 155

ئا. ئەبەي — ئۆردەك، كەپتەر ۋە چۆجە خوراز (مەسەل).................. 159

ر. سايىت — پولات ھەققىدە قوشاق (شېئىر)... 166

ئا. روزى — شېئىرلار ........................ 170

م. مۇھەممەت — قاسىمنىڭ تىلەكلىرى (سېكىل)... 173

ئا. ئەمەت — قىسقارتىلما سۆز (ھېكايە)...... 179

ئا. قۇربان — كەپتەر ئۇچۇرغاندا (شېئىر)........ 186

ق. ئارسلان — ئەمدى جاپا سالمايمەن (ھېكايە)........................ 189

ھ. ئىبلى — زۇمرەت بىلەن قىممەت (باللار درامىسى) ...................... 200

م. ئىمىن — بىر جۈپ لاي قورچاق (مەسەل) ........................ 220

م. روزى — زەرگىيا (چۆچەك) ................ 222

ئە. ئىمىن — نەسرلەر ........................ 232

ئا. ئىسمايىل — كۆچەتلەرنىڭ سۆھبىتى ......... 235

م. قۇربان — شېئىرلار ........................ 245

ھ. ئەخمەت — گوچىدا ۋالغان بالا (ھېكايە) …… 248
ئا. ھەسەن — شېئىرلار …… 259
ر. روسۇل — يارايسەن ئوغلۇم (ھېكايە) …… 264
ر. داۋۇت — شېئىرلار …… 271
ت. ئەرشىدىن — كوماندىرنىڭ بۇيرۇقى(ھېكايە) …… 274
ي. ئىسمايىل — شېئىرلار …… 292
ئا. ياقۇپ — شېئىرلار …… 296
م. مەخسۇت — شېئىرلار …… 299
ئە. قۇربان — نەسرلەر …… 302
ئا. ئابدۇراخمان — ناچار ئادەت (ئىلمىي ھېكايە) …… 307
پ. ئىلياس — نەسرلەر …… 309
ت. قادىرى — شېئىرلار …… 313

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## تۇرسۇن مۇھەممەت پەخرىدىن

# شېئىرلار

### سالام، باللار

ۋەتەننىڭ كەلگۈسى، ئارزۇ - ئۈممىدى،
ئىقبالى ئاپتاپتەك پارلاق باللار.
سىلەرگە قەلبىمدىن يالقۇنلۇق سالام،
بەختتىن نۇر ئەمگەن ئۇماق باللار.

سىلەرنى ھەركۈنى تاڭدا كۆرىمەن،
يۈزۈڭلار نۇرانە، روھىڭلار تېتىك.
يۈرىسىلەر مەرىپەت كانى — مەكتەپكە،
كىتابلار سېلىنغان بوقچىنى ئېسىپ.

بەختكە ئاھاڭداش قىقاس - كۈلكەڭلار
ئويغىتار كوچىنىڭ ھەممە يېقىنى.
كۆز ئۈزمەي قارايمەن ئامراقلىق بىلەن،
سىپىڭلار گوياكى گۈللەر ئېقىمى.

ھەر كۈنى سەھەردە، كەچتە شۇ ھالەت،
قەلبىڭلار قېتىدا يېڭىچە ئارزۇ.
شۇ ئارزۇ يولىدا ئىزدىنىش بىلەن
ئۆتكەندۇ بىلىنمەي قانچە قىش، يازمۇ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

سىلەرنى كۈتىدۇ شانلىق، ئۇلۇغۋار
ھاياتنىڭ ئوچىقى — ئىجاد، تەنتەنە.
ئوقۇڭلار، ئۆرلەڭلار ئەجرىڭلار بىلەن
مۇقەددەس ئېلىمىز گۈللەنسۇن يەنە.

## رەگەتكە

ھەي رەگەتكە، رەگەتكە،
ئۇققىن، سېنى نېمە دەپ،
تاشلىۋەتتىم بىر چەتكە
ئوينىماسقا ئەبەتكە.
ئىلگىرى راست مەن سېنى
تۇتقان ئىدىم دوست قىلىپ.
يۈرەر ئىدىم ھەر قاچان
بىللە يېنىمدا ئېلىپ.
قىلىمەن دەپ مەرگەنلىك
بولدى ئەھۋالىم قىيىن.
(ئىنتىزامدا، ئەخلاقتا
قالدىم دوستلاردىن كېيىن.)
زامىن بولدۇم ھەتتا مەن
قۇش دوستلارنىڭ جېنىغا.
چېنىشىمىز دەپ ئويناپ
تاشمۇ يېدىم بۇرنۇمغا.
دېدىم شۇ چاغ نېمە دەپ

بۇ نەرسىنى ئۆگەندىم؟
ئويلاپ باقسام ھەممە گەپ
ئۆزۈمدىكەن چۈشەندىم.
سېنى ئوينىماسلىقتا
ئەھدى قىلدىم دىلىمدىن.
ئويۇن ئويناي مەزمۇنلۇق،
پايدا يوقكەن سېنىڭدىن.

**مەنمەنچىلەر ئۈيالدى**

سادا كەلدى بىر كىتابتىن،
نېمە ئىش دەپ كۈتۈپ قالدىم.
قۇلاق سالسام دە - تالاشكەن،
قەلەم ئېلىپ پۈتۈپ ئالدىم.
يازغىنىمنى، كىچىك دوستۇم،
سىزگە سۇندۇم كۆرۈپ بېقىڭ.
كىمنىڭ توغرا، كىمنىڭ خاتا،
سىزمۇ خىيال سۈرۈپ بېقىڭ.
مەن دېگەن ئۇ بىر كىتابچە
سىزگە تونۇش «ئۇيغۇر تىلى».
ئۆزلىرىنى داڭلىغانلار
يېپىق جۈملە بۆلەكلىرى.
قايناپ - قىزىپ سۆزلەر «ئىگە»:
«مەن جۈملىنىڭ ئىگىسىمەن،
ۋەزىپەم زور، رولۇم كاتتا،

www.uyghurkitap.com

گەپنىڭ مۇھىم مۆچىسىمەن.
مەن بولمىسام گەپتە ئەگەر
ئۇقۇم بولار مەجهۇل، تۇتۇق.
مېنىڭ بىلەن ئايدىڭلىشار
ھەربىر جۈملە، ھەربىر نۇتۇق...»
«ۋاي - ۋۇي، بۇنىڭ گەپلىرىنى،—
دەپ ئورنىدىن تۇردى ‹خەۋەر›،—
مېنىڭسىز گەپ بولامدۇ،
بولمىسام مەن گەپتە ئەگەر؟
ھەربىر گەپنىڭ خەۋىرىنى
پەقەت مەنلا بىلدۈرىمەن.
شۇ چاغ ئىگە كىمىكەنلىكى،
نېمىلىكى بولار روشەن.
شۇڭا مېنىڭ ھەربىر گەپتە
ئوينايدىغان رولۇم مۇھىم.
ئاددىي، يېيىق جۈملىلەردە
تۇرار ئورنۇم ئايان، مۇقىم.»
ئىرغىپ تۇردى «تولدۇرغۇچى»:
«مەنمۇ زۆرۈر جۈملىلەردە،
گېپەڭلارچە، مەن بىچارە
يوق ئوخشايمەن كۆڭلۈڭلەردە.
مەنچۇ گەپتە ئوي - پىكىرنى
تولدۇرىمەن، كېڭەيتىمەن.
بولمىسام مەن گەپتە ئەگەر
ئۇقۇم بولار قانداقمۇ كەڭ؟!...»

«ئىنقىلما»* سەكرەپ چىقىپ،
سۆز باشلىدى گەپنى بۆلۈپ.
ماختانچاقلار ئىشلىرىغا
ئىچ-ئىچىدىن ئاچچىق كۈلۈپ:
«مەنمۇ يېپىق جۈملىنىڭكى
بىر ئەزاسى، قاتناشچىسى.
مېنىڭ بىلەن ئىنقىلىنار
ئادەم، نەرسە — ھەننىۋاسى...»
«ھالەت» قايناپ كەتتى شۇئان:
«ئۆزۈڭلارنى ماختايسىلەر،
نېمە ئۈچۈن مەن بايقۇشنى
تىلغا ئېلىپ قويمايسىلەر.
گەپتە ئىشنىڭ ھالىتىنى
چۈشەندۈرۈش ماڭا ئادەت.
شۇڭا يېپىق، قوشما جۈملە
دائىم ماڭا بەكمۇ ھاجەت.
يەنە تېخى ئىش-ھەرىكەتنىڭ
سەۋەبىنى، مەقسىتىنى،
ھەتتا ئورنى ھەم ۋاقتىنى
بىلدۈرىمەن ئەڭ تەپسىلىي.
مەن بولمىسام گەپتە ئەگەر
ئوي ۋە پىكىر بولار غۇۋا.
بۇ سۆزۈمگە، ۋەزىپەمگە
‹ئۇيغۇر تىلى› ئىسپات، گۇۋا...»

* ئىنقىلىنۇچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇلار شۇنداق قايناپ، قىزىپ،
سوقۇشۇشقا ئاز قالغاندا،
«ئۇيغۇر تىلى»دەرسلىكى
سۆزگە تۇردى شۇ ھامانلا:
«بولدى، بولدى، قاينىماڭلار،
نېمە ئانچە تالاشقۇلۇق.
جۈملىدىكى ۋەزىپەڭلار
ئېيتىلغانغۇ مەندە تولۇق.
بىراق ماختاپ ئۆزۈڭلارنى
ئاسمان ـ پەلەك ئۇچۇرماڭلار.
مىننەت قىلىپ ئىشىڭلارنى
باشقىلارنى چۈشۈرمەڭلار.
بۇنداق قىلىش يامان ئادەت
دوست تۇتۇڭلار كەمتەرلىكنى.
ئىشىڭلارغا كىرىشىڭلار
قىلماي ئەمدى مەنمەنلىكنى.

بۇ ھەققانىي تەۋسىيەدىن
مەنمەنچىلەر بەك ئۇيالدى.
ئەپسۇسلىنىپ ئىللىتىدىن
ئىشلىرىغا تېز يول ئالدى.

## ياخشى بالا بولىمەن

چۈشلىرىمدە ئالەمنى
زوققا تولۇپ كېزىمەن.

سەھەر تۇرۇپ گۈللەردىن
ئىسىلىنى ئۈزمەن.

تالىلاپ ئۈزگەن گۈلۈمنى
ئۇستازىمغا تۇتىمەن.
ئۇنىڭ تەربىيىسىدە
ئۆسۈۋاتقان نوتىمەن.

مېھرى بىلەن ئۇستازىم
ئۆگەتمەكتە بىلىمنى.
ئارزۇلارغا تولدۇرۇپ
ئاپئاق، سەبى دىلىمنى.

شەربەت ئىچىپ بىلىمدىن
كۈچ - قۇۋۋەتكە تولىمەن.
خەلق، ۋەتەن كۈتكەندەك
ياخشى بالا بولىمەن.

### كۆكۈلدىكى گەپ

— ئېيتىششى
— نېمە ياخشى دېگىنە؟
— تاپتىم، تاپتىم، تېلېۋىزور!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئۇندىن ئىشىنىڭ ئەينىنى
كۆرۈپ قىلىسەن ھۇزۇر.

— نېمە ياخشى دېگىنە؟
— تاپتىم، تاپتىم، رادىئو!
ئاڭلىتىدۇ ئۇ دائىم
ناخشا، ساۋات ۋە ئۇچۇر.

— نېمە ياخشى دېگىنە؟
— تاپتىم، تاپتىم، كىنو ئۇ!
ئۇنىڭدىكى ۋەقەلەر
دىلنى ئويغا سالىدۇ.

— نېمە ياخشى دېگىنە؟
— تاپتىم، تاپتىم، ئويۇنغۇ؟!
ئويۇن ئويناپ تۇرغاندا
كۆڭۈل يايراپ قالىدۇ.

— نېمە ياخشى دېگىنە؟
— تاپتىم، تاپتىم، كىتابمۇ.
ئۇنىڭدا بار تىل، تارىخ،
جۇغراپىيە، ھېسابمۇ...

— مانا ئەمدى تاپتىڭ سەن،
ئۇ ھەممىدىن ياخشىسى.
كىتابتەك كەڭ بىلىمنى
بېرەلمەيدۇ باشقىسى...

بۇغدا ئابدۇللا

## شوخ باللارغا

بالا بولسا شوخ بولسا،
شوخ بولمىسا، يوق بولسا.
(ماقال)

بۇگۈن ھاسا تۇتقانلار،
تۈنۈگۈنكى شوخ بالا.
سۇغا كىرگەن، ساي كەچكەن،
ئۇلار كۆرگەن ئىش تولا.
قۇلىقىدىن سوزسىمۇ،
يىغلاپ ماقۇل دېسگەنچە،
چىقىپ كېتىپ تالاغا،
ئويۇن ئويناپ بىلگەنچە.
ئەسكى تونۇر كەينىدە،
سامانخانا ئىچىدە،
بىر باشلانسا مۆكۈشمەك،
نەدە ئۇيقۇ كېچىدە.
سەھەر تۇرۇپ ئەتىسى
لاي ئويۇننى باشلىغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

يېرىم ـ يارتا خىش ـ كېسەك،
تامچىلىقتىن ئاشمىغان.

بىر چىرايلىق ئۆي ياساپ،
قورچاقلارنى قىز قىلىپ،
كۆڭلەك تىكىپ پۇرۇچتىن،
ئەركىلىتىپ سۆز قىلىپ.

«يىغلىما» دەپ بەزلىگەن،
«ئۇسساپ كەتسە» سۇ بەرگەن.
«ئۇخلاپ قالسا» قېشىدىن
بىردەم نېرى كەتمىگەن.

ئاندىن ھويلا ـ ئارامدا،
ئىگىز تامدىن سەكرىگەن.
تۇمشۇقلارنى يېرىشىپ
ھېچكىمگە ۋاي دېمىگەن.

چاڭقىغاندا دۈم يېتىپ،
مۇزدەك سۇنى خوپ ئىچكەن.
پىششىق، توڭنى ئىلغىماي،
قورساق كۆپسە بىلمىگەن.

توخۇ سولاپ تونۇرغا،
سۇ بىلەن دان بەرمىگەن.
ئۇنتۇپ كېتىپ بۇ ئىشنى،
ئەسلىگەندە بىر كۈلگەن.

غالدۇر ـ غۇلدۇر شامالدا
دەرەخلەردىن چۈشمىگەن.

يامغۇرلاردا چۆپ - چۆپ سۇ،
ئۆيگە كىرىپ كەتمىگەن.

ھەسەن - ھۈسەن چىققاندا
كۆزىنى بىردەم ئۈزمىگەن.
چاۋاك چېلىپ چۇرقىراپ،
ئۇپۇق سايان يۈگۈرگەن.

بالىلىقنى سۆزلىسە
جىمى ئىشلار ئەينەكتەك،
ئايان بولۇپ بىرمۇ بىر
تۇيۇلىدۇ چۆچەكتەك.

كىچىك ئىدى ئۇلارمۇ،
بۈگۈن كىچىك سىلەرمۇ.
شوخلۇق قىلىش ھەققىڭلار،
شوخلۇق دېگەن گۇناھمۇ؟

شوخ بولۇڭلار بالىلار،
ئوت بولۇڭلار بالىلار،
نۇر چېچىڭلار بالىلار،
يول ئېچىڭلار بالىلار.

توخۇ يۈرەك بولماڭلار،
شىر يۈرەكلىك بولۇڭلار.
باقىۋەندە ئەمەستۇر
ئاتا بىلەن ئاناڭلار.

چېنىقىڭلار پالۋاندەك،
يىقىلساڭلار كېرەك يوق،

يىغلىساڭلار كېرەك يوق،
بىلمىسەڭلار كېرەك يوق.
بىلمىگەننى سورىغان،
سوراپ - سوراپ ھارمىغان،
چىقالايدۇ چوققىغا
بۈركۈتلەرنى دورىغان!
سىلەر ئەلنىڭ ۋارىسى،
سىلەر ئەلنىڭ ئەتىسى،
سىلەر باغنىڭ چېچىكى،
سىلەر باغنىڭ نوتىسى!





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

توختاش بەكرى

## شېئىردى تېپىشماقلار

(1)

ئالتۇن چاچلىق ئاپئاق قىز،
يەر - جاھانغا باققان قىز.
ھاياتلىقنىڭ تېنىگە
قۇۋۋەت بولۇپ ئاققان قىز.
دېرىزىدىن، ئىشىكتىن
ئۆيگە ئۇچۇپ كىرگەن قىز.
گەر كۆز يۇمسا ئانىسى
شۇئان بېرىپ، يوقار تېز.
سۈرئىتىگە ئاۋازمۇ
يېتەلمەيدۇ بەيگىدە.
جاھان يايراپ، جان ياشناپ —
كېتەر،
چىقسا سەيلىگە.
خاسىيەتتە تەڭداشسىز
قانداق قىز ئۇ، تېپىڭ سىز؟!

(2)

دەرىخىم بار باراقسان،
ياپراقلىرى گۈل - كەشتە.

www.uyghurkitap.com

چۈشۈپ بىرى ھەر كۈنى
راۋان بولار كەلمەسكە.
دەرىخىمنىڭ بۇ ئىشى
سىگنال مېنىڭ ئۆمرۈمگە.
تەقدىرىمنى، بەختىمنى
كۆرسىتىدۇ كۆزۈمگە.
ھەربىر ياپراق ئۇچقاندا،
مۇڭلار چۈشەر بېشىمغا.
نېمە بەردىم ئەلگە؟ — دەپ،
رازى بولماي ئىشىمغا.
تېپىڭ، سىزمۇ مانا شۇ
خاسىيەتلىك دەرەخنى.
يېتىڭ ياپراق قەدرىگە
ئېيتاي سىزگە رەھمەتنى.

(3)

قاتار - قاتار كارۋانلار
ماڭىدۇ يول تالاشماي.
قولىدا يوق كومپاسى
ئاشار مەنزىل ئاداشماي.
تاپقاننى تەڭ يېيىشەر،
بىر - بىرىنى يۆلىشەر.
قارشى چىققان دۈشمەننى

بىللە يانجىپ كۆلىشەر.
ئۆزى كىچىك، جانلىقتۇر،
تەشكىلچان ۋە ئاڭلىقتۇر.
بېلى ئىنچىك، پۇتى زىل
ئەمما باتۇر، داڭلىقتۇر.

(4)

تۆمۈرچىنىڭ كۆرىكىدەك
پەسلەيدىغان، ئۆرلەيدىغان.
بىر كۆرەك بار، ھاياتىڭنىڭ
ئوچىقىنى پۈۋلەيدىغان.
ئۇ كۆرەك بار، ئىنسان، ھايۋان —
تىرىكلىكنىڭ ھەممىسىدە.
ئۇ تېشىلسە ئۇتتۇرغىنىڭ
ئىش - چېلىشنىڭ بەيگىسىدە.
شۇڭا ئۇنى ئاسراشنىڭ
بولغىن دائىم غېمىدە سەن!
قانداق ئېسىل كۆرەك ئاشۇ؟
جاۋاب بەرگىن، شادلىناي مەن.

(5)

مېنىڭ ئېسىل تۈگمىنىم بار،
ھۆل - قۇرۇقنى ئىلغىمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرئىككى ئادرېسى

بۇ تۈگمەنسىز ئىش - ئوقىتىم
ھەرگىز ئالغا سىلجىمايدۇ.
ئۇگۇتىنىمۇ قەرەلىدە
قوبۇل قىلار، ئۇنتۇپ قالماس.
تازا ئەمەس ئۇگۇتلەرنى
بوش قالسىمۇ قوبۇل قىلماس.
تۈگمىنىمىنىڭ راۋانلىقى،
ھاياتىمىنىڭ ئامانلىقى.
ئۇ تۈگمەنسىز چاغلىق دېمەك
تاغاڭلارنىڭ پالۋانلىقى.
سىزدىمۇ بار ئاشۇ تۈگمەن
تېپىڭ، ئاسراڭ! خۇش بولاي مەن.

(6)

كاچاتلايدۇ ئاپىڭىز،
سىلاپ - سىپار ئاپىڭىز.
تەرپىنى دەپ بېرەي،
ئەگەر ئويلاپ تاپسىڭىز:
ئۆزى كىچىك قاسقانلىق،
پاكار ئاسمان نامى بار.
كۆزلىرىمۇ تومەنىمىك،
ئېگىز يەردە جايى بار.
يىرىك، غەيرىي نەرسىنى
تۇتۇۋالار، قولى يوق.

سىزمۇ كۆرۈڭ كاچاتلاپ،
ئىشلەۋېرەر خۇيى يوق.

(7)

ئېگىز بىنا، ئېگىز تاغنىڭ
چاپىنىدۇر سېلىنۋەتكەن
ياكى تۇرغۇن ئىستۇلىنىڭ
ئالقىنىدۇر ئېچىۋەتكەن.
ئالما ـ ئۆرۈك، دەرەخلەرنىڭ
ساقىلىدۇر يەردە ياتقان.
زېرەك بالا ھېسابلىنار،
بۇنى دەرھال ئويلاپ تاپقان.

(8)

ئۆردەك ئوخشاش قىلار غات ـ غات،
قورسىقى قات ـ قات.
يەم يېمەيدۇ، سۇ ئىچمەيدۇ،
يەل يەيدۇ پات ـ پات.
ئۆردەك تۇمشۇق تىللىرى بار
بىر ياندا قاتار.
سەدەپ ئوخشاش چىشلىرىمۇ
بىر ياندا چاقنار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئەركىلەتسەڭ ئەركىلەيدۇ
قۇچاقلاپ سېنى.
ناخشا ئېيتساڭ كۈي كۈيلەيدۇ،
بىلسەڭ ئېپىنى.
يەم يېمىگەن، سۇ ئىچمىگەن
قانداق جانىۋار؟
تېپىمىپ باققىن، ئېيتىپ باققىن،
قانداق نامى بار؟

(٩)

بىر ئېتىم بار ئورۇۋقراق،
رەڭگىدۇر جەدە.
يالىمۇ يوق، ئەمما ئۇنىڭ
قۇيرۇقى يەردە.
يەم - چۆپ يېمەس، تېزەكلىمەس
تۇرار باغلاقسىز.
كىشەنلىمەس ھەم، چىشلىمەس ھەم
ئاڭا ئامراق بىز.
سەھەر مىنىپ كۈندە ئۇنى،
سەيلە قىلىمىز.
قۇيرۇقىدا يەر تازلايدۇ،
پەيزى قىلىمىز.
قانداق ئات ئۇ ئىشلەيدىغان
قۇيرۇقى بىلەن؟

كارىمۇ يۇق ئۇسسۇزلۇق ۋە
ئوزۇقى بىلەن؟

تېپىشماقلارنىڭ جاۋابلىرى:

1. كۆن نۇرى؛ 2. كالىندار؛ 3. چۆمۈلە؛ 4. ئۆپكە؛ 5. ئاشقازان؛ 6. ئەلگەك؛ 7. سايە؛ 8. گارمون؛ 9. چىغ سۈپۈرگە.



## ئابدۇسالام توختى

# شېئىرلار

### مېنىڭ ئاپئاق كەپتىرىم

گۈزەل، ئاپئاق كەپتىرىم،
مېنىڭ ئامراق كەپتىرىم.
قانات قېقىپ ئۇچ هامان،
تىنچلىقىم، بەختىم، جېنىم!

سۆيىمەن سېنى جاندەك،
سېنى سۆيەر هەر يۈرەك.
ئۇچ كەپتىرىم، جاهانغا —
تا ئەبەت تىنچلىق كېرەك.

مېنىڭ قاراقات كۆزلۈك،
ئەزىز دوستۇم، ئاق كەپتەر.
ئاق كۆڭۈل ئىنسانلارغا
شاد بەختىمدىن بەر خەۋەر.

گۈزەل، ئاپئاق كەپتىرىم،
قەلبىم ئامراق كەپتىرىم!

ئۇچقىن چەكسىز ئاسمانداه،
تىنچلىقىم، بەختىم، جېنىم!

**شىنجاڭ ئوغۇل - قىزلىرى**

بايدۇر ئېسىل خىسلەتكە
شىنجاڭ ئوغۇل - قىزلىرى.
تولغان كۆچكە - غەيرەتكە
شىنجاڭ ئوغۇل - قىزلىرى.

مەكزى قىزىل ئاناردەك،
قەلبى گۈزەل باهاردەك،
قەددى مەزمۇت چىناردەك،
شىنجاڭ ئوغۇل - قىزلىرى.

ئىلىم - پەنگە ئىشتىياق —
قەلبىدە يانغان چىراغ
ياشايدۇ زەپ شاد، ئىناق،
شىنجاڭ ئوغۇل - قىزلىرى.

ئەلگە مېھرى زور گۈلخان،
ئىش - ئەمگەكتە چېنىققان.
چۆلنى ئەيلەر گۈلىستان،
شىنجاڭ ئوغۇل - قىزلىرى.

1989 - يىل 11 - ئاي

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئەخەت ھاشىم

## «بۈزغۈنچى»

(ھېكايە)

### ئاتا - بالىنىڭ غەلىتە مىجەزى

توقۇمىچىلىق ئىشچىسى بۈسارەمنىڭ ئەسئەت ئىسىملىك يۈزى دۈپدۈگىلەك، كۆزلىرى يوغان، ئوماققىنا بىر ئوغلى بار. بۇ بالىنىڭ مىجەزى ئاجايىپ! بىر كۈنى ئۇ ئۆيدە تاماق يەپ ئولتۇرۇپ:

— ئاپا، ئادەم نېمىشقا ھەر كۈنى تاماق يەيدۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— شۇنىمۇ بىلمەمسەن؟ تاماق يېمىسەڭ ئۆلىسەن! — دېدى ئاپىسى. لېكىن ئەسئەتنىڭ دادىسى سېلىم ئاكا بولسا ئالدىرىماي چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— ئوغلۇم، ماشىنىغىمۇ بېنزىن قۇيمىسا ماڭمايدۇ، ئادەممۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، بىز يەۋاتقان تاماقلاردا ئادەمگە كۈچ - قۇۋۋەت بېرىدىغان ھەرخىل ئوزۇقلۇق ماددىلار بار. ئادەم ئاشۇ ئوزۇقلۇقنىڭ كۈچى بىلەن ئۆرە تۇرالايدۇ، ماڭالايدۇ، ئىش قىلالايدۇ. ئەگەر تاماق يېمىسە

بۇ كۆچ - قۇۋۋەت نەدىن كېلىدۇ؟ بۇ كۆچ - قۇۋۋەت بولمىسا ئاپاق ئېيتقاندەك ئادەم ئۆلۈپ قالىدۇ!

ئەسئەت قايىل بولغاندەك كۈلۈپ قويۇپ يەنە سورىدى:

— دادا، ئاۋۇ يېپىنى تارتساق لامپۇچكا يانىدىكەن، ئىچىدە ئوت بارمۇ؟

— چىراغنى ياقماي قاراڭغۇدا ئولتۇرامتىڭ؟! ئاغزىڭغا نېمە كەلسە شۇنى سورايدىكەن! — بۇسارەم ئۇنىڭ سوئاللىرىدىن زېرىكىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى - دە، قاچا - قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى. سېلىم ئاكا يەنىلا ئالدىرىماي كۈلۈپ تۇرۇپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— ئۇنىڭ ئىچىدە ئوت يوق ئوغلۇم. قارا، ئاۋۇ ئىككى سىمدىكى توك ئېقىملىرىنىڭ بىرى مىنۇس، بىرى پىلۇس. سەن يېپىنى تارتقاندا، مىنۇس بىلەن پىلۇس قوشۇلۇپ توك ھاسىل بولىدۇ - دە، چىراغنى ياندۇرىدۇ. ئىككىسى قوشۇلمىسا توك ھاسىل بولمايدۇ...

— ئەمدى بىلىۋالدىم، دادا، — دېدى ئەسئەت خۇشال بولۇپ كېتىپ ۋە يەنە سورىدى، — ئاسماندىكى يۇلتۇزلار كېچىسى چىقىدىكەن، كۈندۈزى نەگە قېچىپ كىرىپ كېتىدۇ؟

— ۋاي - ۋۇي... تازىمۇ قۇم قازى ئىكەنغۇ بۇ! — دېدى قاچا يۇيۇۋاتقان ئاپىسى ئۇنىڭغا ئالىيىپ، — ئويلىمايدىغان نېمەڭ يوق ئىكەنغۇ سېنىڭ!

— ئوغلۇم، يۇلتۇزلار كۈندۈزى ھېچ يەرگە قېچىپ

كىرىپ كەتمەيدۇ، — سېلىم ئاكا ئالدىرىماي چۈشەندۈ-
رۈشكە باشلىدى، — پەقەت كۆزىمىزگە كۆرۈنمەيدۇ. نېمە ئۈچۈن دېسەك، كۈندۈزى قۇياشنىڭ ئۆتكۈر نۇرى ھەممە يەرنى يورۇتۇۋەتكەندىن كېيىن ناھايىتى يىراقتىكى يۇلتۇزلارنىڭ ئاجىز نۇرى كۆرۈنمەي قالىدۇ. بۇ خۇددى يۈز ۋاتلىق لامپوچكىنىڭ يېنىغا كىچىككىنە شامنى يېقىپ قويسا كۆرۈنمەي قالغاندەك ئىش!

ئەسئەت يەنە نېمىلەرنىدۇ سورىماقچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللەۋاتاتتى، ئۈنسىزغىچە مىجەزى چۈس، ئالدىراڭغۇ ئاپىسى:

— بولدى، بولدى! كىچىك بالا دېگەن بۇنداق يېتىم ئاقسا قال بولمايدىغان، چوڭ بولغاندا بىلىۋالىسەن، ھازىر ئويۇنىڭنى ئويناشنى بىل، — دەپ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويدى.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتتى. ئەسئەت مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ، خېمىر يۇغۇرۇۋاتقان ئاپىسىنىڭ قېشىغا كەلدى - دە:

— ئاپا، ئادەمنىڭ كۆزى كىچىككىنە تۇرۇپ نېمىشقا شۇنچە يوغان يەرنى كۆرەلەيدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئوھۇش، نېرى بارغىنا! — دېدى بوسارەم تېرىكىپ، — ساڭا جاۋاب بەرگىلى كىمنىڭ چولىسى، ئاۋۇ زېرىكمەيدىغان داداڭدىن سورا، ماڭ!

ئەسئەت نېمە قىلىشنى بىلمەي خىجىل بولۇپ تۇرۇپ قالدى.

سېلىم ئاكا ھەقىقەتەن ئاسانلىقچە تېرىكمەيدىغان ئېغىر - بېسىق، خۇش خۇي ئادەم ئىدى. ئۇ قولىدىكى

گېزىتنى تاشلاپ قويۇپ، ئوغلىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىشكە باشلىۋىدى، بۇسارەم تېخىمۇ تېرىكىپ كەتتى:

— ۋاي خۇدايىم، بۇ ئاتا - بالىنىڭ غەلىتە مىجەزىنى قانداقمۇ قىلارمەن! ماۋۇ ئادەمنىڭ ئىچى پۇشماي مۇشۇ بىرنېمىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىپ ئولتۇرغىنىنى قاراڭلار، ئىشلىرىنى قىلىسىلا بولمامدۇ!

— ھەي... ئۇنداق دېمە خوتۇن، — دېدى سېلىم ئاكا مۇلايىملىق بىلەن، — بۇنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا ئۆزۈڭ جاۋاب بەرمەيسەن، مەن جاۋاب بەرسەم ئۇنىمايسەن. بۇ تازىمۇ يولسىزلىققۇ.

— ئىشتىن ھېرىپ ئاران كەلگەندە بىكارلا بىر نېمىلەرنى سوراپ ئادەمنىڭ بېشىنى ئاغرىتىپ نېمە قىلىمدۇ ئۇ؟

— قىزىق گەپ قىلىدىكەنسەن. بالىنىڭ كۆپ سوئال سورىغىنى يامان ئىش ئەمەس. «سورىغان بىلىم ئاپتۇ، سورىمىغان كېيىن قاپتۇ» دېگەن گەپنى بىلمەمسەن؟ ئەقىللىك بالا كۆپ سورايدۇ. ھېچنېمىنى ئويلىمايدىغان، بىرنەرسىنى چۈشەنسىمۇ - چۈشەنمىسىمۇ چاتاقى يوق يۈرىۋېرىدىغان، يەپ - ئىچىپ ئويناشنىلا بىلىدىغان بالا ياخشى ئەمەس!

بۇسارەم نېمىلەرنىدۇر غۇدۇڭشىپ قويدى. بۇ سادە ئەمما تەرسا ئاپا ھەرقانچە تېرىكمىسۇن، ئوغلى ئەسئەت توختىماي سوئال سورايدىغان، سېلىم بولسا ئېرىنمەي جاۋاب بېرىدىغان بۇ غەلىتە ئاكا مىجەزىنى زادىلا ئۆزگەرتەلمىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى

## «بۇزغۇنچى» دېگەن نامنىڭ پەيدا بولۇشى

يىللار ئۆتۈپ ئەسئەت ئون ئىككى ياشقا كىرىپ قالدى. ئەمدى ئۇ تۆتىنچى سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىدى. ئۇ مەكتەپتىمۇ دائىم ئوقۇتقۇچىلىرىدىن سوئال سوراپ تۇراتتى، ئۇنىڭ بۇ ھەجەزىنى ئوقۇتقۇچىلىرىمۇ ئالاھىدە ماختايتتى. ئۇ بارا ـ بارا ھەرخىل نەرسىلەرنى ياسايدىغان ۋە بەزى نەرسىلەرنى چۇۋۇپ، ئىچىنى ئېچىپ كۆرۈپ باقمىغۇچە كۆڭلى تىنمايدىغان بىر خىل ئادەتنى ئۆزلەشتۈرۈۋالدى. بەزىدە خەق تاشلىۋەتكەن بۇزۇق قۇلۇپلارنى تېپىۋېلىپ ئېرىنمەي چۇۋۇپ، ئىچىنى تەك ـ شۈرۈپ چىقاتتى. رادىئو رېمونت قىلىش ھەققىدىكى كىتاب ـ لارنى قولدىن چۈشۈرمەي ئوقۇپ چىقىپ، ئۆيىدىكى را ـ دىئونىڭ ساندۇقىنى ئاچاتتى ـ دە، ئۇنىڭ زاپچاسلىرىغا قاراپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. بەزىدە ھەرخىل قاتتىق قەغەز ۋە پارچە ـ پۇرات تاختايلاردىن تانكا، پاراخوت، ئايروپىلان، ھەرخىل قۇشلارنى ياسايتتى.

ئۇ بىر كۈنى ئۆزى ياسىغان ئويۇنچۇقلىرىدىن بىر ـ نەچچىسىنى ئۇستەلگە قاتار تىزىپ قويۇپ، ئۆزىچە خۇشال چاۋاك چېلىپ، سەكرەپ كەتتى. بۇ چاغدا ئاپىسى تېرىكىپ:

— ھەي، ساراڭمۇ سەن! ئۆينى پاسكىنا قىلىپ ئەم ـ دى بۇ بىرنېمىلەرنى ياسىغىلى تۇردۇڭمۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

— ھەي ئاپىسى، سەن نېمىشقا چۈشەنمەيسەن؟ — دېدى سېلىم ئاكا كۈلۈپ كېتىپ، — بۇنىڭ ياساۋاتقان نەرسىلىرىنى سەن بىلەن مەنمۇ ياسىيالمايمىز. ئۇ دەرسلىرىنى ئوبدان ئوقۇۋاتىدۇ، تاپشۇرۇقلىرىنى ۋاقتىدا ئىشلەۋاتىدۇ، بوش ۋاقىتلىرىدا مۇشۇنداق نەرسىلەرنى ياساپ ئوينىسا زېھنى ئېچىلىدۇ ئەمەسمۇ؟

— بۇنداق پايدىسى يوق نېمىلەرنى ياساپ نېمە قىلىدۇ؟ — دېدى بۇسارەم يەنە تەرسالىق بىلەن.

سېلىم ئاكا ئوغلىنىڭ ياسىغان نەرسىلىرىنى قولىغا ئېلىپ سىنچىلاپ قاراپ چىققاندىن كېيىن كۈلۈپ:

— ناھايىتى ئوبدان ياساپسەن ئوغلۇم! — دېدى.

كېيىن ئەسئەت تەبىئەت دەرسىدە ئوقۇغانلىرىنى تەجرىبە قىلىشقا كىرىشتى. بىردەم كۈرۈشكىگە لىق سۇ قۇيۇپ، ئاغزىغا بىر ۋاراق قەغەزنى ياپاتتى-دە، كۈرۈشكىنى ئۈتتىك دۈم قىلاتتى، سۇ تۆكۈلمىگەندىن كېيىن خۇشال بولۇپ:

— دادا، دادا، قارا، سۇ تۆكۈلمىدى. تەبىئەت دەرسىدە ئوقۇتقۇچىمىز بىزگە ھاۋانىڭ بېسىمىنى سۆزلەپ بەرگەن، مانا راست ئىكەن! — دەپ ۋارقىراپ كېتەتتى؛ بەزىدە كۈرۈشكىگە يېرىم ئىسسىق سۇنى قۇيۇۋېلىپ، ئاغزىغا بىر پارچە ئەينەكنى يېپىپ قوياتتى-دە، بىردەمدىن كېيىن ئېلىپ:

— مانا دادا، سۇ پارغا ئايلانغاندىن كېيىن يەنە سۇ بولىدىكەن، ئوقۇتقۇچىمىزنىڭ سۆزلەپ بەرگىنى بىلەن ئوخشاش چىقتى! — دەپ خۇشال سەكرەپ كېتەتتى.

www.uyghurkitap.com

— تووا، بۇ بالا چوك بولسا قانداق گادەم بولۇپ قالار؟ يوقلاك ئشلارنىلا قلىپ يۈردۇ!— دەپ غۇدۇڭ- شىپ قوياتتى بۇسارەم. لېكىن ئەسئەتنىڭ كېيىنكى بىر ئىشى تېردكىپ ئاران تۇرغان ئاپىسىنى تېخىمۇ غەزەپ- لەندۇرۇۋەتتى.

بىر يەكشەنبەكۈنى ئىدى. ئاتا-ئانىسى تويغا كېتىپ، ئۆيدە ئەسئەت يالغۇزلا قالدى. ئۇ بىردەم كىتاب ئوقۇ- غاندىن كېيىن «ئەمدى نېمە ئىش قىلاي» دېگەندەك ئەتراپىغا كۆز تاشلىدى. ئۇنىڭ كۆزى بىردىنلا ھويلىدا تۇرغان دادىسىنىڭ ۋېلىسىپىتىغا چۈشتى. ئۇ خۇددى بىر نەرسە تېپىۋالغاندەك خۇشال كۈلۈمسىرەپ قويۇپ دەرھال سايمانلىرىنى ئېلىپ چىقتى-دە، ۋېلىسىپىتىنى ئاستا چۇۇۇشقا باشلىدى. چىقارغان زاپچاسلارنى ئۆز رېتى بىلەن بىر چەتكە تىزدى. ئۇ بىرھازا ئاۋارە بولۇپ، ۋېلىسىپىتنى ئاخىر چۇۋۇپ بولدى. پېشانىسىدىكى تەر- لىرىنى سۈرتۈۋېتىپ بىر پەس ئارام ئېلىۋالغاندىن كېيىن، ۋېلىسىپىتنى قۇراشتۇرۇشقا كىرىشتى. چۇۋۇش ئوڭاي بول- غان بىلەن قۇراشتۇرماق ناھايىتى تەس ئىكەن! ئۇ ۋېلى- سىپىتنى قۇراشتۇرۇپ بولغۇچە كۈنمۇ خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى. لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر، ئىككى دانە كىچىك ۋىنتا ئېشىپ قالدى. بۇ قەيەرنىڭ بولغىيتى؟ دەل شۇ پەيتتە ئاتا-ئانىسى كېلىپ قالدى.

— نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن، ئوغلۇم؟— دېدى سىلىم ئاكا تەرلەپ-پىشىپ يۈزلىرى پوكاندەك قىزىرىپ كەت- كەن ئوغلىغا قاراپ.

— ۋېلسىپىتنى قۇراشتۇرۇشنى ئۆگىنىۋالاي دەپ
چۇۋۇپ باقتىم دادا. ماۋۇ ئىككى تال ۋېنتا ئېشىپ قالدى،
قەيەرگە سېلىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن.

— مانا دېمىدىممۇ؟ بىلمەيدىغان نەرسىلەرگە
ئارىلاشما دېسەم ئۇنىماي، ئەمدى بىر ئوبدانلا ۋېلسىپىتنى
بۇزۇپسەن!— دەپ ۋارقىراپ كەتتى ئاپىسى.

— نەدە بۇزدۇم، تۈزەپ قويدۇمغۇ مانا!— دېدى
ئەسئەت يەرگە قاراپ.

— سەن زادى بىزگە زىيان سېلىشتىن باشقىنى بىلمەي-
دىغان «بۇزغۇنچى» بولدۇڭ!— دېدى ئاپىسى ئەسئەتنىڭ
پېشانىسىگە نوقۇپ.

— بولدى، بولدى،— دېدى سېلىم ئاكا،— قېنى
مەن كۆرۈپ باقاي!

سېلىم ئاكا ۋېلسىپىتنىڭ ھەممە يېرىگە سىنچىلاپ
قاراپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىگە چۈشىدى-
غان ئىككى تال ۋېنتىنىڭ كەم ئورنىتىلغانلىقىنى كۆردى.
شۇنىڭدىن كېيىن ئەسئەت بىر چاقنى قايتىدىن چىقىرىپ
ۋېنتىلارنى ئۆز جايىغا ئورناتتى. لېكىن بۇسارەم سېلىم
ئاكىنى توختىماي ئەيىبلىگىلى تۇردى:

— نېمە قىلىمەن دېسە ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىپ
يامان ئۆگىتىۋەتتىلە. كىچىك بالىنىڭ بۇنداق ئىشلار
بىلەن نېمە چاتىقى! زادى گۇناھ سىلىدە!

— ئەخمەق ئىكەنسەن، كوچىغا چىقىپ بالىلار بىلەن
مۇشتلىشىپ، ياقا يىرتىشىپ يۈرگىنىدىن بۇ ئىشلارنى قىل-
غىنى ياخشى ئەمەسمۇ؟ بۇ بالىدىكى ياخشى خىسلەت!

— نېمىسى ياخشى خىسلەت؟ ئۆيىمىزدىكى «بوز-غونچى» بولۇپ چىقتى بۇ! قاراپ تۇرسىلا، ئاخىر ھەممە نەرسىنى بۇزدىدۇ بۇ «بۇزغۇنچى!»

— بۇنداق دېيىشىڭ توغرا ئەمەس!— دەپ كۈلدى سېلىم ئاكا.

شۇ كۈندىن باشلاپ بۇسارەم ئۆز ئوغلى ئەسئەتنى «بۇزغۇنچى» دەيدىغان بولۇۋالدى.

## تەگمىشش ۋە كېلىشىم

بىر كۈنى سېلىم ئاكا بىلەن بۇسارەم ئاز-پاز تەگىشىپ قالدى. بۇنىڭغا يەنىلا مۇشۇ «بۇزغۇنچى» سە-ۋەب بولغانىدى.

سېلىم ئاكا ئىشتىن قايتىپ كەلگەندە، بۇسارەم ھەدەپ ئەسئەتنى تىللاۋاتاتتى. ئەسئەت بولسا بېشىنى ساڭگىلىتىپ يىغلامسىراپ تۇراتتى. ئۈستەلنىڭ ئۈستىدە پۇتۇنلەي چۇۋۇلغان ئۈستەل سائىتى تۇراتتى. ئەسئەت دادىسىنىڭ ئىشتىن قايتىپ كەلگىنىنى كۆرۈپ «ياردەمچىم كەلدىغۇ» دېگەندەك يېنىك بىر نەپەس ئېلىپ دادىسىغا قاراپ قويدى.

— نېمە بولدى؟— سوردى سېلىم ئاكا چاپانلىرىنى سېلىپ ئاسقۇغا ئېلىپ قويغاندىن كېيىن.

— نېمە بولاتتى،— دەپ توختىماي سۆزلەپ كەتتى ئاچچىقىدىن چىرايى تاتىرىپ، بۇرۇن تۆشۈكلىرى بىر كېڭىيىپ، بىر تارىيىپ تۇرغان بۇسارەم،— كۆرمەي-

ۋاتاملا؟ ماۋۇ «بۇزغۇنچى» ئەمدى سائەتنى چۇۋۇپتۇ! مەن ئۇنى «بۇزغۇنچى» دېسەم سىلى زادىلا ئىشەنمەيلا. مانا كۆرسىلە ئەمدى ئۈستەل سائىتىنى كېرەكتىن چىقىرىپىپتۇ!

سېلىم ئاكا «شۇنچىلىك ئىشمىدى؟» دېگەندەك قىلىپ مېيىغىدا كۈلۈپ قويۇۋىدى. بۇ كۈلكە يارىنىڭ ئۈستىگە تۇز سەپكەندەك بۇسارەمنىڭ ئوغىسىنى قايىنىتىۋەتتى.

— جېنىمنى چىقىرىپ كۈلۈۋاتقىنىنى تېخى! تويدۇم، ئاتا-بالىنىڭ بۇ غەلىتە مىجەزىدىن خۇيما تويدۇم!

—ئۇنچىۋالا چېچىلىپ كەتمە خوتۇن،— دېدى سېلىم ئاكا يەنە بىر خىلدا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، — ۋارقىراپ-جارقىراپ كەتسەڭ، نېمە ئىش بولدىكىن دەپ چۆچۈپ كېتىپتىمەن، ئۇن بەش كويغا ئالغان سائەتنى ئۇن سەككىز يىل ئىشلەتتۇق. ئۇنىڭدا يەنە نېمە ھەققىمىز قالدى، بۇزۇلسا بۇزۇلمامدۇ؟

— تووۋا... ماۋۇ ئادەمنىڭ دەۋاتقان گېپىنى! قاراپ تۇرۇپ يەنە «بۇزغۇنچى» غا يان بېسىۋاتقىنىنى! ھەققىمىز قالمىغان بولسا كوچىغا ئاچىقىپ چۆرۈۋەتمىسىلە! مەن بىرنى ئىككى قىلالماي ھەلەك، بۇ «بۇزغۇنچى» بارنى بۇزۇپ ھەلەك! نېمە قىلساڭلار قىلىڭلار، ئەمدى چاتىقىم يوق!— بۇسارەم خاپا بولۇپ ئاشخانا ئۆيگە چىقىپ كەتتى.

سېلىم ئاكا ئۈستەل ئۈستىدىكى سائەتكە قاراپ قويۇپ مۇلايىملىق بىلەن سورىدى:

— سائەتنى نېمىشقا چۇۋۇدۇڭ ئوغلۇم؟

www.uyghurkitap.com

— سائەتنىڭ ئىچىنى تازىلاپ قوياي دەپ چۇۋۇغان دادا. يەنە ياساپ قويسام بولمىدىمۇ؟

— ۋاھ، خېلى ئىشەنچلىك گەپ قىلىسەنغۇ، راستلا ياسىيالامسەن؟

— ياسىمايچۇ، بىر ساۋاقدىشىمنىڭ ئۆيىدىكى سائەتمۇ بۇزۇلۇپ قاپتىكەن، چۇۋۇپ ياساپ بەردىم، ساۋاقدىشىمنىڭ ئاپىسى خۇشال بولۇپ مېنى ماختاپ كەتتى. مۇشۇ ئاپاملا ماڭا ئىشەنمەيدۇ!

سېلىم ئاكا كۈلۈپ:

— ماقۇل، ئۇنچىلىك كارامىتىڭ بولسا ياخشى. ھازىر بۇلارنى يىغىشتۇرۇپ قوي، كەچتە مەن قاراپ ئولتۇراي، سەن ياسىغىن،— دېدى - دە، ئۈستەلدىكى سائەت زاپچاسلىرىنى يىغىشتۇرماقچى بولۇپ قولىنى ئۇزىتىۋىدى، ئەسئەت دەرھال:

— تۇتما دادا، مەن بۇلارنى ئۆز رېتى بىلەن قويۇپ قويدۇم. ئارىلىشىپ كەتسە قۇراشتۇرغاندا ئېزىپ قالىمەن،— دېدى.

سېلىم ئاكا ئوغلىنىڭ ئەقلىگە قايىل بولۇپ كۈلۈپ قويدى ۋە ئاشخانا ئۆيگە ماڭدى.

تاماق تەرەددۇتىنى قىلىۋاتقان بۇسارەم سېلىم ئاكىغا ئالىيىپ قاراپ قويدى.

— قىزىقسەن - دە، خوتۇن! ئۇ سائەتنى بۇزماپتۇ، ئىچىنى چۇۋۇپ تازىلاپتۇ. ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق تېرىكمىۋەرمە!

— بولدى، ئەزەلدىنلا ئاتا - بالا ئىككىڭلارنىڭ تىلى

بىرا— دېدى بۇسارەم چالۋاقاپ— ئۇنى توسماي مۇ-
شۇنداق ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىدۇەرسىلە، ئەتە-ئۆگۈن
ئۆيدىكى رادىئو، تېلېۋىزورلارنىمۇ كېرەكتىن چىقىرىدۇ،
ئۇ چاغدا پۇشايمان قىلغان بىلەن ئورنىغا كېلەمدۇ؟
— ئانىسى، ئويلىغىنا، بىر قۇشقاچنى تۇتۇش ئۈچۈن-
مۇ بىر سىقىم تېرىقنىڭ مەرىدىن كەچمەي بولامدۇ؟
بالىنىڭ بۇ قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ سەپمەيلى، ئۇ تېخى
ساۋاقدىشىنىڭ ئۆيىدە بىر سائەتنى ياساپ بېرىپتۇ، سەن
بىلەن بىز بىلمىگەن بىلەن ئۇنىڭ قورسىقىدا خېلى
ھۈنىرى بار ئوخشايدۇ.
— مەن ئىشەنمەيمەن، ئۇنىڭ بۇزۇشتىن باشقا يەنە
نېمە ھۈنىرى بولسۇن؟!
شۇ كۈنى كەچتە سېلىم ئاكا قاراپ ئولتۇردى.
ئوغلى تەمتىرىمەي سائەتنى قۇراشتۇرۇشقا كىرىشتى.
ئۇنىڭ قوللىرى خۇددى ئۇستا سائەتچىنىڭ قوللىرىدەك
چاققان ھەرىكەت قىلاتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي قۇراشتۇرۇلۇپ
بولۇنغان سائەت بىر خىلدا چىكىلداپ مېڭىشقا باشلىدى.
خۇشال بولۇپ كەتكەن سېلىم ئاكا سائەتنى كۆتۈرۈپ
بۇسارەمنىڭ قېشىغا كەلدى:
— مانا كۆردۈڭمۇ؟ «بۇزغۇنچى» نىڭ كارامىتى
بارمىكەن؟
بۇسارەم سائەتكە قاراپ قويۇپ:
— چۆچىنى كۈزدە سانىسلا. كىم بىلىدۇ، ھازىر
ماڭغاندەك قىلغىنى بىلەن ئەتە توختاپ قالامدۇ
تېخى— دېدى.

— نېمىدېگەن تەرسا خوتۇنسەن! — دېدى سېلىم ئاكا ئەمدى خاپا بولۇپ، — ئۆز ئوغلۇڭنىڭ ئەقلىگە ئىشەنمىسەڭ، ئۇنى ماختاشنىڭ ئورنىغا كەمسىتسەڭ، پاكىتنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ئىقرار قىلمىساڭ نېمە دېگىلى بولىدۇ؟!

بۇ تەگىشىش خېلى ئۇزۇن داۋام قىلدى، سېلىم ئاكا يېتىپ قالغاندىن كېيىنمۇ ئۇزۇنغىچە ئۇخلىيالمىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن ئوغلىنىڭ ئەقلىگە ئىچ-ئىچىدىن خۇشال بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن خوتۇنىنىڭ تەرسالىقىغا خاپا بولاتتى. قانداق قىلىش كېرەك، ئۇنىڭ بىلەن تەگىشىۋېرىش كېرەكمۇ؟ ياق. ئۇمۇ ئاستا-ئاستا چۈشىنىپ قالىدۇ، دەپ ئويلىدى. ئەتىسى سېلىم ئاكا ئوغلىنى چاقىرىپ:

— مەن سېنىڭ بۇنداق ھەۋەسلىرىڭنى ناھايىتى قوللايمەن. بىراق ئاپاڭ ساددا ئايال. ئۇ كېيىنچە چۈشىنىپمۇ قالار. لېكىن ئۇنىڭ بىلەن تەگىشىۋېرىش ياخشى ئەمەس. مېنىڭچە، بۇندىن كېيىن بەزى نەرسىلەرنى ئىككىمىز بىللە قىلايلى، ئىلاج بار ئاپاڭ كۆرمىسۇن، بىلەلمىگەنلىرىڭنى قورقماي مەندىن سورا، مۇشۇنداق كېلىشسەك قانداق دەيسەن؟ — دېدى.

## «بوزغۇنچى» نىڭ كارامىتى

يازلىق تەتىل بولغانىدى. بۇسارەم «بوزغۇنچى»نى ئېلىپ، يېزىدىكى تۇغقانلىرىنى يوقلاپ باردى. يېزىغا كەلگەن بىرىنچى كۈنىلا ئەسئەتنىڭ كۆزى تاغىسىنىڭ

ئۆيدىكى تاختا بېشىدا توپا بېسىپ تۇرغان رادىئوغا چۈشتى. ئۇ ئاستا بېرىپ رادىئونى قولىغا ئېلىۋىدى، تاغىسى:

— ناخشا ئاڭلىغۇڭ كېلىۋاتامدۇ، ئوغلۇم؟ ئۇ بۇزۇلۇپ قالغان رادىئو. سىلەر كەلگۈچە ياسىتىپ قوياي دېۋىدىم، شۇنىمۇ قىلالمىدىم. بۇ يەردە رادىئو رېمونت قىلىدىغان تۈزۈكرەك دۇكان يوق، ناھىيە بازىرىغا بېرىشقا چولام تەگمىدى،— دېدى.

— نەرى بۇزۇلۇپ قالدىكىن، مەن ئىچىنى ئېچىپ قاراپ باقايمۇ، تاغا؟

— تەگمە!— دەپ ۋارقىرىدى بوسارەم كۆزلىرىنى ئالايتىپ،— يەنە كونا كېسىلىڭ قوزغىلىۋاتىدۇ-ھە!

— مەيلى، تۈزىيەلىسە تۈزەپ باقمامدۇ،— دېدى تاغىسى كۈلۈپ.

— ياق-ياق، رادىئونى تۇتما!— بوسارەم ئەسئەتنىڭ تاغىسىغا قاراپ سۆزلەپ كەتتى،— سىلەر ئۇقمايسىلەر، بۇ ئاجايىپلا بىر بالا بولۇپ قالدى. ئەتىدىن-كەچكىچە مۇشۇنداق رادىئو، سائەت، ۋېلىسىپىتلار بىلەن ئېتىشىپ باقىدۇ، ھەيرانمەن، ئۇ بۇ ئادەتنى زادىلا تاشلىمىدى، توۋا...

— بۇنداق نەرسىلەرگە قىزىقسا ياخشى ئەمەسمۇ؟— بۇ ناھايىتى ياخشى ئادەت،— دېدى ئەسئەتنىڭ تاغىسى كۈلۈپ،— ئەقىللىك بالا شۇنداق قىلىدۇ، بۇ، كەلگۈسىدە ئالىم بولامدۇ تېخى!

ئۆيدىكىلەر ئەسئەتكە قاراپ كۈلۈشۈپ قويدى.

www.uyghurkitap.com

بۇ كۆنى ئاپىسى ئەسئەتكە رادىئونى تۇتقۇزمىغان بولۇسىمۇ، لېكىن ئۇ «بىر كۆنى ئەمەس، بىر كۆنى بۇ رادىئونى تەكشۈرۈپ بېقىپ، چوڭ چاتاق بولمىسا چوقۇم تۈزەيمەن» دېگەن نەرسىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى.

بىرنەچچە كۆندىن كېيىن تەلىيىگە ناھايىتى ئوبدان پۇرسەت چىقتى، ئۆيدىكى ھەممەيلەن ھاممىسىنىڭ ئۆيىگە پەتلەپ باردىغان بولدى. «جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا» دېگەندەك، ئەسئەتنىڭ قەستى رادىئودا بولغاچقا، ئۇلار بىللە بارغىن دەپ ھەرقانچە زورلىسىمۇ، ئەسئەت بارغىلى ئۇنىماي ئۆيدە يالغۇز قالدى. ئاپىلىرى كەتكەندىن كېيىن، يۈگۈرۈپ بېرىپ رادىئونى قولىغا ئالدى. ھويلىدا ئولتۇرۇپ ئىچىنى ئېچىپ قارىۋىدى، ھەممە يېرى ساق، نېمىشقا ئاۋازى چىقمايدۇ؟ ئىزدە ـ ئىزدە، ئاخىر مىنۇس سىمىنىڭ ئۈزۈلگەنلىكىنى تاپتى ـ دە، خۇشال بولۇپ سەكرەپ كەتتى. ئۇ يانچۇقىدا ساقلاپ يۈرگەن مىس سىمدىن ئازراقىنى ئۈزۈۋېلىپ، رادىئونىڭ ئۈزۈلگەن مىنۇس سىمىغا تۇتاشتۇرۇپ بېقىۋىدى، گىژىلدىغان ئاۋاز چىقتى، شۇندىن كېيىن ئۇ سىمنى ئوتتا قىزىتىپ داغماللاشقا باشلىدى. شۇ تۇرقىدا ئۇ ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇپ كەتكەنىدى...

كەچقۇرۇن ئاپىلىرى قايتىپ كېلىپ ھەيران قېلىشتى. ئەسئەت باراڭنىڭ ئاستىدا كۈلۈپ ياتاتتى. بىر چەتكە قويۇلغان رادىئودىن جاراڭلىق ناخشا ياڭراۋاتاتتى.

— بەللى،... رادىئونى تىلغا كىرگۈزۈۋېتىپسەنغۇ

ئوغلۇم!— دەپ خۇشال كۈلۈپ كەتتى تاغىسى.
— ھەممە يېرى ساق ئىكەن، بىرلا سىمى ئۈزۈلۈپ كېتىپتىكەن، شۇنى ئۇلاپ قويدۇم تاغا.
— مانا، بىلگەن ئادەمگە ھېچگەپ ئەمەس - تە! بىز ئۇنىڭ تىلىنى بىلمىگەندىن كېيىن، بۇزۇلدى دەپ يۈرۈۋېرىپتۇق، باركاللا ئوغلۇم!
ئاپىسى ئۇنىڭ كارامىتىنى كۆرگەندىن كېيىن «ھەي... مەن راستلا ئۇنى كەمسىتىپ يۈرگەن ئوخشىمامدىمەن؟» دەپ ئويلىنىپ قالدى.
مۇشۇ ئىشتىن كېيىن ئەسئەتنىڭ رادىئو رېمونت قىلالايدىغانلىقى توغرىسىدا يېزا - يېقىنغا گەپ تارقالدى. ئىككى كۈن ئۆتۈپ بىر قوشنىسى:
— ئوغلۇم، سېنى رادىئو ئوڭشىيالايدىكەن، دەپ ئاڭلىدىم. مېنىڭ رادىئويۇمنى كۆرۈپ باققىنا. تەگشىگۈچىسى زادىلا ئۇيان - بۇيان ماڭمايدىغان بولۇۋالدى،— دەپ رادىئونى كۆتۈرۈپ كىردى.
ئەسئەت رادىئونى ئېچىپ تەكشۈرۈپ، تەگشىگۈچنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ بېرىدىغان يىپنىڭ ئۈزۈلگەنلىكىنى بايقىدى. ئۇ كونىراپ كەتكەن بۇ يىپنى ئېلىۋېتىپ، دۇتارنىڭ تارىسىنى ئۆتكۈزۈپ ئوڭشاپ بەردى. رادىئو بىردەمدىن كېيىن ھەممە ئىستانسىلارنى ئالالايدىغان بولۇپ جاراڭلاپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەسئەتنىڭ داڭقى چىقىپ، دېھقانلار ھەر كۈنى دېگۈدەك بۇزۇلۇپ قالغان رادىئولىرىنى كۆتۈرۈپ كېلىدىغان بولدى. ئۇ ئۇن كۈننىڭ ئىچىدە بەش - ئالتە رادىئونى تىلغا كىرگۈزۈپ، دېھقانلارنى ھەيران قالدۇرۇۋەتتى. تۈزدىيەلمىگەنلىرىنىڭ

سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ قويدى. ئۇ يەنە بەزلەرنىڭ ۋېلسىپىتلىرىنى ۋە ئۈستەل سائەتلىرىنى رېمونت قىلىپ بەردى. تۈگمەنچىنىڭ ئۈزۈلۈپ كەتكەن ئېلېكتر سىمىنى ئۇلاپ چىرىغىنى ياندۇرۇۋەتتى.

ئۇنىڭ بۇ كارامەتلىرىنى كۆرگەن دېھقانلار ئۇنى ئەركىلىتىپ:

— ھە، شا كىچىك مۇتەخەسسىس، سېنىڭ قالتىس كارامەتلىرىڭ بار ئىكەن! چوڭ بولغاندا چوقۇم يارامـلىق ئادەم بولۇپ چىقىسەن!— دېيىشەتتى. بەزلەر:

— گەپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئوبدان تەربىيىلىگەنلىكىدە، بۇسارەم بالىسىنى ئوبدان تەربىيىلەپتۇ!— دەپ ئەسئەتنىڭ ئاپىسىنى ماختايتتى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بۇسارەمنىڭ يۈزلىرى ۋىللىدە قىزىرىپ كېتەتتىدە، ئىچ ـ ئىچىدىن ئازابلىنىپ ئۆزىنى ئەيىبلەيتتى. ئەمدى ئۇنىڭدا ئوغلىنى «بۇزغۇنچى» دەپ ئەيىبلەش ئەمەس، بەلكى پەخىرلىنىش ھېسسىياتى پەيدا بولغانىدى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئانا «بۇزغۇنچى» دېگەن سۆزنى ھەرگىز ئاغزىغا ئالمىدى.

يېرىم ئايدىن كېيىن بۇلار شەھەرگە قايتىپ كەلدى. ئۇلار ھويلىغا كىرىشىگىلا سېلىم ئاكا خۇشال يۈگۈرۈپ چىقىپ:

— ھە «بۇزغۇنچى»، ئاپاڭنى قاقشاتماي، ئوبدان ئويناپ كەلدىڭمۇ؟— دەپ ئەسئەتنى ئەركىلەتتى.

— «بۇزغۇنچى» دېمىسىلە،— دېدى بۇسارەم خىجىل بولغاندەك كۈلۈپ.

— ۋاھ، بۇ يېڭى گەپقۇ؟— سېلىم ئاكا ھەيران بولۇپ، بۇسارەمگە قاراپ تۇرۇپ قالدى.

— ئەمدى «مۇتەخەسسىس» دېسلە، دېھقانلار بۇنىڭغا «شاكىچىك مۇتەخەسسىس» دەپ نام بەردى!

— سېلىم ئاكا ھېچنېمىنى چۈشەنمەي تېڭىرقاپ قالدى.

بۈسارەم ئۆيگە كىرىپ بىر پەس ئارام ئېلىۋالغاندىن كېيىن، ئوغلىنىڭ يېزىدىكى كارامەتلىرىنى ئاغزى ئاغزىغا تەگمەي ماختىنىپ سۆزلەپ بەردى، ئاخىرىدا:

— بىچارە ئوغلۇمنى بىكارلا «بۇزغۇنچى» دەپ ئەيىبلەپ يۈرۈپتىمەن. ئاپاڭنى كەچۈر ئوغلۇم!— دەپ ئەسئەتنى باغرىغا بېسىپ سۆيۈپ قويدى.

سېلىم ئاكا ئەھۋالنى چۈشەنگەندىن كېيىن قىن-قىنىغا پاتماي خۇشال بولۇپ كېتىپ:

— خوش ئوغلۇم، ئەمدى ئەمەلىيەت ئارقىلىق تېرىككەك، تەرسا ئاپاڭنىڭ كاللىسىمۇ تۈزىلىپتۇ. «بۇزغۇنچى» دېگەن قالپاقتىنمۇ قۇتۇلۇپسەن. ئەمدى ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن ھېلىقى كېلىشىمنىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرايلى، قانداق دەيسەن؟— دېدى.

— قانداق كېلىشىم ئۇ؟— ھەيران بولۇپ سورىدى بۈسارەم. سېلىم ئاكا نېمە كېلىشىم ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

— ھەي... ئاتا-بالا ئىككىڭلارنىڭ ئەزەلدىنلا تىلى بىر دېۋىدىم، راست چىقتى!— دەپ كۈلۈپ كەتتى بۈسارەم.

— توغرا، بۇرۇن ئاتا-بالا ئىككىمىزنىڭ تىلى بىر بولغان بولسا، مانا ئەمدى ئۈچىمىزنىڭ تىلى بىر بولۇپتىغۇ؟— دېدى سېلىم ئاكا.

ئۈچەيلەن تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتى...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

تۇرسۇن قۇربان

# شېئىرلار

## ئاجايىپ ئۇچرىشىش

مېنىڭ دادام ئۇچقۇچى
دائىم كۆكتە ئۇچىدۇ.
ھەر قېتىمقى سەپىرى
يېڭى غەلىبە قۇچىدۇ.

دادام ھەربىر سەپەردىن
ئېلىپ كېلەر خۇش خەۋەر.
ھەر خەۋەرنى ئاڭلىسام
خۇش بولىمەن شۇقەدەر.

بىر كۈنى كەچ ئۇ ماڭا
دېدى: «ئوغلۇم بۈگۈن مەن،
بىر تىلسىمات نەرسىنى
ئۇچۇپ تۇرۇپ كۆردۈممەن.

قاردىسام ئۇ بەئەينى
ئوخشار زۇمرەت تەخسىگە.
ھەيران قالدىم مەن شۇنچە
شۇ ئاجايىپ نەرسىگە.»

«— ئۇچار تەخسە دېگەن شۇ، —
دېدىم، — دادا سەن كۆرگەن.
شۇ نەرسىنىڭ رەسىمىنى
ژۇرناللاردىن مەن كۆرگەن.

مەنمۇ كۆرسەم جان دادا
شۇ غەلىتە نەرسىنى،
ئامال قىلىپ مەن ئۇنىڭ
چۈشۈرەتتىم رەسىمىنى.»

دادام «ماقۇل» دېگەچكە،
ئۇچتۇم مەنمۇ پەلەككە.
شۇ نەرسىنى كۆردۈمەن
تەڭرىتاغدىن ئۆتكەندە.

يېقىنلىشىپ كەلدى ئۇ
ئايروپىلان قېشىغا.
قاردىۋالدىم زەن قويۇپ
ئۇنىڭ ئۈستى - بېشىغا.

ئاڭلاپ قالدىم شۇنداق ھەم
بىر بالىنىڭ سۆزىنى.
كۆرۈپ قالدىم غىل - پاللا
شۇ بالىنىڭ ئۆزىنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

«— ياخشى بالا، — دېدى ئۇ، —
مېنى بىر ئاز بىلەمسىز؟
تەكلىپ قىلسام يۇرتۇمغا
مېھمان بولۇپ كېلەمسىز؟

مېنىڭ يۇرتۇم يىراقتا —
ئالەمنىڭ ئەڭ ئۈستىدە.
بىر مىسلىسىز مەنزىرە
جۇلالىنار ھۆسنىدە.»

«— قەيسەر بالا، — دېدىمەن، —
قوبۇل قىلاي تەكلىپنى.
تەكلىپىڭىز ئۈمىدكە
تولدۇردى بۇ يۈرەكنى.

بۇ تەخسىڭىز رەسىمىنى
كىتابلاردىن كۆرگەنمەن.
ئۇچرىشىشنى سىز بىلەن
كۈتۈپ، خىيال سۈرگەنمەن.

سۆز يەتكۈسىز گۈزەللىك
بار بىزنىڭ يەر شارىدا.
يۇرتۇم ئۈنىڭ كىندىكى
تەڭرىتاغ دىيارىدا.

ئۇزۇن قالماي ئۇزگىچە
ئۇچار گىلەم ياسارمەن.
شۇ گىلەمگە ئولتۇرۇپ
يۇرتىمىزغا بارارمەن.

شۇ چاغ دوستۇم ئىككىمىز
ئايلىنارمىز بوشلۇقنى.
سىغدۇرالماي دىللارغا
ھاياجاننى — خۇشلۇقنى.

تۇنلىرىمۇ ئۇخلىماي
مۇكىدىشارمىز قانغۇچە.
ئىككىمىز تەڭ بوي تارتىپ
چوڭ بولارمىز ئاكىغىچە ...»

بۇ ئاجايىپ ئۇچرىشىش
چىقماس دوستلار ئېسىمىدىن.
يېڭى ئىستەك — ئارزۇلار
ئورۇن ئالغاچ دىلىمىدىن.

## ئىككى توشقان

(مەسەل)

ئىككى توشقان بار ئىكەن
بىرى ساغلام، بەك تىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

**يەنە بىرى قىينىلىپ**
ياشار، ئۆزى كېسەلمەن.
دېدى كېسەل توشقان: «مەن—
ياشىسام مىڭ ئازابتا:
سەن ياشايسەن ھەركۈنى
ئويناپ ـ كۈلۈپ شادلىقتا.
ساغلام، تىمەن سەن دائىم،
يوق تېنىڭدە كېسەللىك.
كۆڭلىرىڭمۇ باياشاد،
ئىشىڭدا يوق پېشكەللىك.
مەنمۇ ياشاي سېنىڭدەك،
ئېيتىپ بەرگىن سىرىڭنى.
مەن بېچارە ئالدىڭدا
ئاشكارىلاپ دىلىڭنى.»
دېدى ساغلام توشقان: «مەن—
تازىلىقنى سۆيىمەن.
ئۆز ئۆيۈمنى پاكىزە
ھەم چىرايلىق تۇتىمەن.
ھالال ئەمگەك ئاددىتىم،
ياتتۇر ماڭا ھۇرۇنلۇق.
تۇرمۇشۇممۇ بەك رەتلىك،
قىلغان ئىشىم ئورۇنلۇق.
قورسىقىممۇ كەڭ مېنىڭ،
دوستلار بىلەن ئىناقمەن.
ئاق كۆڭۈلمەن، تىلىم تۈز،
شۇڭا تاپتىم روناق مەن.

بولساڭ سەنمۇ مېنىڭدەك
خۇشال ئۆتەر كۈنلىرىڭ.
تىمەن، ساغلام بولۇپ سەن
ياڭرايدۇ شوخ ئۈنلىرىڭ».

## ئاجايىپ ئىش

كۆردۈق كىتابخانىدا
يېڭى، قىزىق بىر كىتاب.
دەرھال بېرىدىن ئالماق بوپ
پاراڭلاشتۇق ئاشۇ تاپ.

بېرىپ ئۆيگە دادامدىن
سورىدۇمەن بىر سوم پۇل.
ئاچچىقلىنىپ دادام تېز
«پۇل يوق!» دېدى
شىلتىپ قول.
شۇ كۈن ئۆيگە بىر كىشى
كىرىپ كەلدى كەچقۇرۇن.
«خەتىمىقۇرئان» باشلىدى
ئۆي تۆرىدىن ئېلىپ ئورۇن.

تۈگىتىپلا دۇئانى
قارىۋدى دادامغا،

شۇئان دادام ئوتتۇز سوم،
بېردۇەتتى موللامغا.

دوستلار، يەنە بىر قېتىم
ھەيران بولدۇم بۇ ئىشقا.
موللام كەرسە پۇل تەييار،
يوق ھە ماڭا نېمىشقا؟

## بۇلبۇلنىڭ جاۋابى

ئەنۋەر دېگەن شوخ بالا
مومىسىنى قاقشاتتى.
بۇنى گۈلنىڭ ئۈستىدە
بۇلبۇل كۆرۈپ تۇراتتى.

موماي ماڭدى كۆل تامان
ئەنۋەر ماڭدى گۈل تامان.
موماي خاپا - پەرىشان
ئەنۋەر مەغرۇر - شادىمان.

بېرىپ ئەنۋەر گۈللۈككە،
بۇلبۇلجاننى تۇۋلىدى.
قويۇۋېتىپ ئۈننى
ۋارقىرىدى - تۇۋلىدى:



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

«كەلگەن بۇلبۇل قېشىمغا»
دېدى قانچە يېنەشلاپ.
ئېيتتى نەچچە ناخشىنى
بۇلبۇلغا ھەم بېغىشلاپ.

لېكىن گۈللۈك ئىچىدە،
بۇلبۇل زادى كۆرۈنمەس.
ۋە ئۇنىڭكى نەلەرگە
مۆكۈنگىنى بىلىنمەس.

ئەنۋەر ئۇنى ئىزدىدى،
گۈللەرنى كۆپ ئاردىلاپ.
(تۇرار بۇلبۇل مۆكۈنۈپ،
گۈل تۈۋىدە مارىلاپ).

دېدى كۆرۈپ بۇلبۇلنى:
«نېمىشقا سەن مۆكۈندىڭ؟
ئۆتتى قانداق سەۋەبلىك
نېمە ئىشقا ئۆكۈندىڭ؟

تۇر ئورنىڭدىن،
قىزىلگۈل —
شېخىدا خۇش سايرىغىن.
ئارام بېرىپ كۆڭلۈمگە،
گۈللۈكتە شاد يايرىغىن.»

دېدى بۇلبۇل: «يوزۇڭگە
قارىمايمەن مەن بۈگۈن.
چۈنكى پەيدا قىلىپ قويدۇڭ
يۈرىكىمدە بىر تۈگۈن.

دوستۇم، بايا موماڭنى،
خاپا قىلدىڭ، قاقشاتتىڭ.
قىلىپ ئاڭا بىھۆرمەت،
شۇ ئاجىزنى يىغلاتتىڭ.

ئاماقۇل بوپ موماڭغا،
ئالمىساڭ تېز كۆڭلىنى؛
قانچە قىلساڭ گۈللۈكتە
كۆرەلمەيسەن سەن مېنى.

موماڭ نېمە بۇيرۇسا،
ئورۇندىساڭ جايىدا؛
بولساڭ ئەدەب ـ ئەخلاقلىق
هامان چوڭلار ئالدىدا.

ئاندىن كەلسەڭ گۈللۈككە
ئوينالايسەن مەن بىلەن.
مەنمۇ قىزغىن ھەۋەستە
ئويننغايمەن سەن بىلەن.»



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

مامۇت زايىت

# ئاي باللادىسى

1

ئاداش ـ ئاداش بولايلى،
كەل قىشىمغا بالىجان.
بىز ئىككىمىز ئوينىساق
ئەنسىرىمەس ئانىجان.
مەن ئوماق ئاي، گۈزەل ئاي،
ساڭا ئوخشاش ئۈز چىراي.
نۇر چاچىمەن كېچىدە،
تۇرغان جايىم كەڭ ئاسمان.
ئۈچۈپ چىققىن يېنىمغا،
چۈشەلمىدىم زېمىنغا.
زېمىن ئوغلى ئىدىم مەن،
زېمىن ماڭا جانىجان.
يۇرتۇم تارىم ۋادىسى،
مەن ئۈنىڭكى بالىسى.
تەربىيىلىگەن بېرىپ ئۇ
ماڭا ئەقىل، تۈز ۋە نان.

www.uyghurkitap.com

سۆزلەپ بېرەي ئىشىمنى،
كۆر كۆزدىكى يېشىمنى.
كەچمىشىمدە بار مېنىڭ
قايغۇ، شادلىق، ھاياجان ...

2

مەن تۇغۇلغان ئەسلىدە
يەردە زۇلمەت پەسلىدە.
يوق ئىدى ھېچ خۇشاللىق،
ئۇ چاغ ئىنسان نەسلىدە.
ئاھ ئۇراتتى تەگىرىتاغ
يۈرىكىدە ئەلەم ـ داغ،
مەھرۇم بولغان ئەركىدىن
يالماۋۇزلار قەستىدە.
ئائىلىمىز بەك يوقسۇل،
ئانا چۆرە، دادام قۇل.
ھېچ نەرسىسى يوق ئىدى،
بىساتىدا — ۋەسلىدە.
داق زېمىنغا تۇغۇلدۇم،
تۇغۇلدۇمۇ بوغۇلدۇم.
چوڭ بولمىدىم سېنىڭدەك
بەخت بېغى — يەسلىدە.
ئازاد ـ ئەركىن يۈرەلمەي،
مەكتەپكىمۇ كىرەلمەي.

ئاچ ـ يالىڭاچ قاقشايتتىم
جۇت ـ زىمىستان پەسلىدە ...

3

يىتىپ ـ قوپۇپ تالادا،
مال باقاتتىم دالادا.
دەرد ـ ئەلەمدە چوڭ بولدۇم
مىڭبىر كۈلپەت ـ بالادا.
كۆرەلمەيتتىم ئاتامنى،
سۆيەلمەيتتىم ئانامنى،
ئۇراتتى باي ئۆلگۈدەك،
بىر قوي يىتسە ناۋادا.
تاپىنىمدىن ئېقىپ قان،
قىينىلاتتى ئەزىز جان،
دەيتتىم: «مەنمۇ ئىنساندەك
ياشارمەنمۇ دۇنيادا؟»
نەي چالاتتىم تاغدا مەن،
قايغۇ ـ ھەسرەت داغدا مەن
مۇڭلىرىمنى تۆكەتتىم
ھەسرەتلىك كۈي ـ ناۋادا.
قانماي ئانا مېھرىگە،
قانماي ئاتا چېھرىگە،
تۆكەر ئىدىم قانلىق ياش،
بېقىپ كۆككە ـ ساماغا ...

www.uyghurkitap.com

4

زۇلۇم - زورلۇق كۆلپەتتە،
خارۇ زارلىق، غۇربەتتە،
ئاتا - ئانام كۆز يۇمدى
پۇچۇلاندىم ھەسرەتتە.
باي: «ئاتاڭدىن قەرز قالدى،
تۆلەش ساڭا پەرز قالدى» —
دېدى، ماڭا كىشەننى
سالدى سىرلىق تىلخەتتە.

ئۆزۈم يېتىم، تەلەي كاج،
ئۈستۈم جۇل - جۇل، قورساق ئاچ،
يەيتتىم دەشنام، تىل - تاياق،
ئىشلىسەممۇ غەيرەتتە.
ئۇنتۇپ كۈلكە - شادلىقنى،
ئۈسمۈرلۈكنى، ياشلىقنى —
ئۆتكۈزدۈم بەك خار - سەرسان
باي ئىلكىدە — زۇلمەتتە.
بېرىپ ئانام قەبرىگە،
يالۋۇراتتىم تەڭرىگە،
لەنەت ئوقۇپ زامانغا،
قاغار ئىدىم نەپرەتتە...

5

جۇدۇن بولۇپ بىر يەلى،
ئۆلدى باينىڭ بىر مېلى،

چوڭ ئۆچمىگە ئېسىلدى
گۇناھسىز ياش تۆت قۇلى.
كالتەك بىلەن ساۋىدى،
غالجىر ئىتتى تالىدى،
تاياق - توقماق ئاستىدا
سۇندى ئۇلار پۇت - قولى.
قىلدى تۆھمەت - ھاقارەت،
بولدۇم بەكمۇ بىتاقەت،
ئاھ، ئۆلتۈردى ئۇلارنى،
قارا ئىكەن باي دىلى.
غەزىپىمگە پايلىماي،
دېدىم: «باينى جايلىماي،
يوق ئىكەنغۇ ماڭىمۇ
ھاياتلىقنىڭ كەڭ يولى.»
مۇشت كۆتۈردۈم چايانغا،
سالدى مېنى زىندانغا،
«خەپ توختاپ تۇر، — دېدى ئۇ،—
ئۆلتۈرىمەن مەن ھېلى ...»

6

مېنىڭ نالە - يىغامغا،
پەريادىمغا - پىغانغا،
زېمىن ئانام چىدىماي
دېدى قاراپ زىندانغا:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

«پېشانەڭنى ئوك قىلاي،
سېنى كۆكتە چوك قىلاي،
قوينۇم مېنىڭ زۇلمەتلىك،
چىقىپ كەتكىن ئاسمانغا.»
دېدىم: «ئۆزۈڭ قوت ماڭا،
تاردىم — ئانا يۇرت ماڭا،
ئۇنى تاشلاش گۇناھقۇ،
ۋەتەن سۆيگەن ئوغلانغا!»
زېمىن ئانام سۆيۈنۈپ،
ماڭا بەكمۇ كۆيۈنۈپ،
دېدى: «كېلەي قايتۇرۇپ،
يەتكىنىمدە ئارمانغا.
كۆككە چىقىپ نۇر چاچقىن،
زۇلمەتكە سەن ئوت ئاچقىن،
قاراڭغۇلۇق جاھالەت
باقىي ئەمەس جاھانغا! ...»

7

شۇندىن بېرى كۆكتە مەن،
قايغۇ - ھىجران، دەردتە مەن،
تەلمۈرىمەن زېمىنغا،
ئۇخلىماي كەچ پەيتتە مەن.
كۆكتە ساراي — بېغىم بار،
ئەمما دىلدا دېغىم بار،

ئاھ چىكمەن يىتەلمەي —
ۋدسالغا، كۆلپەتتە مەن.
بولسىمۇ كۆك يۇلتۇزلۇق،
قىينار مېنى يالغۇزلۇق،
ئويلايمەن يەر ئانامنى،
سېغىنىش، ھەسرەتتە مەن.
كۆكتىن ئاگا نۇر چېچىپ،
تۈن - زۇلمەتكە ئوت ئېچىپ،
ئۇمىددىنى ئانامنىڭ
ئاقلىدىم غەيرەتتە مەن.
بەكمۇ يەتتىم قەدرىگە،
تىلەك تىلەپ بەختىگە،
نۇردىن سالام يوللايمەن،
ھەر كېچە ھۆرمەتتە مەن.

8

تۈگەپ زۇلمەت، زېمىندىش
بولدى ئانام بەختلىك، ياش،
جېدەل - نىزا يوقالدى،
ئەل - يۇرت ئىناق، ئۇيۇلتاش.
ئېچىۋېتىش، ئىسلاھات،
بەردى چەكسىز كۈچ، ھايات،
تالىق ئاگا يېقىندا
«زامانىۋى ئەل» ئاتاش.

www.uyghurkitap.com

ئايسنىپ پەن - قاناتقا،
ئانام يېتەر مۇرادقا،
قۇدرەت تاپقان ئەل ئۈچۈن
يىراق ئەمەس ئاي - قۇياش.
مېنى ئانام ياد ئەتسۇن،
ئالەم كېمە ئەۋەتسۇن،
كۆرەي مەنمۇ خەلقىمنى،
بولسۇن ئاسمان يەر تۇتاش.
كىچىك دوست، پەن ئۆگەنلە،
تۇلپارىڭنى يۈگەنلە،
كەل يېنىمغا چاپسانراق
بىز بولايلى دوست - ئاداش ...



مەمتىلى زۇنۇن

# قەدىرلىك ئىنسان

(باللار ئوپېراسى)

قاتناشقۇچىلار: ئوغۇل - قىز ئوقۇغۇچىلار
سەھنە: مەكتەپ سەيناسى
ۋاقتى: سەھەر

دەرس باشلىنىش ئالدىدىكى ۋاقىت، ساۋاقداشلار ئىختىيارىي ھالدا ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناشۋاتقان ھالدا پەردە ئېچىلىدۇ. ئىككى ساۋاقداشنىڭ قولىدا فوتو ئاپپارات. ئۇلار خۇشال - خۇرام ساۋاقداشلىرىنى ئانچە - مۇنچە سۈرەتكە تارتىپ تۇرىدۇ.

ناخشا: يېڭى ئەۋلاد بىز ئاڭلىق،
گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىق.
بەختىمىزنى كۈيلەيمىز
ناخشا ئېيتىپ جاراڭلىق.

ئۆگىنىمىز، قانمايمىز،
ئىلگىرلەيمىز، يانمايمىز.
شانلىق يېڭى سەپەردە
ئىز باسقۇچى كارۋان بىز.

چەكسىز بايلىق ــ ساغلاملىق،
چېنىقىمىز داۋاملىق.
ئارزۇيىمىز يېتىلمەك
ۋارىس بولۇپ يارامىلىق.

قايتارمىسى: ئىز باسار بىز يارامىلىق،
ئىلگىرلەيمىز داۋاملىق.

مەكتەپ مۇدىرى (قىز) بىلەن بوۋاي ۋە ئۇنىڭ نەۋرىسى كىرىدۇ. نەۋرىنىڭ قولىدا قىزىل يوپۇق يېپىلغان كىچىك پەتنۇس.

مۇدىر: ساۋاقداشلار، قەدىرلىك بوۋىمىز بىزدىن هال سوراپ كەپتۇ!

ئوغۇل - قىزلار: ئەسسالام، بوۋا!

بوۋاي: ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئەزىز پەرزەنتلىرىم.

تىنچ - ئامانمۇ، باللىرىم،
يومران كۆچەت - تاللىرىم.
كۆرسەم خۇشال سىلەرنى
سۆيۈنىدۇ جانلىرىم.

ئوغۇل - قىزلار: رەھمەت، بوۋا!
بوۋاي: كەلدىم ئاداش بولغىلى،
يېقىن سىرداش بولغىلى.
سىلەر بىلەن جان - جىگەر
دوست - سەپەرداش بولغىلى.

ئوغۇللار: ئاداش ـ ئاداش بولايلى،
كۆچ ـ قۇدرەتكە تولايلى.
نائىناقلىق، نادانلىق
يىلتىزىنى قۇرتايلى.
قىزلار: ئاداش ـ ئاداش بولايلى،
كۆچنى ـ كۆچكە ئۇلايلى.
ئەجداد ـ ئەۋلاد بىرلىكتە
يېڭى دۇنيا قۇرايلى!
مۇدىر: ئېلىپ كەپتۇ بوۋىمىز
بىزگە نەق پۇل ـ ئونمىڭ يۈەن.
ھىممىتىگە، مېھرىگە
رەھمەت دەيلى ھەممەيلەن.
ئوغۇل ـ قىزلار: رەھمەت، بوۋا!
بوۋاي: (پەتنۇسنى كۆرسىتىپ) مانا بۇ ئون مىڭ يۈەن نەق پۇل — مىللىتىمىز مائارىپىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن قىلغان ئازغىنا سوۋغىتىم.
ئوغۇل ـ قىزلار: رەھمەت، بوۋا!
بوۋاي: بالىلىرىم، بۇ پۇل مېنىڭ ئون نەچچە يىللىق ھەتتا پۈتۈن ئۆمۈرلۈك ئەمگىكىمنىڭ مەھسۇلى، بۇنىڭ بىلەن مەن مەككە مۇنەۋۋەرىمنى تاۋاب قىلىپ، ساۋاب ئېلىپ كەلمەكچىدىم. مانا بۇ نەۋرەمدىن ئاڭلىسام، ئاز ـ تولا قىيىنچىلىقىڭلار بار ئوخشايدۇ، راستمۇ، بالام؟
نەۋرىسى: سىنىپىمىزنىڭ دېرىزىلىرىگە چاپلىغان گېزىتلەر شامال ـ بوران چىققان ھامان يىرتىلىپ كېتىدۇ.

بوۋاي: يامغۇر ياغسا، تامچا ئۆتۈپ كېتىدىكەن، راستمۇ؟

ئوغۇل - قىزلار: راست!

بوۋاي: سىلەر بۇ هالدا تۇرۇۋاتساڭلار، مەن ساۋاب ئىزدەپ ياقا يۇرتلاردا يۈرسەم دۇرۇس بولمىغۇدەك. شۇڭلاشقا مەن بۇ پۇلنى هۆرمەتلىك مۇدىرىڭلار ئارقىلىق سىلەرگە تاپشۇرىمەن (پەتنۇستىكى يوپۇقنى ئاچىدۇ. بولاقلىق پۇلنى پەتنۇس بىلەن ئۇزىتىدۇ).

مۇدىر: رەھمەت، بوۋا، ھىممەتلىرىگە،
چەكسىز مېھىر - شەپقەتلىرىگە.
قايتۇرىمىز ئەمەلىي جاۋاب
ئۇشبۇ مەدەت - رىغبەتلىرىگە.

ئوغۇل - قىزلار: رەھمەت، بوۋا، ھىممەتلىرىگە! (بوۋاينىڭ مۇدىرغا سوۋغات تەقدىم قىلىۋاتقان كۆرۈنۈشىنى ئىككى ئوقۇغۇچى ئىككى ياقتىن سۈرەتكە تارتىۋالىدۇ.)

بوۋاي: بالىلىرىم، نېمە قىلغىنىڭلار بۇ؟

ساۋاقداش ئا: مەن بۇنى سۈرەتلىك خەۋەر قىلىپ، بىزنىڭ گېزىتىمىز «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گە ئەۋەتىمەن!

ساۋاقداش ب: مەن «تارىم غۇنچىلىرى» غا ئەۋەتىمەن!

بوۋاي: بالىلىرىم، ئۇنداق قىلماڭلار، مېنى تولا خىجىل قىلماڭلار!

مۇدىر: يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرىگە ئوخشاش ئالەمگە مەشھۇر ئالىم بوۋىلىرىمىز، ئابدۇقادىر داموللام، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ئايخان ئانىمىزغا ئوخشاش جانكۆيەرلىرىمىز ياش ئەۋلادلارنىڭ بەختى - ئىستىقبالى

ئۇچۇن بارلىقىنى تەقدىم قىلغانىدى. بۈگۈنكى كۈن-
دە ھالال ئەمگىكى ئارقىلىق باي بولغان كېرەم ئىمىن-
دەك مەرىپەتپەرۋەر زاتلار ئۆز يېنىدىن نەچچە ئون مىڭ
يۈەن پۇل چىقىرىپ، مەكتەپ سالماقتا. جاپابىلىردەك
ئوقۇمۇشلۇق زاتلار ياش ئەۋلادلارنىڭ بەختى - ئىستىق-
بالى ئۈچۈن كۆيۈنۈشىنى ھەممىدىن چوڭ سا-
ۋاب بىلمەكتە.

ساۋاقداش ئا: بۇلار بىزنىڭ گېزىت - ژۇرناللىرى-
مىزدا ئوبدان تونۇشتۇرۇلۇشى، تەشۋىق قىلىنىشى كېرەك!

ھەممە: توغرا!

ساۋاقداش س: بۇ ھەقتە مەن بىر شېئىر يازدىم.

مۇدىر: نېمە دەپ يازدىڭىز؟ ئوقۇڭا، سىڭلىم.

ساۋاقداش س: ئەڭ قەدىرلىك ئىنسان

(ھېسسىيات بىلەن ئوقۇيدۇ.)

ئەۋلادىنى سۆيگەنلەر،
كۆيۈنگەنلەر، كۆيگەنلەر.
جانىدىن ئەزىز بىلگەنلەر،
ئەڭ قەدىرلىك ئىنساندۇر.

نەسلىم - بەختىم، باھارىم،
مىراسخور ئىز باسارىم.
غۇرۇرۇم - ئىپتىخارىم
دېگەنلەر چىن ئىنساندۇر.

نائىناقلىق - خارابلىق،
بىلىمسىزلىك - ئازابلىق،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئەۋلاد سۆيۈش — ساۋابلىق
دېگەنلەر چىن ئىنساندۇر.

ئۆسۈش - گۈللەش چېغىمىزلار،
بۆسۈش - ئۆرلەش چېغىمىزلار.
بىلىمدىن كۈچ يىغىمىزلار
دېگەنلەر چىن ئىنساندۇر.

بىزنى ئەزىز بىلگەنلەر،
ئوغۇللار: كۆيۈنگەنلەر، كۆيگەنلەر،
قىزلار: سۆيۈنگەنلەر، سۆيگەنلەر
ھەممە: ئەڭ قەدىرلىك ئىنساندۇر.

بوۋاي: توغرا!
ئەۋلاد سۆيۈش — شەرەپتۇر،
گۈزەل ئەخلاق - ئەدەبتۇر.
ئەۋلادلارغا كۆيۈنمەك
ئەجداد كۈتكەن تەلەپتۇر.

ناخشا

(ھەممەيلەن بوۋاي بىلەن مۇدىرنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ
ئوقۇيدۇ)

مېھىر - شەپقەتلىك ۋەتەن — ئانا يەر،
ئەجدادىمىزدۇر غەمخور، جانكۆيەر.

ساپ نىيەتە سىڭى، مەرىپەتپەرۋەر
بەختىمىز ئۈچۈن توكىتى قانۇ تەر.

ئەجدادىمىزنىڭ ئارزۇسى ئۇلۇغ،
ئارزۇ شامىدىن تۆكتى نۇر - يورۇق.
مېھنىتى - ئەجرى، شەپقىتى - مېھرى
چاچتى كۆڭۈلگە خىسلەتلىك ئۇرۇق.

ئارزۇسىنى بىز ساقلايمىز ئەستە،
يادلايمىز ھەركۈن ھەربىر نەپەستە.
نەسلىنى سۆيگەن، كۆيگەن - كۆيۈنگەن
ئەزىز ئىنسانغا تەقدىم گۈلدەستە.

ئوغۇل - قىزلار ھۆرمەتلىك بوۋايغا گۈلدەستە تەقدىم قىلدۇ. شادلىق - تەنتەنە ئىچىدە نومۇر ئاياغلىشىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى تارىسى

مەھەممەت شاۋۇدۇن

## مېھرىگۈل

(سېكىل)

### ۋەدە

«ئانا، ــ دېدى مېھرىگۈل
كىرە ـ كىرمەي ئىشىكتىن، ــ
ئېيتاي ساڭا راستىمنى،
بۈگۈن دەرسكە كېچىكتىم.
كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا
ئەجەبمۇ بەك ئۇيالدىم.
مۇئەللىمگە قارالماي
خىلىغىچە ئويلاندىم.
ۋەدە بېرەي ساڭىمۇ
كېچىكمەيمەن ئەمدى مەن.
مەكتەپكە ئۆز ۋاقتىدا
بارىمەن ھەر ئەتىگەن.»

كېلىپ ئاڭا مەستلىكى
سۆيدى ئانا مەڭزىدىن.
شۇندىن بېرى مېھرىگۈل
يانمىدى بۇ لەۋزىدىن.

# ھېساب ئىشلەش

ئېلىپ كەچتە كىتابىنى
ئىشلىدى ئۇ ھېسابىنى.
بىر سوئالغا كەلگەندە،
تاپالمىدى جاۋابىنى.
ئىشلىيەلمەي قىينىلىپ،
ئانىسىغا يېلىنىپ،
— دەپ بەر، — دېدى كۆرسىتىپ
ئالدىدىكى كىتابىنى.

تۇتۇپ ئانا قولىنى،
ئېيتىپ بېرىپ يولىنى،
— قىزىم ئۆزۈڭ تاپ، — دېدى
ئايىماستىن كۆڭلىنى.

قىز بىر ھازا ئولتۇرۇپ،
قەلەم چىشلەپ ئويلىنىپ،
ھېساب بىلەن ئېيتىشتى،
يىغىپ پۈتۈن ئەقلىنى.

ئۇ ۋارقىراپ بىر كەمدە:
— ئەسلى مۇنداق ئىكەن - دە،
تاپتىم، — دېدى خۇشلۇقتىن
كۈلۈپ تۇرۇپ ۋارقىراپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

سوراپ ئاندىن ھېسابنى،
ئاڭلاپ چىققان جاۋابنى.
— توغرا، ئەمدى يارايسەن، —
دېدى ئانا تەستىقلاپ.

## پۇشايمان

ھېسابقا بەك كىردىشىپ،
كۈندىن - كۈنگە تىردىشىپ.
ئەلا بولۇپ سىناقتا،
يۈز نومۇرغا ئېرىشىپ.
تىل دەرسىنى بوش چاغلاپ
ئىلماي ئۇنى كۆزىگە.
تىرىشىمىدى ئانچىلا،
ئىشىنىپ بەك ئۆزىگە.
يەتمىش ئالدى ئاخىرى
تىل دەرسىدىن سىناقتا.
توغرا جاۋاب بېرەلمەي،
ئىككى - ئۈچچە سوراقتا.
ئەلەم بولدى بۇ ئەھۋال،
تارتتى ئەجەب بەك ئىزا؛
ئۆيىگە كېلىپ گېلىدىن
ئۆتمەي قالدى ئاش - غىزا.

## خۇشاللىق

بۇ ساۋاقنى مېھرىگۈل
چىقارمىدى يادىدىن.

ھەممە دەرسكە تىرىشتى،
ئۆتتى ئۈچ ئاي ئارىدىن.
مەكتەپتىن بىر كۈنى
قايتىپ كەلدى شۇنچە خۇش،
ھېساب بىلەن تىلدىن ئۇ
يۈزدىن نومۇر ئېلىپ قوش.
كىرىپلا ئۇ ئىشىكتىن
قىلدى بۇنى دوكلات.
كۆرۈپ كۆرسەتكۈچنى
بولدى ئانا بەكمۇ شاد.

— ئانا، — دېدى قىز كۈلۈپ،
ئانا خۇشال قارىدى، —
بۈگۈن مېنى سىنىپتا
«دۈچتە ياخشى» سايلىدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئابدۇكېرىم مەخسۇت

# شۆھرەتنىڭ «ئىجادىيىتى»

(ھېكايە)

شۆھرەت ئۇنچىلىك دۆت بولمىسىمۇ، بىراق ماختانچاق ۋە ھۇرۇن ئىدى. ئۇ بىرەر سوئالغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرىپ قالدىمۇ، بولدى، بىرەر ئايغىچە ماختىناتتى.

ئىمتىھان ئالدىدا ساۋاقداشلىرى:

— ئىمتىھان تەييارلىقىڭ قانداق؟ — دەپ سوراپ قالغۇدەك بولسا، ئۇ كالپۇكلىرىنى ھىمىرىپ سەل سوزۇنچاق يۈزىگە بىلەرمەنلىك تۈسىنى بېرىپ، بېشىنى سول تەرەپكە قىڭغايتىپ:

— چاتاق يوق، يۈز، — دەپ قولىنى قاس چىقىرىپ قوياتتى. لېكىن سىناق نەتىجىلىرى ئېلان قىلىنغاندا دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتەتتى-دە:

— شۆھرەت، قانچە ئاپسەن؟ — دەپ سورىغانلارغا دەررۇ چىرايىنى ئۆزگەرتىپ:

— ۋاقىت يېتىشمەي قالدى، ئەمدىلا يازاي دېسەم، ئوقۇتقۇچى قەغەزنى تارتىۋالدى...، — دەپ غۇدۇڭشىپ قوياتتى. ئۆزى يالغۇز قالغاندا بولسا «شۇنداق بىر قەلىمىم بولسا، سوئاللارغا ئۆزىلا جاۋاب بېرىدۇەتسە» دەپ

ئويلايتتى، ھەتتا چۈشىدىمۇ ئاشۇ «قەلەم» نى چۈ-
شەيتتى.

بۈگۈن ئۇ دەرسكە قۇلاق سالماي، ئاخشام چۈشى-
دە كۆرگەن «كارامەت قەلەم» ھەققىدە خىيالغا چۆم-
دى: «شۇنداق بىر قەلىمىم بولسا، ھېسابنى بىردەمدىلا
ئىشلەۋەتسە، ئۇ ۋاقىتتا سۇبھى دېگەننى...»

ئۇ پارتىدا تۇرغان قەلىمىنى ئېلىپ، ئۇياق - بۇياق-
قا ئۆرۈپ قاراپ قويدى.

— شۆھرەت، دەرسنى چۈشەندىڭمۇ؟ — سورىدى
ھېساب ئوقۇتقۇچىسى.

— چۈشەندىم، چۈشەندىم، — دەۋەتتى شۆھرەت چۆ-
چۈپ ئويغانغاندەك.

— قېنى، دوسكىغا چىققىن...

شۆھرەت خۇددى پۇتىغا تۈگمەن تېشى ئېسىۋال-
غاندەك، ئاستا سۆرۈلۈپ دوسكا ئالدىغا كەلدى - دە،
ئوقۇتقۇچى ئېيتىپ بەرگەن مەسىلىنى ئۇنداق ئويلاپمۇ،
مۇنداق ئويلاپمۇ ئىشلەلمىدى. ئاڭغىچە دەرستىن چۈشۈش
قوڭغۇرىقى چېلىندى. ئوقۇتقۇچى مەسىلىنى ئۆيدە ئىش-
لەپ كېلىشكە تاپشۇرۇپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. بۇ ئامەت-
تىن سۆيۈنگەن شۆھرەت:

— ئەمدىلا ئېسىمگە كەلگەندى...، — دەپ ماختىنىش-
قا باشلىۋىدى، سۇبھى ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى:

— ھە، يالغانچى، ئاتتىن چۈشسەڭمۇ ئۈزەڭگىدىن
چۈشمەيدىكەنسەن، قېنى، ئىشلەپ باقە؟

سۇبھى دەرستە ياخشى ئوقۇغۇچى ئىدى، ئۇ شۆھ-

رەتنىڭ ماختانچاقلىقىنى، يالغانچىلىقىنى ياقتۇرمايتتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ هازىرقىدەك گەپلىرى شۆھرەتنىڭ جېنىغا تېگەتتى. شۇڭا بۇ ئىككىسى پات - پاتلا غىزىلدىشىپ قالاتتى. بىراق بۇ قېتىم شۆھرەت ئۆزىنى بېسىۋالدى ۋە قولىنى شىمىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ، گىدەيگەن هالدا:

— سەن كۆچۈرۈۋالماقچىمۇ، — دېدى - دە، غىپپىدە چىقىپ كەتتى.

چۈشتىن كېيىنكى دەرس تەكرارلاش باشلاندى.

— مەن بىر ھېسابلاش ماشىنىسىنى ياساۋاتىمەن. ئۇنىڭ كونۇپكىسىنى بېسىپلا قويساڭ، ھەرقانداق ھېسابنى ئىشلەپ بېرىدۇ. ئۇ چاغدا بەزىلەرنىڭ كۆزى قىزىرىپ، ئىچى ئاداپ كېتىدۇ، دېگىنە، — دېدى شۆھرەت ئۆزى بىلەن بىر پارتىدا ئولتۇرغان خالمۇراتقا سۈبھى ئاڭلىنغۇدەك قىلىپ.

— ھېساب ئىشلەيدىغان ماشىنا ياساش ئۈچۈن دەرسنى ئوبدان بىلىش كېرەك. يالغانچىلىق قىل دېسە ئاشۇرۇۋېتىسەن - دە، — دېدى سۈبھى جىددىي يوسۇندا.

— سەن مېنى نېمە كۆرۈۋاتىسەن، تۆت تال ھېسابنى بىلىۋېلىپ يوغان سۆزلىمە، ئاكاڭ قارىغاي ياسالمايدىغان بولسا...

سىنىپتا تالاش - تارتىش باشلاندى.

— ياسىغان ماشىناڭنى بىزگە كۆرسىتەلەمسەن؟ — دەپ چۇرقىراشتى بالىلار تەرەپ - تەرەپتىن.

— كۆرسەتمەيچۇ، — دېدى شۆھرەت بوش كەلمەي.

— قاچان كۆرسىتىسەن!

— ماشىنىنى ياساپ چىقىش ئاسان ئەمەس، ئىككى ئايدىن كېيىن كۆرسىتىمەن!

شۆھرەت شۇندىن بۇيان ئۆيىگە كېلىپ بوغچىسىنى ئۇستەلگە قويۇپلا، ئېگىزلىكنى تۇتقىنىچە چوڭقۇر خىيالغا چۆكىدىغان، ھەتتا تاماق يەۋېتىپمۇ چوكا، قوشۇقنى تۇتقىنىچە خىيال سۈرىدىغان بولۇپ قالدى. بالىنىڭ بۇ ھالىدىن ئەنسىرىگەن ئاتا-ئانىسى ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنىڭ نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمىدى.

بىر كۈنى شۆھرەت چۈش كۆردى. ئۇ بوغچىسىنى ئېسىپ ئەمدىلا سىنىپقا كىرىشىگە، نۇرغۇن بالا ئۇنى ئورىۋېلىپ «يالغانچى، يالغانچى ...» دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى. ئۇ سىنىپتىن قېچىپ چىقىۋىدى، ئۇنىڭ كەينىدىن يوغانلىرى ئۇزۇن، كۆزلىرىدىن ئوت يېنىپ تۇرىدىغان ھەيۋەتلىك چىش بىر مەخلۇق «ھەي يالغانچى، توختا» دەپ قوغلاشقا باشلىدى. ئۇ شۇنچە كۈچىسىمۇ زادىلا يۈگۈرەلمەيتتى. شۆھرەت قارا تەرگە چۆمۈپ كەتتى. ھېلىقى مەخلۇق تۆمۈر تىرناقلىق قولى بىلەن شۆھرەتنىڭ يەلكىسىدىن مۇجۇپ تۇتۇپ، خىرقىرىغان ئاۋاز بىلەن: ھە... يالغانچى، مېنى نېمىشقا ئالدايسەن، قېنى ھېساب چىقىرىش ماشىناڭ؟ ماڭا ھازىر كۆرسەت!» دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى: «مەن يالغانچى ئەمەس! كۆرسىتىمەن... كۆرسىتىمەن... مەن...»

شۆھرەتنىڭ دادىسى بىلەن ئانىسى شۆھرەتنى ئويغاتتى. ئۇ قارا تەرگە چۆمگەنىدى. ئانىسى ئۇنى باغرى-

غا باستى. بۇ ئىش بىر قانچە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن، ئۇلار شۆھرەتنى دوختۇرخانىغا كۆرسەتتى. ئاخىر شۆھرەتنىڭ ئانىسى مەكتەپكە كېلىپ سىنىپ مۇدىرىغا ئەھۋالنى ئېيتتى. سىنىپ مۇدىرىمۇ شۆھرەتتىكى ئۆزگىرىشنى سېزىپ يۈرەتتى. ئۇ شۆھرەتنىڭ ئانىسىنى بىرئاز خاتىرجەم قىلىپ يولغا سالدى ـ دە، دەرستىن چۈشكەندە، شۆھرەتنى ئېلىپ قېلىپ سۆھبەتلەشتى.

ــ ئېمە بولدۇڭ، يېقىندىن بۇيان مىجەزىڭ يوقمۇ؟...

ــ ياق.

ــ ئۇنداق بولسا ئېمانچە خىيالچان بولۇپ كەتتىڭ؟...

ــ ئۆزۈمچە.

ــ يا، سىنىپتا بىرەر ئىش بولدىمۇ؟

شۆھرەتنىڭ كۆز ئالدىغا سۇبھى كەلدى. ئۇ «ھە... يالغانچى، ماشىناڭ قېنى؟» دېگەندەك كۈلۈپ تۇراتتى. شۆھرەت، ئوقۇتقۇچى مېنىڭ ئىشىمنى ئۇقۇپ قالدىمىكىن، دېگەن ئەندىشە ئىچىدە لام ـ جىم دېمەي، بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە ئولتۇرىۋەردى.

ــ شۆھرەت، ــ دېدى سىنىپ مۇدىرى ئۇنىڭ جۆيلۈگەنلىكىدىن گۇمانلىنىپ، ــ سەن كىمگە ئېمىنى كۆرسەتمەكچىدىڭ؟

شۆھرەت چۆچۈپ كەتتى: «ئوقۇتقۇچى ھەممىنى بىلىپ بوپتۇ» دېگەن پىكىر ئۇنىڭ كاللىسىدىن چاقماق تېزلىكىدە ئۆتتى ـ دە، ھودۇقۇپ چىرايى بىر قىزىرىپ، بىر تاتىرىپ كەتتى. شۆھرەتنىڭ ئەھۋالىنى بايقاپ تۇرغان سىنىپ مۇدىرى كۈلۈپ تۇرۇپ:

— مەندىن ئېمىنى يوشۇرىسەن... قېنى تارتىنما، دەۋەرگىن، مەن ياردەم قىلمەن، — دېدى.

«مەن ياردەم قىلمەن» دېگەن بۇ سۆز شۆھرەتنى بىرئاز روھلاندۇردى. شۆھرەت ھەممە ئەھۋالنى قويماي سۆزلىدى. سىنىپ مۇدىرى كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى:

— ھەي... شۇنىڭغا شۇنچە ئۇزۇن خىيال قىلىپ كەتتىڭما، ئۇنى ياسىماق ئاسانغۇ؟

— راستىما؟ — دەۋەتتى شۆھرەت خۇش بولۇپ.

— ئۇ سېنىڭ ئۆزۈڭدە بار، ئۇنى ئوبدان ئىشلىتىشنى ئۆگىنىۋېلىشىڭغا مەن ياردەم قىلاي، سەن غەم قىلما، چوقۇم غەلىبە قىلىسەن!

شۇنىڭدىن كېيىن سىنىپ مۇدىرى ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كۆن ئارىلاپ كېلىپ ھېسابىنى چۈشەندۇرۇپ تۇردى. شۆھرەتمۇ پۈتۈن زېھنى بىلەن قۇلاق سېلىپ ئۆگەندى. ھەرقېتىم بىر مەسىلىنى ئىشلىگەندە، خۇشاللىقتىن بېشى ئاسمانغا تاقىشاتتى. ئۇنىڭ زېھنى كۈندىن - كۈنگە ئېچىلماقتا ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ماشىنىنى بالىلارغا كۆرسىتىدىغان كۈنمۇ يېتىپ كەلدى.

باللار ئۆزئارا تالاش - تارتىش قىلىشماقتا ئىدى. شۆھرەتتىن تېخى دېرەك يوق.

— ئەخمەق بولماڭلار، ھېساب ئىشلەش ماشىنىسىنى ئەكەلمەك تۇگۈل، ئۆزىمۇ كەلمەيدۇ، — دېدى بىرى. باللار راست دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتىشتى. شۇ ئەسنادا دەرسكە كىرىش قوڭغۇرىقى چېلىنىپ، ئورونلىرى-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ھا ئولتۇرۇشقان باللار ئىشكىنى «غىچ» ئېچىپ كىر-گەن شۆھرەتنىڭ قولىغا قارىدى. ئۇلار ئۇنىڭدىن ماشى-نىنى سورىماقچى بولۇپ تەمشىلىشىگە، ئوقۇتقۇچى كى-رىپ كەلدى. باللار ئارىلاپ - ئارىلاپ شۆھرەتكە قاراپ قوياتتى ياكى ئۆزئارا ئىشارەتلىشەتتى. شۆھرەت گويا ھېچ نەرسە بولمىغاندەك خاتىرجەم ئولتۇراتتى. ئوقۇتقۇچى:

— كىتابىڭلارنىڭ 50- بېتىدىكى 11- مەسىلىنى ئىشلەڭ-لار، — دېدى ۋە ئۆزى پارتىلارنى ئايلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنى كۆزىتىشكە باشلىدى. ئاردىن بەش مىنۇتمۇ ئۆتمەي، شۆھرەت ھېسابنى ئىشلەپ بولغانلىقىنى ئېيتتى. بالى-لار شۆھرەتكە ئىتتىك قارىدى. مۇئەللىم ئۇنىڭ دەپتىرى-نى ئېلىپ كۆرۈپ «ياخشى، توغرا» دېدى. شۆھرەتنىڭ ئالدىدا دەپتەر، قەلەمدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ئىدى.

دەرستىن چۈشۈش قوڭغۇرىقى چېلىندى. ئوقۇتقۇ-چىنىڭ سىنىپتىن چىقىپ كېتىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپ تۇرغان باللار شۆھرەتنىڭ يېنىغا دۈررىدە ئولاشتى... ئاكغىچە سىنىپ مۇدىرى يەنە كىرىپ دېدى:

— بۈگۈن چۈشتىن كېيىن سىنىپ يىغىنى بار. شۆھرەت بىزگە ھېساب ئىشلەش ماشىنىسىنى كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇنى ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى سۆزلەپ بېرىدۇ.

ئوقۇغۇچىلار شۆھرەتنىڭ ماشىنىسىنى كۆرۈشكە تە-قەززا بولۇپ ئولتۇراتتى. بەزىلەر تاقەتسىزلىنىپ ئىشىكتىن بېشىنى چىقىرىپ زالغا قارايتتى.

سىنىپقا ئالدىدا شۆھرەت، ئاندىن سىنىپ مۇدىرى

كەرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ قولىدا ھېچ نەرسە يوق ئىدى. ھەيران بولغان بالىلار بىر - بىرىگە قارىشىپ، ئۆزئارا كۇسۇرلىشىشقا باشلىدى. شۆھرەت خاتىرجەم ئولتۇراتتى.

— قېنى شۆھرەت، — دېدى سىنىپ مۇدىرى، — سەن ۋەدەڭ بويىچە ھېساب ئىشلەيدىغان ماشىنىنى قانداق ئىجاد قىلغانلىقىڭنى ھەمدە ئۇنى ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى سۆزلەپ بەرگىن.

شۆھرەت بۇرۇنقىدەك قولىنى شىمىنىڭ يانچۇقىغىمۇ سالمىدى، گىدىيىپمۇ كەتمىدى، سەل قىزارغان ھالدا:

— ساۋاقداشلار مېنى كەچۈرەر دەپ ئويلايمەن، ساۋاقدىشىم سۇبھى دېگەندەك تازا ئەخمەق ئىكەنمەن. مەن ئۆزۈمدە ھېساب ئىشلەش ماشىنىسى تۇرسىمۇ، يەنە ھېساب ئىشلەش ماشىنىسى ياسايمەن دەپ بىھۇدە ئاۋارە بولدۇم...

— سەندە بار ھېساب ئىشلەش ماشىنىسى قېنى، — دەۋەتتى كىمدۇر بىرى.

— ئۇ، — دېدى شۆھرەت، — مۇشۇ ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىمىزدە بار...

سىنىپتا يەنە پىچىرلىشىش باشلاندى.

شۆھرەت تەمكىنلىك بىلەن:

— ئۇ بىزنىڭ مېڭىمىز، — دېدى ۋە سىنىپ مۇدىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە قانداق ئۆگەنگەنلىكىنى سۆزلىدى. سىنىپ ئىچى ئۇنىڭ سۆزىنى زوق بىلەن تىڭشىماقتا ئىدى ......

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

سەلەي قاسىم

# مەن «خىزىر» غا يولۇققان

(ھېكايە)

مەن مومام كۆندە كەچتە ئېيتىپ بېرىدىغان چۆچەكلەردىن «خىزىر» دېگەننى ئاپئاق ساقال، مېھىر - شەپقەتلىك، ياخشىلىقنى يەردە قويمايدىغان، نىيىتى يامانىنى تازا ئوبدان بابلايدىغان ئادىل، دانىشمەن بوۋاي، دەپ ئاڭلىغانىدىم.

مومامنىڭ گېپىگە قارىغاندا، خىزىرغا يولۇققان ئادەم بەختلىك بولىدىكەن... مەن بۇ يىل ئەلاچى بولدۇم. ئۆتكەن يىل باھاردا ئۇچراتقان ئادىمىم «خىزىر» بولمىغىيدى؟ ... ئۇ ئادەمگۇ ئوتتۇرا بوي، كەكە ساقال، تەقۋادار ئادەمدەك قىلىۋىدى، ھەي... ئاغىنىلەر، سىلەر «سەن ئۇ ئادەم بىلەن قانداق ئۇچراشقان؟» دېمىسلەر، مەن سۆزلەپ بېرەي:

ئۆيىمىزدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا بىر ئېقىن بار ئىدى. ئېقىننىڭ ئىككى تەرىپى قويۇق چاتقاللىق بىلەن قاپلىنىپ كەتكەچلىق. چاتقاللار ئارىسىدا ئاندا - مۇندا ئاق تېرەك ھەممىدە سەگە تېرەكلىرمۇ بار. بۇ باھار ۋە ياز ئايلىرىدا ھۇزۇرلىنىپ ئوينايدىغان يېرىم

ئىدى. مەن بىر تۈپ دوڭغاق سېدىنىڭ ئۈستىگە چىقىـ
ۋېلىپ تۇمۇچۇقنىڭ سايرىشىنى دوراپ سايرايتتىم، ھەتـ
تا ئەركىكىنىمۇ، چىشىسىنىمۇ دوردىيالايتتىم. بۇرۇن ئاغـ
زىمغا تال سۆگەتنىڭ بىرتال ياپرىقىنىڭ يېرىمىنى سېـ
لىۋېلىپ دورىسام، ئەمدى نېپىز سۇلياۋدىن كىچىككىنە
كېسىپ سېلىۋېلىپ خۇددى تۇمۇچۇقنىڭ ئۆزىدەك سايرايـ
دىغان بولدۇم. تۇمۇچۇقلار كۈيلىگەن مەزگىلدە مەن
ئۇلارنى دورىسام، ئۇلار باش ئۈستۈمدە ئايلىنىپ بەس-
بەس بىلەن سايرىشىپ كېتەتتى. بۇنى كۆرۈپ ئىچ-
ئىچىمدىن سۆيۈنەتتىم. باشقىلار بۇ ھۈنىرىمگە قىزىقىپ
ھەۋەس بىلەن قارىشىپ كېتەتتى.

بىر كۈنى دادام سېدە ئۈستىدە تۇرغىنىمنى
كۆرۈپ:

— ئوغلۇم مۇزەپپەر، بۇ يەرگە چۈش! — دېدى. مەن
سېدىدىن چۈشتۈم، دادام كۈلۈپ كېتىپ:

— ھە، مۇنداق ھۈنىرىم بار دېگىن... تۇۋا!... ماۋۇ
جانىۋارنى... سەن دوراپ سايرىساڭ ئۇلار كېلىدىـ
كەن-ھە؟... توختا، مەن ساڭا...

ئەتىسى دادام ماڭا پەنەركىدىن چوڭ بىر قەپەس
ياساپ بەردى. قەپەس ئىككى قەۋەت ئىدى. ئىككىنچى
قەۋەتنىڭ ئۈستىگە ناھايىتى يېنىك، ھەرىكەتچان ئىشىك
ياسىدى. تۇمۇچۇق بۇ ئىشىكنىڭ قايسىلا تەرىپىگە دەسـ
سىسە قەپەسنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ كېتەتتى-دە، ئىشىك
يەنە يېپىلىپ ئەسلىگە كېلىپ قالاتتى. مەن ھەركۈنى
مەكتەپتىن كېلىپلا قەپەسنى ئېلىپ ھېلىقى قارىياغاچلىقـ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نىڭ ئەتراپىنى چۆگىلەيتتىم. شۇنداق قىلىپ، ھەر بازار كۈنىگىچە يىگىرمە - ئوتتۇز تۇمۇچۇق تۇتۇپ ساتىدىغان بولدۇم. تۇمۇچۇق سېتىپ تاپقان كىرىمىم ئۆينىڭ ئوت-ياش، گۆش پۇلىنى قامدايدىغان بولدى. دادام خۇش، مەن خۇش، ئانام تېخىمۇ خۇش... لېكىن مەن ئوقۇشتا بەك-مۇ چېكىنىپ كەتتىم. مەۋسۇملۇق ئىمتىھاندا ئۈچ پەن-دىن ئۆتەلمىدىم. ئۇستازلىرىم، دوستلىرىم ئالدىدا تولىمۇ ئىزا تارتتىم. «تۇتۇنىڭ ئاچچىقىنى مورا بىلىدۇ» دېگەن-دەك، ئىزا - ئەلەمنىڭ دەردىنى بىر ئۆزۈملا بىلدىم. شۇنداق بولسىمۇ تۇمۇچۇق تۇتىدىغان ئىشىمنى تاشلىيال-مىدىم. چۈنكى دادام مەندىن ھەركۈنى نېمە ئۆگەنگى-نىمنى ئەمەس، قانچە تۇمۇچۇق تۇتقانلىقىمنى سورايتتى.

ئۆتكەن يىل 3 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىدى. بىر بازار كۈنى مەن قەپەسىمگە لىق تولغان يىگىرمە تۇمۇ-چۇقنى توخۇ بازىرىدا ساتماقچى بولۇپ تۇرسام، مەن دېگەن ھېلىقى ئوتتۇرا بوي، كەكە ساقال ئادەم كېلىپ ھەممە تۇمۇچۇقلىرىمنى بىراقلا سېتىۋالدى، پۇلىنىمۇ نەق بەردى. ئۇ كىشى يەنە باشقا ئاغىنىلىرىمنىڭ تۇمۇ-چۇقلىرىنىمۇ ئانچە باھا تالاشمايلا سېتىۋالدى. مەن بۇ ئادەمنى تۇمۇچۇق ئېلىپ - ساتىدىغان سودىگەر ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ،قەپىسىمنى تېزرەك بىكارلاپ بېرىشىنى كۈ-تۈپ تۇردۇم. ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمىدى. ئۇ ئادەم بازارغا كىرگەن بارلىق تۇمۇچۇقلارنى سېتىۋېلىپ، ئەڭ ئاۋۋال مېنىڭ قەپىسىمنى ئوڭ قولىنىڭ ئالقىنى بىلەن ئېگىز كۆتۈردى، ئاندىن سول قولى بىلەن قەپەسنىڭ

ئىشكىنى ئاچتى. تومۇچۇقلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى «پۇر،...» قىلىپ ئۇچۇپ چىقىپ ئاسماننىڭ قەرىگە سىڭىپ كەتتى. ئۇ باشقا تومۇچۇقلارنىمۇ ئاشۇ سۈرەتتە قويۇپ بەردى، ئاندىن قەپەسنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ:

— ئوغلۇم، قۇشلار بىزنىڭ دوستىمىز. ئۇلار بىزنىڭ كۆڭلىمىزنى خۇش بولسۇن دەپ سايراپ بېرىدۇ. مەھسۇلاتىمىزنى ئاشسۇن دەپ، زىيانداش ھاشاراتلارنى يەپ تۈگىتىپ بېرىدۇ. پايدىلىق قۇشلار كۆپەيسە يۇرتنىڭ ھۆسنى گۈزەللىشىدۇ. ياخشى بالا قۇشلارغا ئۇۋال قىلمايدۇ، ئۇقتۇڭمۇ؟ — دېدى.

مەن ياخشى بالا بولمىسام كېرەك. ھازىرغىچە تۇتۇپ بېقىپ ئوينايمەن، دەپ بىمەجەل ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئاق قۇشقاچ، سېرىق قۇشقاچ، قارا قۇشقاچلىرىمنىڭ ھەددى-ھېسابى يوق. بۇنى ئاز دەپ تۇتۇپ ساتقان تومۇچۇقلىرىمنىڭمۇ سانى ئاز ئەمەس...

خىيال بىلەن ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قاپتىمەن. بىر چاغدا قارىسام يېنىمدا ئۇ كىشى يوق. بوينۇمنى سوزۇپ ئۇيان-بۇيان قارىدىم. شۇ يەردە دۇكان ئاچقان ساتىراش بوۋاي:

— يولۇڭغا مېڭىۋەر، سەن ئىزدەۋاتقان كىشى كەتتى، — دېدى.

شۇنىڭدىن بېرى تومۇچۇق تۇتۇپ سېتىشنى توختاتتىم. بىلمىدىم، بۇ يىلقى ئۆگىنىش نەتىجەم ئالاھىدە ياخشى بولدى، ئەلاچى بولۇپ سەھنىگە چىقىپ مۇكاپاتىمۇ ئالدىم. شۇڭا مەن ماڭا يولۇققان ھېلىقى ئادەم راست «خىزىر» ئوخشايدۇ، دەپ قالدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تورى

هاجى ئەخمەت

## شېئىرلار

### موماـ گۈزەل پەرىزات

ئېيتىڭ، موما، كۆپ ئەكەن
پەرىلەرنىڭ خىسلىتى؛
راست شۇلارغا باغلىقمۇ،
ئادەملەرنىڭ قىسمىتى؟

پەرىلەرنىڭ چاچلىرى
سىزنىڭكىدەك ئاقمىدۇ؟
تۆت ئەزايى بېجىرىم،
سىزدەك تىمەن، ساقمىدۇ؟

ئەۋلادىغا ئۇلارمۇ
سىزگە ئوخشاش كۆيەرمۇ؟
گۈزەللىكنى، ھاياتنى
سىزدەك قىزغىن سۆيەرمۇ؟

ئوينايلى دەپ چاقىرساق
يېنىمىزغا كېلەرمۇ؟

سىزگە ئوخشاش سىھىرلىك
چۆچەكلەرنى بىلەرمۇ؟

ئېيتىڭ، موما، پەرىلەر
ياشىمۇ ياكى قېرىدىمۇ؟
سېلىشتۇرسا ئەگەردە
سىز گۈزەلمۇ، پەرىمۇ؟...

ئىشەنمەيمەن ھەرگىزمۇ
سىزگە يەتمەس ئۆزگە زات.
پەرى دېگەن راست بولسا،
سىز ئەڭ گۈزەل پەرىزات!

### كۈن ئاداش ۋە ئاي ئاداش

ئەتىگەندە كۈن ئاداش،
كەچقۇرۇندا ئاي ئاداش.
ھەر ئىككىسى ئۆزگىچە،
خىسلەتلەرگە باي ئاداش.

بىرى ئوغۇل، بىرى قىز،
چوڭ پەرقى يوق يېشىدا.
ھەر ئىككىسى ئالتۇن تاج
كائىناتنىڭ بېشىدا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بىرى ئالتۇن يىپ، بىرى —
كۈمۈش تەڭگە چاچىدۇ.
نۇردا يۇيۇپ يۈزۈمنى
دىل بەھرىمنى ئاچىدۇ.

بىرى سەھەر، بىرى كەچ
چىللار مېنى يېنىغا.
جۇش ئۇرىدۇ يۈرىكىم
سىغماي ھەتتا قىنىغا.

چىقاي دېسەم ئاسمانغا
ئانا يەرگە تويمايمەن.
لېكىن كۈن ۋە ئاي بىلەن
ئاداش بولۇپ ئوينايمەن.

### سوقۇشقاق چۆجىلەر

بىر جۈپ چۆجە دان ئىزدەپ
چىققانىدى دالىغا.
ئاچكۆزلۈكى سوغۇقلۇق
سالدى ئىككى ئارىغا.

ئازراق داننى قىزغىنىپ،
ئىككى ھەمراھ سوقۇشتى.

كۆرەڭلىشىپ، بازغىشىپ
باش - كۆزىنى چوقۇشتى.

ئاكا بولدى چارخوراز،
كۆز گۆھىرى قۇيۇلۇپ.
زەربە يېدى ئاق خوراز،
بېشى قانغا بويۇلۇپ.

بولدى قىلماي شۇندىمۇ
جان تىكىشىپ ئېلىشتى.
سۇنايلىنىپ ئاقىۋەت
يەردە يېتىپ قېلىشتى...

قوپتى چۇراپ قۇۋ تۈلكە،
مۆكۈپ ياتقان ئورنىدىن.
ئىككى چۆجە خورازنى
بوغدى كېلىپ بويىنىدىن.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

تۇرسۇنئاي ھۆسەيىن

# شېئىرلار

## شىرزاتنىڭ دوستى

شىرزات بۇ يىل ئون ئۈچتە،
يەتتىنچىدە ئوقار ئۇ.
دەرسلەرنى زېھنىگە
كەشتە قىلىپ توقار ئۇ.
كۆپتۇر ئۇنىڭ دوستلىرى،
ئوخشىمايدۇ يېشىمۇ.
مىجەزلىرى ھەر خىلدۇر،
ئوخشاش ئەمەس ئىشىمۇ.
ئون بەش ياشلىق ئەركىننى
ئۇ يارىتىپ دوست تۇتتى.
بۇ قۆۋ بالا شىرزاتنىڭ
نادان كۆڭلىنى ئۇتتى.
گازىر، پۇرچاق، قاق بېرەر،
بەزى چاغدا ھەم ياڭاق.
شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا،
كېرەك ئىدى ماسلاشماق.
كەپسىز بالا ئۇ ئەركىن

جىمجىت ماڭماس تالادا،
باشقىلارغا چېقىلىپ،
پات - پات قالار بالاغا،
ئاپتوبۇستا شىرزاتقا
بەردى بىر كۈن قاپچۇقنى.
«ۋاي، دات!» دېدى بىر ئايـال،
سىيلاپ دەرھال يانچۇقنى.
ئاپتوبۇسنىڭ ئىشىكى
شۇ مىنۇتتا تاقالدى.
بېكەتلەردە توختىماي
ساقچىنىڭلا يول ئالدى.
ئوغرىلانغان شۇ قاپچۇق
چىقىپ قالدى شىرزاتتىن.
تەن شۈركۈنۈپ، ئاقتى ياش
«يانچۇقچى» دېگەن ئاتتىن.
شىرزات قاقشاپ داتلىدى
«ماڭا ئەركىـن بەردى» دەپ.
ئەستە ساقلاڭ كىچىك دوست،
لايىق بۇ ئىش ئىبرەتكـە.
دوست تاللاشنى بىلمىسە،
شىرزاتتەك قالار دەردكە.

## دادىسىنى ئويغاتتى

سەھەر سائەت ئالتىدە
جىرىڭلىدى قوڭغۇراق.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

گويا كىچىك ئەركىنگە
قوپقىن، — دېدى، — چاپسانراق،
تۇردى ئەركىن ئورنىدىن
كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ.
يالاڭئاداق چوڭ ئۆيگە
يۈگۈرۈپ كىردى ئالدىراپ.
دادىسىنى كۆرگەندە
ئاڭا كۈلكە ياماشتى.
دادىسىغا قول سوزۇپ،
يوتقىنىنى تېز ئاچتى.
ئۇماق، بۇدرۇق قولىدا
دادىسىنى غىدىقلاپ،
كۈلۈپ كەتتى شاكىچىك
خۇشاللىقتا ۋىلىقلاپ.
دېدى ئۇنىڭ دادىسى:
«كىم بۇ مېنى ئويغاتقان؟
بەدىنىمنى غىدىقلاپ،
قۇلىقىمنىمۇ تارتقان؟»
مۆكۈپ كارۋات ئاستىغا
دېدى ئەركىن: «مەن چاشقان.
سېنى تېزرەك قوپسۇن دەپ،
تاڭ سەھەردە ئويغاتقان.»
دېدى كۈلۈپ دادىسى:
«بېرى كەلگىن ھەي چاشقان.
ئېيتقىن مۇنداق سەھەردە

كىم ئۇ سېنى ئويغاتقان؟»
دېدى ئەركىن مۆشۈك كۆز:
«سائەت مېنى ئويغاتقان.
ئويغاتسۇن دەپ ئانامغا
قولىقىنى تولغاتقان.»
دېدى دادا: «سەھەرلەپ
تۇرۇپ كەتتىڭ نېمىشقا؟»
دېدى ئەركىن: «كېچىكمەي
بارايلى دەپ بىز ئىشقا.»
دېدى كۈلۈپ داددىسى:
«سەن ئىشلەيسەن قەيەردە؟»
دېدى ئەركىن: «ھە ئاۋۇ
يەسلى دېگەن بىر يەردە.»



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تارىيسى
www.uyghurkitap.com

تۇرسۇن زېردىن

# قاغا بىلەن قارلىغاچ

(مەسەل)

ياشايدىكەن يېزىدا
قاغا بىلەن قارلىغاچ.
قاغا يوغان قاپقارا،
قارلىغاچ كىچىك ئالىماچ.
ئۆتكۈزەركەن تۈنلەرنى
قاراڭغۇدا يەپ ۋايىم.
ئاڭا دەپتۇ قارلىغاچ:
— تۈن يورۇسا ھەر دائىم.
كۈنلەر ئۆتۈپ، ئاي ئۆتۈپ،
بۇ يېزىغا توك كەپتۇ.
قارلىغاچ ۋە قاغىنىڭ
تىلەكلىرى خوش كەپتۇ.
بىر كۈنىسى كېچىدە
لامپۇچكىلار ئۆچۈپتۇ.
ئايدەك يورۇق يېزىنى
قاراڭغۇلۇق بېسىپتۇ.
قارلىغاچ ئويلاپ بۇ ھالنىڭ،
يېتەلمەپتۇ تەكتىگە.

بىلەر قاغا سوراي دەپ،
قالدۇرۇپتۇ ئەتىگە.
ئەتىگەندە قاغىنىڭ
ئۆچۈپ كەپتۇ ئالدىغا.
سالام بېرىپ سوراپتۇ
تارتىپ ئۇنى دالدىغا:
— قاغا ئاكا، كېچىدە
ئۆچتى ھەممە لامپۇچكا.
بىلەلمىدىم سىرىنى
نېمە ئىشتۇ بۇ ئاكا.
قاغا ئەسلا بىلمەيتتى،
لامپۇچكىنىڭ سىرىنى.
ئۆگەنمىگەن زادىلا
توك دېگەننىڭ تىلىنى.
بىلمىگەننى بىلدىم دەپ،
گەپ باشلىدى كېرىلىپ.
راستۇ بۇ دەپ قارلىغاچ
تىڭشىمىدى بەك بېرىلىپ.
— قاپاق كاللا قارلىغاچ،
ئەقلىڭ تۆگەپ كەتتىمۇ؟
بىكار قىلدىڭ ئاۋارە،
مۇشۇ كىچىك ئىشقىمۇ؟
لامپۇچكىنىڭ ئۆچكىنى
پىلىك، مېيى تۆگكىنى.
بولمىسا گەر ماي، پىلىك،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

سىم چىراغىنىڭ پۈتكىنى.
قارلىغاچ قايىل بولمىدى،
قاغا بەرگەن جاۋابقا.
جاۋاب ئالماق بولدى ئۇ،
يەنە يېگى سوراققا.
ــ لامپۇچكىنىڭ خىلى كۆپ،
خىلدىنمۇ سانى كۆپ.
پىلىك، مېيى بارىنىڭ،
تەڭ تۈگەمدۇ ـ تەڭ ئۆچۈپ؟
قاغا تۈردى قاپاقنى،
سىلىپ تۈۋەن قاناتنى.
ئۇيان ـ بۇيان ئالچاقلاپ،
بەردى يەنە جاۋابنى:
ــ ئىشەنمىسەڭ بېرىپ كۆر،
قاپاق، نوغۇچ چىراغنى.
شۇ چاغدىلا بىلىسەن
پىلىك، مېيى تۈگەننى.
قارلىغاچ بېرىپ قاردى
ھەر چىراغنىڭ تۈۋىگە.
ھەممىسىدە پىلىك، ماي
كۆرۈنمىدى كۆزىگە.
قارلىغاچ ئەمدى ئىشەندى
قاغا باينىڭ سۆزىگە.
بىلىدىكەن قاغاكام،
دېدى شۇئان ئۆزىگە.

قارلىغاچ كەتتى نەگىدۇ،
يۆردى ئويناپ پىرقىراپ.
كەچ كىرگەندە يېزىغا
قايتتى ئۇچۇپ غۇرقىراپ.
كەلسە چىراغ يېنىپتۇ،
قاراڭغۇلۇق ئۆچۈپتۇ.
نۇر ئىچىدە ئىرغاڭلاپ
قاغا بايمۇ يۆرۈپتۇ.
ھەيران بولۇپ قارلىغاچ،
ھەر چىراغقا بىر باقتى.
چىراغلارنىڭ ئىچىدە
بىرتال پىلىك، ماي يوقتى.
قارلىغاچ بەك ھەيران بوپ
قاغا باينى توردى.
بىلىۋېلىش ئۈممىدى،
ئۇ مۇنداق دەپ سوردى:
— قاغا ئاكا، لامپۇچكا
يېنىپ كەتتى پارقىراپ.
پىلىك، ماينى كۆرمىدىم
ھەر بىرىگە بىر قاراپ.
قاغا قاراپ چىراغقا،
قالدى بىردەم ئويلىنىپ.
ئاخىر تاپتى بىر يالغان،
بەردى جاۋاب خۇيلىنىپ:
— زېھنى ئالا ئالىماچ،

جىن كۆزۈگىدە قارىغاچ،
كۆرەلمەيسەن زادىلا
ئويلاپ ئەقىل تاپمىغاچ.
لامپۇچكىنىڭ ئىچ ـ تېشى
بىرخىل سىردا سىرلانغان.
ماي ھەم پىلىك ئىچىگە
كۆرمەس قىلىپ سېلىنغان.
قاغا باينىڭ جاۋابى
تۈگىمەيلا غاز كەلدى.
يالغان جاۋاب راستچىغا
ئەجەب ئۇيات ـ ئاركەلدى.
قاغا ئېغىز يۇمغاندا
غازباي كۈلدى قاقاقلاپ.
دېدى ئاندىن قاغىغا:
ــ ئېيتقانلىرىڭ بارى لاپ.
لامپۇچكىغا پىلىكمۇ
سېلىنمىغان ئەزەلدىن.
پۈتەي تۇرسا لامپۇچكا،
ماي قۇيىدۇ قەيەردىن؟
توك ئېقىمى سىم ئارا
كەلسە يانار لامپۇچكا.
ئاشۇ ئېقىم توختىسا
ئۆچەر دەرھال لامپۇچكا.
يالغان ئېيتىش ئۇيات ئىش،
چوڭ ـ كىچىكنىڭ ئالدىدا.

يالغانچىلىق ھەركىمنى
قالدۇردۇ ئارقىدا.
بىلگىنىڭنى بىلدىم دە،
كۆرگىنىڭنى كۆردۈم دە،
بىرى سوئال سوردىسا،
توغرىسىنى سۆزلەپ بە!
قاغا تۇرۇپ قىزاردى،
بويۇن قىستى، ئۇيالدى.
يالغىنىغا تۇۋا، دەپ
ئۇۋدىسىغا يول ئالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

مەتقۇربان ئىسمائىل

# شېئىرلار

## باللار ئارزۇسى

باللىقىم، باللىقىم —
ئۆسۈپ يېتىلەر چېغىم.
بەردى ماڭا كۈچ - ئوزۇق،
ھۆر ۋەتىنىم — تۇپرىقىم.

باللىقىم، باللىقىم،
پەن - بىلىمدۇر تاتلىقىم.
ئۆزۈم بىر يۇمران كۆچەت،
مەكتىپىم گۈزەل بېغىم.

باللىقىم، باللىقىم،
شوخ، ئەدەبلىك قىلىقىم.
كېلەچەكنى كۆزلەيدۇ
ھەر قەدىمىم، تىنىقىم.

باللىقىم، باللىقىم،
مىنۇت ۋاقتىم - بايلىقىم.

ئىسراپ قىلماي مەن ئۇنى
ئوقۇيمەن تاپماي تىنىم.

بالىلىقىم، بالىلىقىم،
ئۇ بىر توختىماس ئېقىم.
دېرەك پارلاق ئىقبالدىن
گالستۇكۇم، بايرىقىم.

بالىلىقىم، بالىلىقىم،
ھۆر ۋەتىنىم ئامرىقىم.
ئۇنى ھەردەم قوغداشقا
ئاتالغاندۇر بارلىقىم.

## كوچەت ۋە مەن

قولۇمدا بار كەتمىنىم،
گالستۇكۇم يەلپۈنەر.
يېڭى بىر باغ ياساشقا
قەلبىم شۇنچە تەلپۈنەر.

شۇڭا پەنگە ئىشتىياق
باغلىغاندەك زوق بىلەن،
كۆچەت تىكتىم دەرستىن —
كېيىن ھارماس روھ بىلەن.

مەن كۆچەتكە قارايمەن،
كۆچەت ماڭا يارايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

قونۇپ نوتىلىرىغا
بۇلبۇل خۇش خۇي سايرايدۇ.

كۆچەت بولار مېۋىلىك،
مەن بولارمەن بىلىملىك.
ھەر ئىككىمىز بولارمىز
كەلگۈسىگە كېرەكلىك.

## توپ

پوك ـ پوك قاڭقىپ قاچىماڭ توپ،
سىزنى ئۇرۇپ قويسام توپ.
تېزدىن سىزگە يېتىشەي،
ئاندىن پەرۋاز ياساڭ توپ.

ئويناي ئۇرۇپ مەن يەرگە،
ئۆرلەڭ يەنە كۆكلەرگە،
چۆمەي راسا پاك تەرگە،
مېنى شۇنداق تاۋلاڭ توپ.

سىزگە دىلدىن ئامراقمەن،
قەلبى گويا قايناقمەن،
جەڭگە تەييار ھەرۋاقمەن،
چېنىقىپ بولاي گاڭ، توپ.

ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر

# ئالما

(ھېكايە)

ئەركىن دادىسى بەرگەن ئون تىيىننى چىڭ سىقىمدىغىنىچە بازارغا يۈگۈردى. ئۇ بۇ پۇلغا ئالما ئېلىپ يېمەكچىدى. نېرىراقتا بېشىغا مانچىستىر دوپپا كىيىپ چىبەرقۇت چاپىنىنىڭ ئۈستىنى پوتا بىلەن چىڭ باغلىغان ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاي ئالما سېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ يوغان سېۋىتىنىڭ ئەتراپىغا ئادەملەرنىڭ شۇنچىۋالا ئولىشىۋالغىنىغا قارىغاندا، ئالمىسى ئەرزان ھەم تاتلىق بولسا كېرەك...

ئەركىن ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ باردى ـ دە، ئادەملەر ئارىسىغا قىستالدى.

— بوۋا، بوۋا! ماڭا ئون تىيىنلىق ئالما بېرىۋېتىڭە!

تارازا تۇتۇپ، ئالدىراش ئالما سېتىۋاتقان بوۋاي ئەركىنگە لاپ ئېتىپ قارىدى.

— ھوي، قىستاشماڭلار، ھەممىڭلارغا يېتىدۇ... ماۋۇ كىچىك بالىغا ئاۋۋال بېرىۋېتەي، ئۇنى دەسسەپ قويماڭلار يەنە!

بوۋاي ئۈچ تال ئالمىنى جىگلاپ، ئەركىننىڭ شەپ-
كىسىگە تۆكۈپ بەردى. كىشلەر بالمىنى قىستاپ چەتكە
چىقىرىپ قويدى. ئەركىن ئالما ئالغان شەپكىسىنى مەيدى-
سىگە باسقىنىچە چوڭ يولنى كېسىپ بۇ تەرەپكە ئۆتتى-
دە، ئاندىن خاتىرجەم بولۇپ شەپكىسىدىكى ئالمىلارغا قا-
رىدى. مەي باغلاپ پىشقان رەڭدار ئىلى ئالمىسى كى-
شىنىڭ زوقىنى كەلتۈرەتتى.

«ئاۋۇ كىچىككىنە ئۇكام دىلشاتقا بېرىمەن، — دەپ
ئالمىلارنى كۆڭلىدە تەقسىم قىلىشقا باشلىدى ئەركىن، —
ماۋۇ قىزىرىپ پىشقىنىنى ئاپامغا بېرىمەن. مۇنۇ بىرىنى
ئۆزۈم يەيمەن. دادامغىچۇ؟ ھەتتىمگىنەي، ئالما تۆت
تال بولۇپ كەتكەن بولسا...»

ئۇ ئۆزىگە ئاتىغان ئالمىنى شەپكىسىدىن ئېلىپ يې-
مەكچى بولۇپ، قەدىمىنى توختاتتى-دە، بىردىنلا تات-
رىپ كەتتى. ئۇنىڭ بىر قولىدا ھېلىقى ئون تىيىن پۇل
تېخىچە سىقىمدالغان ھالدا تۇراتتى. ئۇ قانداق قىلىپ
پۇلنى بېرىشنى ئۇنتۇپ قالدىكىنە؟

ئەركىن ئالاقزادە بولۇپ ئارقىسىغا قارىدى. بوۋاي
ھېچنىمىدىن خەۋەرسىز، ئالدىراش ئالما ساتماقتا ئىدى.

«قانداق قىلسام بولار؟ پۇلنى بەرمەيسەن، دەپ
تۇتۇۋالسا قانداق قىلارمەن. مۇئەللىم بىلىپ قالسا...
ئۇنىڭ ئۈستىگە دادام...» شۇلارنى ئويلاپ ئەركىننىڭ
پۈتۈن بەدىنى شۈركۈنۈپ كەتتى. ئۇشتۇمتۇت «قاچ،
نېمىگە قاراپ تۇرىسەن!» دېگەن ئاۋاز قۇلىقىغا ئاڭلانغان-
دەك بولدى-دە، يول ياقىسىنى بويلاپ ئۇچقاندەك يۈ-

گۆردى. ئۇ ئۆز ئۆيىگە كېتىدىغان تار كوچىغا يېتىپ
كەلگەندە توختاپ ئارقىسىغا قارىدى. ئارقىسىدا ئۇنى قوغ-
لاپ كېلىۋاتقان ھېچ كىشى يوق ئىدى، كۆڭلى بىر ئاز
ئورنىغا چۈشكەندەك بولۇپ، ئېرىق بويىدا ئولتۇرۇپ ئال-
ما يېيىشكە باشلىدى. قەلبىنى غەشلىك قاپلىۋالغاچقىمۇ
ئالما ئۇنىڭ ئاغزىغا زادىلا تېتىمىدى.
«ئەمدى بۇ ئون تىيىنغا قېرىنداش ئالاي»دەپ ئوي-
لىدى ئەركىن. دېمىسىمۇ قېرىندىشى ئۇچلىنىۋېرىپ كى-
چىككىنە قالغانىدى، — ياق، بۇ پۇل بوۋاينىڭ پۇلى، ئەڭ
ياخشىسى، ئۆزىگە ئاپىرىپ بېرەي. بىراق ئۇيەردە تۇر-
غان ئادەملەر: «بۇ بالا ئالمىنىڭ پۇلىنى بەرمەي قېچىپ-
تىكەن-دە، دەپ ئويلاپ قالسىچۇ!؟ ...»
ئەركىن ئۇزاق ئويلاپ پۇلنى ئولتۇرغان يېرىگە
تاشلاپ قويۇپلا كەتمەكچى بولدى. ئۇ ئورنىدىن قوزغى-
لىپ، ئەمدىلا بىر-ئىككى قەدەم تاشلىۋىدى، ئارقىسىدىن
بىرىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:
— ھەي بالا، پۇلۇڭ...
ئەركىن چۆچۈپ ئارقىسىغا قارىدى. ئۆزى بىلەن
تەڭتۇش بىر بالا ئۇ تاشلاپ قويغان ئون تىيىننى يەر-
دىن ئېلىۋېلىپ، ئۇنىڭغا قاراپ كېلىۋاتاتتى.
ئەركىن پۇلنى قولىغا ئالدى. ھېلىقى بالا ئەركىن-
گە قاراپ كۈلۈپ قويدى-دە، يۈگۈرۈپ كەتتى. ئۇنىڭ
چوغدەك گالستۇكى شامالدا يەلپۈنۈپ ئەركىننىڭ يۈرى-
كىنى دولقۇنلاتتى.
«... توغرا، باشقىلارنىڭ ھەققىنى ئۆزىگە تاپشۇرۇش—

بىر پىئونېرنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچى.» ئەركىن يېنىك بىر نەپەس ئېلىپ ئالمىچى بوۋاي تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

بۇ چاغدا بوۋاي ئالمىلىرىنى سېتىپ بولۇپ قۇرۇق سېۋەتنى يېنىغا قويۇپ پۇل ساناۋاتاتتى. ئۇ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلگەن بالىغا بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى.

— بالام!...

— بوۋا، ھېلىمەن سىزدىن ئون تىيىنلىق ئالما ئېلىپ، پۇلىنى بەرمەي كېتىپ قاپتىمەن.

ئەركىن ئالقىنىدا تۇردۇېرىپ پۇرلىشىپ كەتكەن پۇلنى بوۋايغا سۇندى. بوۋاي ئۆزىگە يەر تېگىدىن قاراپ تۇرغان ئون بىر ياشلار چامىسىدىكى قىزىل گالستۇك تاققان ئوغۇلنىڭ قولىدىن پۇلىنى ئالدى ۋە چاپىنىنىڭ يانچۇقىدىن قىزىرىپ پىشقان ئەرچۇزا ئالمىنى ئېلىپ ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

— بالام، ئون تىيىنىڭ كارى چاغلىقتىمغۇ...

ئەركىن، بوۋاي بەرگەن ئالمىنى تارتىنىپ ئالدى - دە، يەنە ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كەتتى.

— سىېنى ئوقۇتقان ئۇستازىڭغا رەھمەت! — دەپ ۋارقىرىدى بوۋاي ئۇنىڭ ئارقىسىدىن.

ئەركىن ئۆز ئۆيىگە كېتىدىغان كوچىغا بۇرۇلغاندا، قولىدىكى ئالمىنى چىشلىدى. بۇ ئالما بەكمۇ شېرىن ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭغا پىشقەدەم باغۋەنىنىڭ مېھىر - شەپقىتى، قىزغىن تەشەككۈرى سىڭگەنىدى ...

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم

# پاختەكلەر

(ھېكايە)

بالا چاغلىرىمدا يۈز بەرگەن كىچىككىنە بىر ئىش ھازىرغىچە خاتىرەمدە.

قىش كۈنىنىڭ بىر ئەتىگىنى ئىدى. تالادىن سۈپۈرگە كۆتۈرۈپ كىرىۋاتقان ئانامدىن كېچىدىن بېرى تۆت ئىلىك قېلىنلىقتا قار ياغقانلىقىنى ئاڭلىشىم بىلەنلا ئۇيقۇسىراپ تۇرغان كۆزلىرىمنى بېسىپ تۇرغان قاپاقلىرىم بىردىن يەڭگىللەپ كەتتى. مەن يوتقىنىمنى ئىرغىتىپ تاشلاپ چالا-بولا كىيىنىدىم-دە، پاكىز سۈپۈرۈلگەن ھويلىدىن يۈگۈرۈپ ئىشىك ئالدىغا چىقتىم.

پاھ! راستىنلا قار يېغىپتۇ! يىراقتا سوزۇلغان مەھەللە يوللىرى، ئۆگزىلەر، دەل-دەرەخلەر ئاپئاق قارغا كۆمۈلگەن. ھېلىمۇ پىلىلداپ چۈشۈۋاتقان قالدۇق قار ئۇچقۇنلىرى ئېچىلىشقا باشلىغان قۇياشنىڭ نۇرىدا كۈمۈش ئۇۋاقلىرىدەك ئاق نۇر چاقنىتاتتى. مەن زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ قارغا قولۇمنى پاتۇرۇپ بېسىۋىدىم، تۆت بارمىقىم ئەمەس بەشلا بارمىقىم چۆكۈپ كەتتى. «قار تازا قېلىن يېغىپتۇ!» دېدىم ئىچىمدە ۋە سوغۇق، ساپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

ھاۋادىن قانغۇدەك بىر سۈمۈرۈۋېلىپ ھويلىغا قاراپ يۈگۈردۈم.

— ھوي نىياز، ئەتىگەندە يەنە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ — دېدى ئۆگزىدە تۇرۇپ قوتانغا چۆپ تاشلاۋاتقان دادام مېنىڭ بىر نېمىلەرنى ئىزدەپ ئاۋارە بولۇۋاتقىنىمنى كۆرۈپ.

شۇتاپتا دادام قانچە ۋارقىرىسىمۇ دىققىتىمنى جەلپ قىلالماسلىقى تۇرغانلا گەپ ئىدى. ئۇندىسىمەي قويغانلىقىم سەۋەبلىك دادامنىڭ تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ كېتىشىنى پەملىگەن ئانام:

— ئەتىل ئەمەسمۇ؟ نېمە قىلغۇسى كەلسە قىلماسدۇ؟ — دېدى مېنىڭ تەرىپىمنى ئېلىپ.

دادام ئانام بىلەن گەپ تالىشىپ تۇرماي، توختىماي مۆرەۋاتقان كالىلارغا قار توزۇتقىنىچە چۆپ تاشلاشنى داۋام قىلدۇردى. مەنمۇ ئانامنىڭ ئۆيگە كىرىپ كەتكەن پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، سېۋەت ۋە بىر باغلام تاننى كۆتۈرۈپ غىپلا قىلىپ تالاغا چىقىۋالدىم.

مەن ئەمدىلا ئېچىلىشقا باشلىغان چىغىر يول بىلەن خامان تەرەپكە كېتىپ باراتتىم، ئايىغىم ئاستىدىن «غىچ - غىچ» قىلغان ئاۋاز چىقاتتى. راستىنى ئېيتسام، بۇ يۇمشاق پاكىز قار ئۈستىگە دەسسىگۈم كەلمەيتتى. چۈنكى بۇ ئۇزۇندىن بېرى مېنى تەقەززا قىلىپ كەلگەن تۈنجى قار ئەمەسمۇ؟ ئۆتكەن يىلى ئاخىرقى قار ياغقان كۈنلەردە ئويتوغراقتا ئولتۇرۇشلۇق بىر نەۋرە ئاكامنىڭ ئۆيىمىزگە كېلىشى مەندە كارامەت بىر تەسىر

قالدۇرغانىدى. نەۋرە ئاكام شۇ چاغدا ئىشىك ئالدىدا
ياسىغان قار ئادەم مېنىڭلا ئەمەس، مەھەللىمىزدىكى
پۈتۈن بالىلارنى ھەيران قالدۇردى. ئۇ تېخى سېۋەت
ۋە تاڭدىن قاپقان تەييارلاپ، قۇشقاچ تۇتۇشنى بىلەت-
تى. نەۋرە ئاكامنىڭ پۈتۈن ئويۇنلىرى ئىچىدە بۇ ئويۇن
ماڭا بەكمۇ يېقىپ كەتتى. ئىچىمنى پۇشۇرغىنى شۇ بول-
دىكى، ئۇ قايتىپ كەتكەن كۈنىنىڭ ئەتىسىلا ھاۋا ئىسسىپ،
قارلار ئېرىشكە باشلىدى. ھەر كۈنى ئاسمانغا، بۇلۇت-
لارغا قانچىلاپ تەلمۈرۈپ قارىساممۇ قار ياغمىدى.
بەلكى نەۋرە ئاكام ماڭا قۇشقاچ تۇتۇشنى ئۆگەتكەن
خاماندا قوناق، بۇغداي ۋە كەندىر مايسىلىرى ئۈنۈپ
چىقىشقا باشلىدى...

يازمۇ ئۆتۈپ كەتتى. كۈزمۇ ئۆچەكەشكەندەك
ئۇزۇنغا سوزۇلدى، قىش كېلىشىگىلا مەن قارنىڭ يېغى-
شىنى يەنە كۈتۈشكە باشلىدىم، بەزى كېچىلىرى، ئويغىنىپ
كەتكەن چاغلىرىمدا، ئاي يورۇقى چۈشكەن تۈڭلۈكنىڭ
گىرۋەكلىرىگە قاراپ، قار ياغدىمۇ نېمە، دەپمۇ قالات-
تىم، قار ياغسا نەۋرە ئاكام ئۆگەتكەن چارە بويىچە ئۆز
قولۇم بىلەن قۇشقاچ تۇتۇپ ئويناشنى بەكمۇ ئارزۇ
قىلاتتىم.

بۈگۈن تەلىيىمگە بىر غېرىچچە قېلىنلىقتا قار ياغ-
قان، مەن قار چۈشمىگەن يەرلەردە كېتىپ بارىمەن،
مانا خامانغىمۇ يېتىپ كەلدىم. ئۆتكەن يىلى نەۋرە ئاكام
بىلەن نىشان قىلىۋالغان يەرنى قارنىڭ سوغۇقىغا پەرۋا
قىلماستىن ھەش-پەش دېگۈچە سۈپۈرۈپ بىر پارچە

كىمگىز ئورنىچىلىك مەيدان ھازىرلىدىم، سېۋەتنى دۈم كۆمتۈرۈپ، قىرىغا ئىككى غېرىچ كېلىدىغان يۇلغۇن ياغىچىنى تىرىدىم. تىرەككە تانىنىڭ بىر ئۇچىنى باغلىدىم، ئىشتىنىمنىڭ يانچۇقىدىن بىر ئۇچۇم كەندىرنى ئېلىپ سېۋەت ئاستىغا چاچتىم ـ دە، تانىنىڭ بىر ئۇچىنى مەھكەم تۇتقىنىمچە دوڭغاق جىگدىنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇپ، قۇشقاچلارنىڭ كېلىشىنى كۈتۈشكە باشلىدىم.

كۈنىنىڭ خېلى ئەتىگەن بولۇشىغا قارىماي، قىش كىرگەندىن بۇيان بۇ يەردە دانلاپ ئۆگىنىپ قالغان قۇشقاچ ۋە تۇمۇچۇقلار تەنھەرىكەت مەيدانىنىڭ چوڭلىغىچىلىك خامانىنىڭ پاكار سوقما تاملىرى كەينىدە ئۆسكەن كاداڭ دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىغا يىغىلىپ ئۈلگۈرگەنىدى. ئۇلار تىنىماي چۇرۇقلىشاتتى. شاختىن شاخقا سەكرىشەتتى. بەزىلىرى ئۆمىدسىزلەنگەندەك تۇمشۇقىنى پەيلىرىنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇپ ئۈگدىشەتتى.

لېكىن مەن قارلىرىنى سۈپۈرۈۋەتكەن يەر ئاچ قۇشقاچلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلماي قالمايتتى. دېگەندەك ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا بىر جۈپ قۇشقاچ پۇرىدە پەسلەپ سېۋەتنىڭ يېنىغىلا چۈشتى. يۈرىكىم دۈپۈلدەشكە باشلىدى. بىراق كۆپرەك ئولجىغا ئېرىشىمەن دەيدىكەنمەن، ئەلۋەتتە، يەنە سۆكۈت قىلىشقا، كۆپرەك قۇشقاچنىڭ سېۋەت ئاستىغا كىرىشىنى چىداملىق بىلەن كۈتۈشكە توغرا كېلەتتى.

ئىش ئويلىغىنىمدەك بولمىدى. سېۋەت ئاستىغا كىرىپ كېلىشمەكە باشلىغان جۈپ قۇشقاچقا ئەمدىلا ئىككى ـ

ئۈچ قۇشقاچ قوشۇلۇۋىدى، نەدىندۇ پەيدا بولغان بىر قۇرغۇي دەرەخ شاخلىرى ئارىسىغا بىر شۇڭغۇپلا ھەممە قۇشقاچنى ئۈركۈتۈۋەتتى. مەن ھېلىقى بىرقانچە قۇش-قاچنى بولسىمۇ قاچۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، تاننى تارتىپ دۈم كۆمتۈرۈلگەن سېۋەتنى ئېچىپ قارىدىم، قۇشقاچ تۈگۈل ئۇنىڭ مايىغىمۇ كۆرۈنمىدى. تاننى بۇ-رۇنراق تارتمىغىنىمغا ئېچىندىم-دە، جىگدە تۈۋىدە يەنە چاشقان مارىلاۋاتقان مۈشۈكتەك تۈگۈلدۈم.

ئاستا ئۇرۇۋاتقان سوغۇق شامال يۈزۈمنى چىقىپ ئۆتۈۋاتاتتى. قوللىرىممۇ ئۇيۇشۇپ قىزىرىپ كەتكەن. قورسىقىمنىڭ كورۇكىراشقا باشلىغىنىمۇ مەن ئۈچۈن بىر ئازاب بولدى. ئەمما بۇ يەردىن ئۇلجىسىز قايتىپ كېتىش-كە كۆڭلۈم ئۇنىمايتتى. سېۋەت ۋە تانلىرىمنى كۆتۈرۈپ قۇرۇق قول قايتسام يولدا ئۇچرىغان ئاغىنىلىرىم مېنى مەسخىرە قىلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قار ئېرىپ كەتسىچۇ؟

دادامنىڭ ۋە ئانامنىڭ كايىشلىرىنى، قورساق ئاچ-لىقى بىلەن سوغۇق دەردىنى ئۇنتۇپ چۈشكىچە قىمىرلى-ماسلىق قارارىغا كېلىپ تۇراتتىم. بىر جۈپ قۇش ئۇچۇپ كېلىپ ئۈستۈمدىكى جىگدە شېخىغا قوندى.

— پاختەك!

مەن خۇشاللىقىمدىن ۋارقىرىۋېتىشكە تاس قالدىم، چۈنكى پاختەك قۇشقاچتىن چوڭ قۇش، ئەگەر ئۇ سېۋە-تىمنىڭ ئاستىغا چۈشۈپ قالدىمۇ، بولدى. ئىشىمنىڭ ئوخشىغىنى شۇ! پاختەكنى تۇتۇپ ئۆيگە بارسام دادامىمۇ،

ئاناممۇ مېنىڭ باشباشتاقلىقىمنى كەچۈرۈشى مۇمكىن،
يەنە كېلىپ «نىياز پاختەك تۇتۇۋاپتۇ» دېگەن خەۋەر
بۆگۈنلا مەھەللىمىزدىكى ئاغىنىلىرىم ئارىسىدا چاقماق
تېزلىكىدە تارقىلىپ، ئۇلارنىڭ زوقىنى قوزغايدۇ. نەۋرە
ئاكام تېخى پاختەك گۆشى مەززىلىك بولىدۇ، دېمەمدىغۇ؟

مەن پاختەك گۆشى بىلەن قىلىنغان كەچلىك غىزا-
نىڭ خىيالىنى تەممىنى تېتىۋاتقان چېغىمدا ھېلىقى بىر
جۈپ پاختەك قارلىرى تازىلىنىۋېتىلگەن يەرگە ئۆزىنى
ئاتتى. يۈرىكىم قاتتىق دۈپۈلدىسىمۇ تىنىقىمنى تېشىمغا
چىقارمىدىم.

پاختەك قوشقاچقا قارىغاندا گالۋاڭراق بولسا
كېرەك. كۆپ ئايلىنىپ چۆچۈپ يۈرمەيلا سېۋەتنىڭ ئاس-
تىغا كىرىپ، خاتىرجەم دانلاشقا باشلىدى. پۈتۈن دىق-
قىتىمنى جەملەپ قىزىرىپ كەتكەن قولۇمغا پېتىپ كەت-
كەن تانىنى شۇنداق تارتىۋىدىم، ھېلىقى پاختەكلەر
سېۋەت ئاستىغا باسۇرۇلۇپلا قالدى. مەن جىگدە تۈۋى-
دىن توشقاندەك سەكرەپ چىقىپ چاپىنىمنى سالدىم
ۋە سېۋەتنىڭ ئەتراپىنى مەھكەم ئوراپ ئاستا قولۇمنى
تىقتىم.

تۇتۇۋالغىنىم تازا سېمىز پاختەكلەردىن بولۇپ
چىقتى. خۇشاللىقىمنى ئىچ - ئىچىمگە سىغدۇرالماي، ئۇل-
جىلىرىمنى يىغىشتۇرۇپ ئۆيگە تەرەپكە ماڭدىم.

— دادا، ئانا، قاراڭلارچۇ، نېمە تۇتۇۋالدىم؟ —
مەن ئىشىكتىن ئۆتىلىپ دېگۈدەك كىردىم ۋە ئالدى بىلەن
كەتمەن سېپى بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان دادامنىڭ ئالدىغا

بېرىپ تومپېيىپ تۇرغان قوينۇمنى كۆرسەتتىم. دادام ئاچچىقلانغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ خۇشاللىقىمغا ھېچ ئورتاقلاشقۇسى يوقتەك مانا مۇنداقلا قاراپ قويۇپ دېدى:

— قارا سېنى، توڭلاپ قىزىرىپ كېتىپسەن، ماڭ چېيىڭنى ئىچىۋال.

— قارىغىنا دادا، — دېدىم مەن ئۇنىڭ دىققىتىنى قوزغاش ئۈچۈن مەغرۇر ئاۋاز بىلەن، — بىر جۈپ پاختەك تۇتۇۋالدىم، تازا سېمىز ئىكەن، سەن بوغۇزلاپ بەرگىن، ئانام غىزا قىلىپ بەرسۇن.

دادام قولىدىكى ئىشنى توختىتىپ ئاستا يېنىمغا كەلدى ـ دە، سۆزلىرىمگە قىزىقىۋاتقاندەك سورىدى:

— ھە، پاختەكمۇ؟

مەن ئىككى قولۇمنى قوينۇمنىڭ ئىككى تەرىپىگە تەڭلا سېلىپ، پاختەكلەرنى ئېلىپ دادامغا بەردىم، دادام قولىدىكى پاختەكلەرنى ئۇيان ئۆرۈپ، بۇيان ئۆرۈپ قاراپ چىقتى ۋە نېمىنىدۇر ئويلاپ قالدى. دادامدىن بىرەر ماختاش سۆزىنى تەمە قىلىپ تۇرۇۋاتقىنىمدا، ئۇ رازى بولغاندەك ئاھاڭدا:

— راستىنلا سېمىز پاختەكلەر ئىكەن، — دېدى ـ دە، پاختەكلەرنى تۈڭلۈكنىڭ ئاستىغا ئەكىلىپ، بارماقلىرىنى تۇيۇقسىز بوشاتتى.

— ئۇچۇپ كەتتى! ئۇچۇپ كەتتى!

مەن ئاللا ـ تۇۋا قىچقىرىپلا قالدىم، پاختەكلەر بولسا تۈڭلۈكتىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ، كۆك ئاسمان قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى.

— ئۇچۇپ كەتتى! ئۇچۇپ كەتتى!

خاماندا سائەتلەپ توكۇلاپ ئولتۇرغىنىم بىكارغا كەتتى. بۇنىڭ ئۈستىگە دادامنىڭ مېنىڭ ئەمگىكىمگە مۇنداق مۇئامىلە قىلغىنىچۇ؟ پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى قاپلىۋالغان ئاچچىق ۋە نارازىلىق دەستىدىن سۇپىغا ئۆزۈمنى تاشلاپ ھۆكرەپ يىغلىۋەتتىم.

ئانچە ئۆتمەي مۇرەمگە بىر قول يېنىككىنە كېلىپ تەگدى. بېشىمنى كۆتۈرسەم يېنىمدا دادام تۇرۇپتۇ. ئادەتتە ماڭا بەكمۇ كۆيۈنىدىغان ئاناممۇ دادامنىڭ يولسىزلىقىنى ئەيىبلىمەكتە يوق، كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى، بېشىمنى يەنە بىلەكلىرىمنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ ئۆپكىدەشكە باشلىدىم. دادام بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ:

— ئوغلۇم، پاختەك بارغانسېرى ئازىيىپ كېتىۋاتقان قۇش، ئۇ بىزگە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىپ بېرىدۇ، ئۇ خالىغىنىچە ئۇچسۇن، كۆپەيسۇن، ياز كېلىشى بىلەنلا تېخى سەن ئۇنىڭ بالىلىرىنى كۆرىسەن، — دېدى، ئارقىدىنلا ئۇ ئانامغا توخۇ سويۇپ كەچلىك غىزا قىلىشنى تاپىلىدى.

شۇ يىلى قىشتا يەنە ئىككى قېتىم قار ياغدى، ئەمما مەن پاختەك ياكى قۇشقاچ تۇتۇشقا بارمىدىم. زېرىككەن چېغىمدا نەۋرە ئاكام ياسىغاندەك قار بوۋاي ياساپ ئويناپ، ئىچ پۇشۇقۇمنى چىقاردىم. ئىشىك ئالدىغا ياساپ قويغان قار بوۋايلىرىم ئېرىپ كەتتى، ئۇزاق ئۆتمەي ئەتىياز ئۆرۈلۈپ، يازمۇ يېتىپ كەلدى. بىر

كۈنى دادام ۋە مەن ئېتىزلىقتا كېۋەز ئوتاۋاتاتتۇق. ئۇ تۇيۇقسىز ماڭا:

— قارا، — دېدى قولى بىلەن ئاسماننى كۆرسىتىپ، مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىۋىدىم، دەل دوڭغاق جىگدە دەرىخىنىڭ ئۈستىدىن ئەركىن قانات قېقىپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان تۆت پاختەكنى كۆردۈم-دە، دادامدىن سورىدىم:

— دادا، ھېلىقى پاختەكلەر شۇمۇ؟

دادام يىراقلىشىۋاتقان پاختەكلەرگە زوقمەنلىك بىلەن قاراپ تۇرۇپ بېشىنى لىڭشىتقاچ دېدى:

— كۆردۈڭمۇ ئوغلۇم، ئۇلار مانا ئىككى جۈپ بوپتۇ. كىشىلەر ئۇنىڭغا چېقىلمىسا يەنە تۆت جۈپ، سەككىز جۈپ بولىدۇ...

دادامدىن پاختەكلەر تۈپەيلى پەيدا بولغان رەنجىشلىرىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ساقىندىلىرى شۇ كۈنى كۆڭلۈمنىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىدىن تامامەن يۇيۇلۇپ كەتتى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

تۇرسۇن نىياز

# مەسەللەر

## «شەيتانچاق» تىن ئاۋاز

بىر كۈنى ئەخمەت ھويلىسىغا توختىتىپ قويغان ۋېلسىپىتىنىڭ يېنىدا ئاستا پىچىرلىغان بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ قالدى:

— ھەي، مودۇر - چوقۇر تاش كامىر، سەن نېمانچە جاپاكەش ۋە بىچارە؟ قاچان كۆرسەم يۈز - كۆزلىرىڭ لاي ۋە توپا - چاڭ بىلەن بۇلغانغان، سەنمۇ ماڭا ئوخشاش پاكىز يۈرسەڭ بولمامدۇ؟

ئەخمەت بىر قاراپلا بۇ ئاۋازنىڭ ئۆز ۋېلسىپىتىنىڭ تاش كامىرىنىڭ يىرتىقىدىن پۇلتىيىپ چىققان، خۇددى قانسىرىتىلىۋاتقان ئۆپكىگە ئوخشاش سۇس - قىزىل قوۋۇزلىرىنى كۆپتۈرۈپ سۆزلەۋاتقان ئىچ كامىرنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى سەزدى - دە، ئۇلارنىڭ سۆھبىتىگە ئۈن - تىنسىز قۇلاق سالدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان تاش كامىرنىڭ غەزىپى قايناپ تاشتى، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، ئىچ كامىرغا ئېگىلىپ تۇرۇپ مۇلايىملىق بىلەن جاۋاب بەردى:

— دوستۇم، مېنى ئالدىراپ مازاق قىلما، ئوبدان

بىلسەڭغۇ! مەن ئاشۇ كۆرۈمسىز بەدىنىمنى قالقان قىلىپ، سىنىڭ يۇمران، نازۇك بەدىنىڭگە كىرىپ كېتىدىغان ھەر خىل تىكەنلەرنى توسۇپ قالمىغىنىمدا كۈنۈڭ قانداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالار ئىدى.

— ھەي، قارا زەڭگى، سەن تېخى مېنىڭ شاپائەتچىم بولۇۋېلىۋاتامسەن؟ — دېدى ئىچ كامىر تېخىمۇ كۆرەڭلەپ، — بىلىپ قوي، مەن سەنسىزمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايمەن.

كاج دوستىنىڭ ئۆز-ئۆزىگە مۇنچىلا تەمەننا قويۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن تاش كامىر ئۇنىڭغا يەنە گەپ قىلىشنىڭ ئورنى قالمىغانلىقىنى بىلىپ، ئىچىدە: «قېنى كۆرەرمىز» دېگەندەك قېلىن لەۋلىرىنى ئاچقان پېتى تۇرۇپ قالدى.

ئەتىسى ئەتىگەن ئەخمەت ۋېلىسىپىتنى مىنىپ مەكتەپكە ماڭدى. كىم بىلسۇن، يېرىم يولغا بارا-بارمايلا ۋېلىسىپىتنىڭ ئارقا چاقى «دوق-دوق» قىلىپ، بىردىنلا ھەرىكەتتىن توختىدى. ئەخمەت دەرھال ۋېلىسىپىتتىن چۈشۈپ، چاقىقا قاراپ ھەيران قالدى، چۈنكى تاش كامىر ئىچ كامىرغا تەنە قىلىپ مۇنداق دەۋاتاتتى:

— سەن ئىلگىرى ئۆز تېنىڭنىڭ ماڭا ئوخشاش سەت ۋە كۆرۈمسىز بىر تاش كامىر تەرىپىدىن قوغدىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى زادىلا ئويلاپ كۆرمىدىڭ، مانا بۈگۈن تۈنۈگۈنكى ماختانچاقلىقىڭ ئېسىڭگە كېلىپ، ئاغزىڭنى ئاچقىنىڭچە تۇرۇپ قاپسەن، نەتىجىدە ئوچۇق ئاغزىڭدىن نازۇك بەدىنىڭگە ئەرزىمەس بىر تال شوخا كىرىپ يېلىڭ

www.uyghurkitap.com

چىقىپ كەتتى؛ مەنمۇ، سەنمۇ بىر يولى رولىمىزنى يوقاتتۇق، بۇ «كاجنى بازار ئۇگلاپتۇ» دېگەندەك بىر ئىش بولدى، بۇنى ئۆزۈڭدىن كۆر!

ئۆز دوستىنىڭ ئىچىنىش ۋە تەنە ئارىلاش سۆزىنى ئاڭلىغان ئىچ كامىر بىر هازا پۇشۇلداپ تۇرۇپ قالدى-دە، خىجىل بولغان هالدا نىپىز لېۋىنى تاش كامىرنىڭ لېۋىگە يېقىپ، ئاستا پىچىرلىدى:

— ئەپۇ قىل دوستۇم، مېنىڭمۇ سەنسىز كېرەككە كەلمەيدىغانلىقىم بىلىندى، بۇندىن كېيىن بىز بىر تۇغقان قېرىنداشلاردەك، بىر-بىرىمىزنى قوغداپ، بىر-بىرىمىزنى هۆرمەتلەپ ئىناق ئۆتەيلى!

## ئەينەك بىلەن قەلەم

ئايشەمنىڭ يانچۇقىدىكى قەلەم بىلەن ئەينەكنىڭ بىر-بىرىگە هۆرپىيىپ يۈرگىنىگە بىرنەچچە كۈن بولۇپ قالغانىدى. بۈگۈن ئەينەكنىڭ كونا كېسىلى قوزغىلىپ، قەلەمگە يەنە دوق قىلىشقا باشلىدى:

— هەي ئىلمەك باش، ئۇزۇنتۇرا، مەن ساڭا يول قويغانسېرى هەددىڭدىن ئېشىپ، قوپال تەنلىرىڭ بىلەن قاشتېشىمدەك سۈزۈك يۈزلىرىمگە قارا-قۇرا بىر نېمىلەرنى جىجىۋاتىسەن. مەن ساڭا شۇنى ئېيتىپ قويايكى، ئەمدى پۇت-قوللىرىڭنى يىغىپ، هوشۇڭنى تاپمايدىكەنسەن، كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىمەن.

ئەينەكنىڭ بۇ خىل قوپال سۆزلىرىنى ئاڭلىغان

قەلەم دەسلەپ «غوۋژىدە» بولۇپ، ئاشقازىنىدىكى بارلىق نەرسىلەرنى ئۇنىڭ يۈز-كۆزلىرىگە چىچىۋەتكۈسى كەلدى، لېكىن ئۆز-ئۆزىگە زورمۇ زور ھاي بېرىپ، مۇلايىملىق بىلەن جاۋاب بەردى:

— ئويلاپ باققىن دوستۇم، مەن قانچىلىك جاينى ئىگىلىدىم، سەن قانچىلىك جاينى ئىگىلىدىڭ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر ئىككىمىز ئۆز ئىگىمىزنىڭ خاھىشى بويىچە ئۇنىڭغا تەڭ خىزمەت قىلىۋاتىمىز، شۇنداق ئىكەن سەن-پەن دېيىشىنىڭ نېمە ھاجىتى!؟

قەلەمنىڭ بۇ سەمىمىي سۆزلىرى ئەينەكنىڭ قۇلىقىغا مۇشت ئۇرغاندەك بىلىنىپ تېخىمۇ سەكرەپ كەتتى ۋە ئۆز رولى توغرىسىدا بولۇشىغا گەپ سېتىپ، قەلەمنى بىر يولى مات قىلىۋېتىش نىيىتىگە كەلدى.

— ھە تېخى مۇنداق-دە، — دېدى ئەينەك پارقىراق كۆزلىرىنى ئالايتىپ، — سېنىڭ ماڭا نەسىھەت قىلىشىڭنى كىم قويۇپتۇ؟ قېنى، ئېيتىپ باقە، زادى قايسىمىزنىڭ بىڭسىسى چوڭ؟ مەن بولسام ھەر كۈنى بىرنەچچە ۋاخ ئۆز ئىگەمنىڭ گۈزەل ھۆسن-جامالىنى ئەينەن كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ تېخىمۇ پاكىز، رەتلىك يۈرۈشىگە ياردەم بېرىمەن، ئۇ يۈز-كۆزلىرىدە پىنىنچە داغ بولسىمۇ، مەن ئارقىلىق كۆرۈپ تۈزەتمىگۈچە مەكتەپكە ماڭمايدۇ، قېنى، سېنىڭ قانچىلىك بىڭسىڭ بار؟!

قەلەم ئەينەكنىڭ بۇ خىل قوپاللىقى ۋە ھاكاۋۇرلۇقىدىن سەۋر قاچىسى تولدى بولغاي، تەمكىن قىياپەتتە ئۇنىڭغا جاۋاب بەردى:

— توغرا ئېيتتىڭ دوستۇم، دۇنيادىكى ھەممە نەرسىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق رولى بار. لېكىن ئۆز رولىدىن گەپ سېتىپ باشقىلار ئالدىدا پوچىلىق قىلىش تولىمۇ ئەخمەقلىك، شۇنداق بولسىمۇ مەن ئىككى ئېغىز سۆزلەپ قوياي: گەرچە سەن مەندىن چوڭ، چىرايلىق ۋە يالتىراق بولساڭمۇ، لېكىن ئۆز ئىگەمنىڭ پەقەت تاشقى گۈزەللىكىنىلا كۆرسىتىپ بېرەلەيسەن. مەنچۇ؟ ئۆزۈم سەت، ئۇزۇنتۇرا، ئىلمەكباش، سۇ ئورنىداھ سىيا ئىچسەممۇ، ئۆز ئىگەمنىڭ ئالىيجاناب خىسلىتىنى، غەيرەت-شىجائىتىنى، مۇھەببەت-نەپرىتىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرەلەيمەن، قانداق؟

ئەينەك قەلەمنىڭ ئۆتكۈر سۆزلىرى ئالدىدا، ئۆزىنىڭ كۆرەڭلىكىدىن لەت بولۇپ، ئۈن-تىنسىز جىمىپلا كەتتى.

ھەسەن تىلىۋالدى

# شېئىرلار

## قايىل بولدى ئانىسى

ئوقۇۋاتقان قىزىنى
قويدى ئانا توختىتىپ،
«موللاملاردا ئوقۇغىن، —
دېدى، — ئۇنى قورقۇتۇپ.
لازىم بولار دىنىي دەرس
بىزمۇ، بالام، ئۆلگەندە.
راستلىقىنى بىلىسەن
يەر قەردىگە كىرگەندە.
سوئال - سوراق سورايدۇ،
مۇنكىر - نەكىر قەبرىدە.
بېرەلمىسەڭ جاۋابىنى
قالىسەن چوڭ جەبرىگە.
جەھەننەمدە ئاتەشتەك
ئوت دېڭىزى ئاقىدۇ.
ئوقۇمىساڭ موللامدا
يىلان - چايان چاقىدۇ.
تۇرار يەرنى بىر ئۆكۈز

مۇڭگۈزىدە كۆتۈرۈپ،
پەرىشتىلەر ئەرشىنى
تۇتۇپ تۇرار يۈكۈنۈپ.
چىقالمايدۇ بەندىلەر
بالام، ئىگىز ئاسمانغا،
موللاملاردا ئۇقۇساڭ
ئىشەنمەيسەن يالغانغا».
ئاڭلاپ قىزى ئانىنىڭ
بۇ كۆلكىلىك سۆزىنى.
دېدى چوڭقۇر ئىشەنچتە،
سالماق تۇتۇپ ئۆزىنى:
«جېنىم ئانا، ئىلىم - پەن
قويدى كۆپىنى ئۆگىتىپ،
يۈكسەلمەكتە خەلقىمىز
نادانلىقنى تۈگىتىپ.
پەرىشتىلەر قانداقمۇ
تۇتالايدۇ ئاسماننى؟
پەن بىلمىگەن نادانلار
دەيدۇ مۇنداق يالغاننى.
روھانىلار يۇقتۇرغان
بىزگە مۇشۇ ئىللەتنى.
ئۇنتۇمايلى، جان ئانا،
ۋەتەن، خەلق، مىللەتنى.
كەڭ ئاسماندا ئىنسانلار
سەيلە قىلىپ يۈرمەمدۇ؟



ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بۇ گېپىمنى ئاڭلىسا،
ھەممە سەندىن كۈلمەمدۇ؟
ئاچماقتىدۇر ئىلىم - پەن
تەبىئەتنىڭ سىرىنى.
جېنىم ئانا، ئەمدى سەن،
سەگەك تۇتقىن مېڭىنى.
ئويلاپ باققىن باشقىلار
ئۈزسە كۆكتە - دېڭىزدا.
سەت ئەمەسمۇ بىز ئۈچۈن
توختاپ قېلىش بىر ئىزدا.
ئۇچماقتىدۇر سامادا
سۈنئىي ھەمرا توختىماي.
چىقتى ئايغا ئالىملار
بولماس بۇنى ئويلىماي.
بۇ ھەممىسى بىلىمنىڭ
خاسىيىتى، خىسلىتى.
ئىلىم - پەندە ئاشىدۇ
خەلقىمىزنىڭ ئىززىتى.
گەر ئوقۇساق موللامدا
بىلەلمەيمىز بۇنى بىز.
ئىگىلىمەي بولمايدۇ
پەن - بىلىمنى ئەمدى تېز.
جېنىم ئانا، توسىمىغىن
مېنىڭ داغدام يولۇمنى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يېتەكلەيدۇ پارتىيە
مەھكەم تۇتۇپ قولۇمنى»؛

قىزنىڭ سۆزى ئانىنىڭ
قەلبىدىن ئورۇن ئالدى.
ئۆزى ئېيتقان سۆزلەرنى
ئويلاپ تەڭلىكتە قالدى.



سۇلتان ھاشىم

# كەنجى

(ھېكايە)

مەن ئۇنى ھەر كۈنى كوچىنىڭ دوقمۇشىدا كۆرەتتىم. چوڭ كېلىپ قالغان شەپكىسىنى كۆزلىرىگىچە چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان بۇ بالا باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن قورققاندەك قولىدىكى نەرسىسىنى يېڭىگە يوشۇرۇپ تىترەك ئاۋازدا ماڭا:

— ئاكا، ئاشلىق بېلىتى...، — دەيتتى. مەن تەتۈر قاراپ ئۆتۈپ كېتەتتىم. ئىچىمدە، شۇنداق كىچىككىنە بىر بالىنى ئوقۇتماي، چەكلەنگەن نەرسىلەرنى سېتىشقا مەجبۇرلىغان ئاتا - ئانىسىدىن قاتتىق ئاغرىناتتىم. كىم بىلىدۇ، ئېھتىمال، بۇ بالىنىڭ ئۆزى ئوقۇشنى خالىماي شۇنداق يامان يوللارغا كىرىپ قالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

ئورۇق، بۇغداي ئۆڭلۈك، قاپقارا كۆزلىرى مۆلدۈرلەپ تۇرىدىغان ئون بىر - ئون ئىككى ياشلاردىكى بۇ بالا ئەتىگەندە، چۈشتە ئۇ يەردە كۆرۈنمەيتتى. پەقەت كەچتە، مەن خىزمەتتىن يانغاندا ئۇنى شۇ يەردە ئۇچرىتاتتىم. شۈبھىسىزكى، ئۇ ئەتىگەن ۋە چۈشتە باشقا ئورۇنلاردا ھەرىكەت قىلىشى مۇمكىن. ئادەتتە چەكلەنگەن نەرسىلەر-

نى يۇشۇرۇن سائقۇچىلارنىڭ شۇنداق ئورۇن ئۆزگەرتى-
دىغان ئادىتى بولىدۇ.

— ئاكا، گۆش بىلتى...

ئۇنىڭ تىترەك ئاۋازىنى ئاڭلىماسلىق، مۆلدۈرلەپ تۇرىدىغان كۆزلىرىگە قارىماسلىق ئۈچۈن نېرىدىن ئاي-لىنىپ ئۆتۈپ كېتىدىغان بولدۇم. ئۇمۇ مېنىڭ نىيىتىمنى بايقاپ قالدىمۇ ياكى بىلەت ئالمايدىغانلىقىمغا كۆزى يەتتىمۇ، مېنى كۆرگەندە ئۈنچىقمايدىغان بولدى.

ئادەم بەزىدە ئۆزىگە ھېچ مۇناسىۋىتى بولمىغان ئىشلارغا دىققەت قىلىپ قالىدۇ. ئادەتتە خېلى يىراقتىنلا كېلىۋېتىپ دوقمۇشقا كۆز تاشلايتتىم ۋە ئۇنىڭ شۇ يەردە خۇددى قارانچۇقتەك تۇرغىنىنى كۆرۈپ «يەنە كەپتۇ، باشقا ياقلارغا كەتسە بولمامدىغاندۇ» دەپ ئويلايتتىم.

ئىككى كۈندىن بېرى ئۇ كۆرۈنمىدى. بۈگۈن ئۈچىنچى كۈنى يەنە يىراقتىنلا دوقمۇشقا كۆز تاشلىدىم. كىچىككىنە گەۋدە يوق ئىدى، ئىچىمدە كۈلدۈم. دېمەك ئۇ بازار باشقۇرغۇچىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان ياكى ئادەم شالاڭ ئۆتىدىغان بۇ خىلۋەت كوچىدا سودىسى ئاقماي ئورۇن يۆتكەپ كېتىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. كېيىنكى تۆت - بەش كۈننىڭ ئىچىدە ئۇنى تامامەن ئېسىم-دىن چىقاردىم.

— ئاكا، ئاشلىق بىلتى...

چۆچۈپ كەتتىم. بۇ مېنى بىزار قىلغان تونۇش تىترەك ئاۋاز ئىدى. يېنىمدا يەنە ھېلىقى، چوڭ كېلىپ قالغان شەپكىسىنى كۆزلىرىگىچە چۆكۈرۈپ كىيگەن بالا تۇراتتى.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

— ھە، يەنە كەلدىڭمۇ، — دېدىم چىپىمدە تۇختاپ.
بالا ئۇنچىقماستىن كەينىگە ئىككى قەدەم چېكىن-
دى. مەندە ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ بېقىش ئىستىكى
قوزغالدى.
— قورقما، — دېدىم كۈلۈمسىرەپ، — تۇتۇپ بەرمەي-
مەن. نەچچە كۈندىن بېرى نەلەردە يۈردۈڭ؟ ئۇقستىڭ
تازا ياخشى بولمىدىغۇ دەيمەن - ھە؟
— ياق... مەن بىلەت ساتمايمەن.
— مەن بىلمەيمەنغۇ، ساتىسەن، ئەنە، قولۇڭدا تۇر-
مامدۇ.
ئۇ قولىغا قاراپ قويۇپ بىلەتلىرىنى ئالدىراپ يان-
چۇقىغا سېلىۋالدى.
— ئۇياقلاردا سوداڭ قانداقراق بولدى؟
— بىلمەيمەن.
— ئەمىسە، بىرقانچە كۈن بولدى، كۆرۈنمىدىڭغۇ؟
— ئاپام ئاغرىپ قالغان.
— ئاپام ئاغرىپ قالغان؟!...
ماڭا ئۇنىڭ تۇرمۇشىنىڭ بىر تەرىپى ئايان بولدى.
ئاپىسى ئاغرىقچان، ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ناچار-
راق، شۇڭا ئوقۇماي، بىلەت ئېلىپ سېتىشقا مەجبۇر
بولغان.
— داداڭ بارمۇ؟ — دەپ سورىدىم ئەمدى سەل
ئېچىنغان ھالدا.
— بار.
— نېمە ئىش قىلىدۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى تارىيسى

— موزدۇزلۇق...
— ئېتىڭ نېمە؟
— كەنجى.
— بالىلارنىڭ كىچىكىمۇ سەن؟
— ھە، ئەسلى ئىسمىم ئەركىن ئىدى. دادام «كەنـجى، كەنـجى» دەپ يۈرۈپ ئۆزگىرىپ كەتـتى. مەكتەپـتىمۇ كەنجى دەيدۇ.
— ئوقۇمسەن؟
— ئوقۇيمەن، بەشىنچى سىنىپتا.
— بەشىنچى سىنىپتا؟ — بۇ جاۋاب ماڭا بەكمۇ ئەجەبـلىنەرلىك تۇيۇلدى، — ئوقۇغۇچى ئىـكەنـسەن، نېمىشـقا مۇنـداق ئەسكى ئىشنى قىلىسەن؟
كەنجى بېشىنى تۆۋەن سالدى، ئۇنىڭ چوڭ شەپـكىسى غوللىرىنىمۇ يېپىپ تۇرغانـدەك كۆرۈنۈپ كەتـتى. مەن ئەمدىلا سەپسالدىم، كەنجىنىڭ چاپىنىمۇ ئۆزىگە چوڭ كېلىپ قالغان بولۇپ، مۈرىلىرى ساڭگىلاپ تۇراتتى.
بالا بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا نەزەرىنى تاشلىدى.
— كىتابقا پۇلۇم يوق، شۇڭا...
— دەرسلىك كىتابلىرىغىمۇ؟
— ياق، پەن - تېخنىكىغا ئائىت كىتابلارغا.
— نېمە، نېمە؟ — مەن قۇلاقلىرىمغا ئىشەنمەي ئۇنىڭ سۆزىنى تەكرارلىدىم. بالا بېشىنى لىڭشىتىپ شۇنداقلىقىنى بىلدۈردى. ئەگەر بۇ بالا راستىنلا كىتاب ئوقۇشقا قىزىقىدىغان بولسا، مەندە ئۇنداق كىتابلار تولۇپ ياتاتتى، ئۇنى چەتكە تارتىپ زوڭزىيىپ ئولتۇردۇم.

— دادالڭ كىتاب ئېلىشقا پۇل بەرمەمدۇ؟
— ئاكىلىرىم، ھەدىلىرىم ئوقۇيدۇ، دادامىنىڭ پۇلى يەتمەيدۇ.
— سىلەر قانچە جان؟
— سەككىز.
قىسقىغىنا سۆھبەت بۇ بالا توغرۇلۇق ئويلىغانلىرىمىنىڭ ھەممىسىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتتى.
— ماڭا قارا، كەنجى، — دېدىم ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ يېنىمغىراق تارتىپ، — ئۆيۈڭ يىراقمۇ؟
بالا ئىڭىكى بىلەن شەرەتلىدى:
— ئەنە ئا يەردىلا.
— مېنى ئۆيۈڭگە باشلاپ بارامسەن؟
ئۇ ماقۇللۇق ئىشارىسىنى بىلدۈرۈپ باش لىڭشىتتى ۋە تارتىنغان قىياپەتتە:
— سىزدە كىتاب بارمۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى.
— بار، ئوغلۇم، بار، سەن قانچىلىك ئوقۇساڭ شۇنچىلىك كىتاب بار.
كەنجىلەرنىڭ ئۆيى كونا ھالىتى بويىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان مەھەللىلەرنىڭ بىرىدە ئىكەن. ھويلا ئىشىكى ئېچىلىشى بىلەنلا يان تەرەپتىكى ئۆينىڭ ئىچىدىن سائەتنىڭ جىرىڭلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. كەنجى مېنى كىرگۈزۈپ ئىشىكنى يېپىشقا ئالدىرىدى. شۇ پەيتتە ئۆيدىن ئەللىك ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى چىرايى سېرىق، ساقال- بۇرۇتى ئۆسۈپ قالغان بىر ئادەم چىقىپ مەن بىلەن سالاملاشتى ۋە ئۆيگە باشلىدى.

www.uyghurkitap.com

مۇزدۇز مېنى تامغا تاقاپ قويۇلغان ئىككى كىشى-
لىك تار بەندىڭگە تەكلىپ قىلىپ قويۇپ، ئۆزى مايلىشىپ
پارقىراپ كەتكەن كونا خۇرۇم پەشتامىسىنى تارتىپ،
تاسمىلىق كىچىك ئورۇندۇقتا جايلاشتى. ئەتراپىمغا
ئىتتىك كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتىم. ئۆي ئىككى ئېغىزلىق
بولۇپ، كۆزگە چۈشكۈدەك جاھاز كۆرۈنمەيتتى، لېكىن
سەرەمجان، پاكىز ۋە ئازادە ئىدى.

— سىلىدىن ئەھۋال سوراپ ئۆتۈپ كېتەي دېدىم،
قۇناخۇن ئاكا، — دەپ سىپاگەرلىك بىلەن ئورنۇمدىن
قوزغىلىپ قويدۇم.

— تولا ئوبدان، رەھمەت، — ئۇ مېنىڭ خېرىدار ئەمەس-
لىكىمنى بىلىپ باش-ئايىغىمغا قاراپ قويدى، — سىلى
بىزنىڭ كەنجىنىڭ مۇئەللىملىرى بولاملا؟

— ياق، دادا، مۇئەللىم ئەمەس، بىز تېخى...، —
كەنجى نېمە دېيىشىنى بىلمەي ھودۇقۇپ ماڭا قاردى.

مەن كەنجى بىلەن قانداق تونۇشۇپ قالغانلىقىمنى
قىسقىچە سۆزلەپ بەردىم. مۇزدۇز پەردازلىماقچى بولۇپ
قولىغا ئالغان تۈپلەينى قايتىدىن يېنىغا قويدى ۋە ئالا-
ھىدە بىر جانلىنىش بىلەن گەپ باشلىدى:

— شۇنداق، بالا ئوقۇشقا بەك ھېرىسمەن، جان
سانىمىز كۆپرەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە بالىلارنىڭ ئانىسى ئاغ-
رىقچان، قولىمىز قىسقىلىق قىلىپ بالىنىڭ ئوقۇشىغا دې-
گەندەك ئىمكان يارىتىپ بېرەلمەيۋاتىمىز، — ئۇستا سۆزى-
دىن توختاپ كەنجىگە قاردى، — بالام، ھېلىقى ماشى-
ناڭنى تاغاڭغا بىر كۆرسەتكىنە، — كەنجى قىزارغىنىچە

ئۈچكىرى ئۆيگە قاراپ ماڭدى. ئۇستا ساقال باسقان يۈزىنى يەنە ماڭا بۇرىدى، — كىتابقا قاراپ بىر نېمىلەرنى ياسىۋالىدۇ، ھەيران قالىمەن، كىتابمۇ بالىنىڭ زېھنىنى ئېچىۋېتىدىكەن، كۆرسىلە.

كەنجى مودېلغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر قۇرۇلمىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ يېنىمغا قويدى. قۇرۇلما بىر غېرىچ كەڭلىكتىكى تاختايغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى.

— يۈك كۆتۈرىدىغان كران، — دەپ چۈشەندۈردى كەنجى ۋە ياڭاقتەك چوڭلۇقتىكى ماتورغا ئۇلانغان سىمنى قول چىرىغىنىڭ باتارېيىسىگە تەگكۈزدى. موزدۇز ئۇنىڭ بۇ ماشىنىسىغا بەكمۇ قىزىقسا كېرەك، ئورنىدىن تۇرۇپ تاختىدىكى تىك ياغاچنىڭ ئۇچىدىن ساڭگىلاپ چۈشكەن يىپ ئۇچىدىكى ئىلمەككە كىچىككىنە بىر پارچە پۇرۇچنى ئىلىپ قويدى. ماتور ھەرە گىژىلدىغاندەك ئاۋاز چىقىرىپ ئايلاندى. ماتور ئوقىغا بېكىتىلگەن كىچىككىنە غالتەكمۇ تەڭ ئايلىنىپ يىپنى ئوراشقا باشلىدى. پۇرۇچ كۆتۈرۈلدى. ماتورنىڭ ئايلىنىشى ئۆزگىرىۋىدى پۇرۇچمۇ تۆۋەنلىدى.

— ھا، ھا، ھا... مانا كۆردىلىمۇ، — ئۇستا قانائەتلىنىپ كۈلۈۋالدى، — ئۆزى ياسىدى. تاختىيىنى مەن مىخلاپ بەردىم. بىز مۇنچىلىك ۋاقىتلىرىمىزدا چاپىنىمىزنىمۇ ئەپلەپ كىيەلمەيتتۇق. بۇ كۈننىڭ بالىلىرى ماشىنا ياساپ ئوينايدىغان بولدى.

مەنمۇ بۇ ئاددىغىنا كران مودېلىغا قاراپ زوقلاندىم ۋە ئۇنى ئۆزۈممۇ ئىككى قېتىم ئايلاندۇرۇپ كۆردۈم.

ئۇنىڭ دېتاللىرىنىڭ ھەممىسى ئەقىلگە مۇۋاپىق ياسالغانىدى. كەنجىنىڭ دادىسى يەنە سۆزىنى داۋام قىلدى:

— مۇئەللىمى ئۆزۈڭلار خالاپ بىر نىمە ياساپ كېلىڭلار، دەپ تاپشۇرغانىكەن. كەنجى بۇنى ياسىدى، سىنىپ بويىچە بىرىنچى باھالىنىپ مۇكاپات ئالدى. ھە، راست، بايا ئىشىكتىن كىرگەندە جىرىڭلىغان ئاۋازنى ئاڭلىدىڭىزمۇ؟

— سائەت جىرىڭلىغاندەك قىلدى، ئەتىمالىم.

— سائەت ئەمەس قوڭغۇراق، توك قوڭغۇرىقى، — مۇزدۇز ئىشىك بېشىغا ئورنىتىلغان يەنە بىر قۇرۇلمىنى كۆرسەتتى، — يېپىنىڭ بىر ئۇچى بۇنىڭغا ئۇلاقلىق، يەنە بىر ئۇچى ئىشىككە. ھويلىنىڭ ئىشىكى شۇنداقلا ئېچىلىدىغان بولسا جىرىڭلاپ كېتىدۇ.

مەن دىققەت بىلەن قاراپ ھەممىنى چۈشەندىم. ھويلا ئىشىكى كەيگۈەن رولىنى ئۆتەيدۇ، ئىشىك ئېچىلىشى بىلەنلا غالتەكلەردىن ئايلاندۇرۇلۇپ ئىشىككە ئۇلانغان يىپ تارتىلسا قوڭغۇراق جىرىڭلايدۇ. ھەيران بولۇپ سورىدىم:

— بۇنىمۇ كەنجى ياسىدىمۇ؟

كەنجى بېشىنى تۆۋەن سالدى، ئۇنىڭ ئورنىغا يەنە دادىسى جاۋاب بەردى:

— شۇنداق، كەنجى ياسىدى.

— بۇنى ئۆزۈڭ ئويلاپ تاپتىڭمۇ ياكى كىتابقا قاراپ ياسىدىڭمۇ؟

كەنجى يەرگە قارىغىنىچە بوش ئاۋازدا جاۋاب بەردى:

— كىتابقا قاراپ... «بالا توكچى» دېگەن كىتابنى ئوقۇپ... يەنە ئاكىلىرىممۇ ياردەملەشتى.

موزدۇز قوللىرىنى ئۇۋۇلىغىنىچە خىرىلداپ كۈلۈشكە باشلىدى:

— قوڭغۇراق ياساپ باقاي دېسە پۇلنى زايا قىلىسەن دەپ ئۇنىماپتىمەن. بىر نېمىلەر قىلىپ ئاخىر ياسىدى، جىرىڭلاتتى. بالىلار كېچىسى بۇ قوڭغۇراقنىڭ يىپىنى ئېغىلنىڭ ئىشىكىگە باغلاپ قويىدىغان بولدى. كۆڭلىنى ئاياپ مەيلى دېدىم. بىر كۈنى يېرىم كېچىدە تۇيۇقسىزلا قوڭغۇراق جىرىڭلاپ كەتتى. ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرسام بىرى پارت - پۇرتلا قىلىپ قېچىپ كەتتى. ۋارقىرىدىم. بالىلارمۇ ئويغىنىپ كېتىشتى. قارىساق، قويغا چۈشكەن ئوغرىكەن. ئوغرى ئېغىلنىڭ ئىشىكىنى ئېچىشى بىلەنلا قوڭغۇراق جىرىڭلاپ كېتىپتۇ - دە، بەدەر قېچىپتۇ...

مەن كەنجىگە قارىدىم، بۇ تارتىنچاق ۋە تىرىشچان بالىنىڭ قىياپىتىدىن كەلگۈسىدىكى ئالىمنى كۆرگەندەك بولدۇم.

ئۇستا مېنىڭ قارىشىمنى باشقىچە چۈشەندى بولغاي:

— بالىنىڭ ئوقۇشى ياخشى، تەقدىرنامىلىرىمۇ خېلى بار. بالام، ئاچىقىپ تاغاڭغا كۆرسەتكىنە، — دېدى.

— بولدىلا دادا، ئادەمنى خىجىل قىلىپ، ... — دېدى كەنجى.

— كۆردىلىمۇ، قىلغان ئىشى توغرۇلۇق بىر - ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويسا قىزىرىپ، بېشى يەرگە چۈشۈپ

www.uyghurkitap.com

گېتىدۇ. مۇئەللىممۇ شۇنداق دەيدۇ. ئۆتكەندە سىنىپتا، نېمە ئىشتىندۇر ماختاپ قويغانىكەن،؟ تالاغا قېچىپ چىقىپ كېتىپتۇ. شۇنداق قىزىق بىر مىجەزى بار بۇ بالىنىڭ.

قەلبىمدە بالىغا نىسبەتەن ئىللىق، مېھرىلىك بىر ھېسسىيات ئويغانغانىدى. ئۇنى ماختىماقچى، روھلاندۇرماقچى بولۇپ قارىغانىدىم، كەنجى كۆرۈنمىدى. قۇناخۇن ئۇستا كۆز ئىشارىسى قىلىپ ئۇنىڭ ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈردى. بالىنىڭ نازۇك تەبىئىتىنى چۈشىنىپ قالغانلىقىم ئۈچۈن ئاۋازىمنى پەسەيتىپ سورىدىم:

— شۇنداق بىر ياخشى بالىغا گۆش بېلىتى، ئاشلىق بېلىتى دېگەندەك نېمىلەرنى ساتقۇزۇپسىز قۇناخۇن ئاكا، بالىنى يولدىن چىقىپ كېتەر دەپ ئويلىمىدىڭىزمۇ؟

ئۇستا تامىقىنى قىرىپ يەرگە قارىدى:

— ئەمدى شۇنداق بىر... ئىلاجىسىزلىق. تەشكىلىمىغۇ قاراپ تۇرمىدى، شۇنداق بولسىمۇ... يېقىندىن بېرى بالىلارنىڭ ئانىسى ساقسىز بولۇپ قېلىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قېلىۋىدى، پۇلدىن سەل قىسىلىپ قالدىم. يىمەك-ئىچمىكىمىزغۇ جايىدا، جاھانىمۇ مولچىلىق بولۇپ كەتتى. جان سانىمىز كۆپ بولغاندىكىن بېلەتلەرمۇ ئېشىپ قالىدىكەن. ساتسا كىتاب ئالار دەپتىمەن...

كەنجىنىڭ كوچا دوقمۇشىدا بېلەتلەرنى يېنىگە يوشۇرۇپ، شۈمشىيىپ تۇرغان قىياپىتى كۆز ئالدىمدىن لىپ قىلىپ ئۆتتى. ھە، ئۇنىڭ ئۆزى خالىمىغان ئىشنى

قىلىشقا مەجبۇر بولۇشى كىتاب ئېلىش ئۈچۈن ئىكەن ـ دە.

— قۇناخۇن ئاكا، — دېدىم ئۇستىنى ئۆزۈمگە قاردىتىپ، — ئەگەر مەن كەنجىگە كىتاب بېرىپ تۇرسام كۆڭۈللىرىگە كېلىپ قالماس؟

— ھە، بۇ بەلەن گەپ ئەمەسمۇ، كىتاب بېرىپ تۇرغانىنىڭ نېمىسى يامان. ياخشى كۆڭۈللىرى ئۈچۈن رەھمەت، ئۇكام.

ئىككىمىز كېلىشىۋالدۇق. كەنجى بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ ـ كېلىپ تۇرماقچى بولدى. بۇنى ئاڭلاپ كەنجىنىڭمۇ چىرايى ئېچىلىپ كەتتى...

— ئەمدى نېمە ياساشنى ئويلاۋاتىسەن؟

— ئەمدى، — دېدى ئۇ تۆۋەنكى كالپۇكىنى چىشلەپ، — مۇشۇ ماتورنى ئىشلىتىپ توختىماستىن ماڭىدىغان ماشىنا ياسايمىكىن دەيمەن. ئۆتكەندە بىرنى ياسىسام ماڭمىدى. چاقلىرىنى ساقلاپ قويغانىدىم.

— بەلكىم ماتورنىڭ كۈچى يەتمىگەندۇر. مېنىڭچىمۇ سەندەك بىر ئوغلۇم بار، ئۇمۇ مۇشۇنداق ئىشلارغا قىزىقىدۇ. ئۈچىمىز مەسىلىھەتلىشەيلى، ماتورنىڭ كۈچى بىلەن ماشىنىنىڭ ئېغىرلىقىنى ماسلاشتۇرۇش كېرەك. بۇنى ھېسابلاپ تاپقىلى بولىدۇ. قانداق دەيسەن؟

مەن كەنجىنى ئۆيگە ئېلىپ ماڭغىنىمدا، بىزنى ئۇزىتىپ چىققان موزدۇزنىڭ كۆزلىرى نەملىشىپ قالدى. ئۇ مېنىڭ كەنجىگە قىلماقچى بولغان ياردىمىمدىن تەسىرلەنگەنىدى.

www.uyghurkitap.com

*　　*

ماشىنىمىز پۈتتى. كەنجى زېھنىلىك بالا ئىدى. ئۇ مېنىڭ ماشىنىنىڭ يەڭگىللىتىش ئۈچۈن نېپىز تاختاي ئىشلىتىش توغرىسىدىكى تەكلىپىمنى قاتتىق كاردون قەغەز ئىشلىتىشكە ئۆزگەرتتى، باتارىيىمنى كىرگۈزۈپ ئىچىگە ئورۇنلاشتۇردى. قۇناخۇن ئۇستا بىزگە ھەرىكەت ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان ئىنچىكە، نېپىز تاسما تىكىپ بەردى ھەم چاقلارنى بېكىتىشكە ياردەملەشتى.

ماشىنىنى سىناش بىزنىڭ سىمونت ياتقۇزۇلغان ئۆيىمىزدە ئېلىپ بېرىلدى. ئۇ شۇنچىلىك تېز چاپاتتىكى، ئادەتتىكى پۈرژىنىلىق ماشىنىلارنى بىر ھەسسە ئارتۇق تېزلىك بىلەن ئارقىدا قالدۇراتتى ھەم تۇتۇۋالمىغۇچە توختىمايتتى. بىرەر توسۇققا ئۇچراپ قالغۇدەك بولسا ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كېتەلمەي پۈتۈن گەۋدىسىنى سىلكىپ غىڭشىلداپ كېتەتتى. قۇناخۇن ئۇستا بۇنىڭدىن تېلىقىپ ـ تېلىقىپ كۈلەتتى:

— ۋاي كاساپىتەي، قارا ئۇنىڭ ئاچچىقىنىڭ يامانلىقىنى، ئالدىدىكىنى ئېلىۋېتىڭلار چۇ، چىپىۋەرسۇن.

— بىز ئەمدى توسۇقتىنمۇ ئۆتۈپ كېتەلەيدىغان بىر نېمە ياسىساق بولاتتى، — دېدى كەنجى يېڭى پىلان ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ.

— نېمە ياسايمىز؟

— ئايروپىلان ياسىساق قانداقراق بولار. ئاسماندا ئۇنى توسۇۋالىدىغان ھېچنېمە يوق، ئۇچۇۋېرىدۇ.

— هاۋا بار، ئوغلۇم. شۇڭا ئايروپىلانلارنىڭ قانىتى يالپاق، ئۆزى بىلىققا ئوخشاش ياسىلىدۇ.

— بىزمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ياسايمىز - دە. ياساش ئۇسۇلى كىتابتا باردۇر؟

— بار، بولمىسا تاپىمىز.

بىز ئايروپىلان مودېلى ئۈستىدە ئويلىنىشقا باشلىدۇق. بىزنىڭ ئايروپىلانىمىز كەنجىسىنىڭ گېپى بويىچە شامالغىمۇ قارشى ئۇچالايدىغان بولۇشى كېرەك ئىدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

مۇھەممەتسىدىق تۆمۈرى

# شېئىرلار

## ئانا تىلىم

ئانا تىلىم، سۆيگەن تىلىم،
يۇرتىمىدىن كۆيگەن تىلىم؛
خەلقىمىزنىڭ مېھرى سىڭگەن،
ماڭا بىلىم بەرگەن تىلىم.

تۇنجى قېتىم «ئانا» دېدىم،
سۆز قىلىشنى سەندىن بىلدىم.
مۇرادىمنى ھاسىل قىلدىم،
ئانا تىلىم، سۆيگەن تىلىم.

ئاشتى ساڭا ئىپتىخارىم،
بولغاچ ئۆزۈڭ دىلخۇمارىم،
سەن ـ سەن مېنىڭ تىل تۇمارىم،
ئانا تىلىم، سۆيگەن تىلىم.

مەھمۇد، يۈسۈپ، نەۋائىنى،
مەشرەپ، گۇمنام، سەدائىنى،

يېتىشتۈردۈڭ نىزاردىنى،
ئانا تىلىم، سۆيگەن تىلىم.

ۋەتەن سۆيەر لۇتپۇللانى،
ئۇستاز شائىر نىم شېھىتنى،
قىلدىڭ ناتىق سەن ئۇلارنى،
ئانا تىلىم، سۆيگەن تىلىم.

مىڭلاپ ئەدەب يازدى كىتاب،
ھەربىر جۈملەڭ ياڭراق خىتاب،
دىل يورۇتتۇڭ بولۇپ ئاپتاپ،
ئانا تىلىم، سۆيگەن تىلىم.

ئۆزۈڭ مېنىڭ شەرەپ شانىم،
قاندى بۈگۈن دىل ئارمانىم،
ئاشار سەندىن ئىقتىدارىم،
ئانا تىلىم، سۆيگەن تىلىم.

سەن ئارقىلىق بىلىم ئېلىپ،
تەبىئەتكە يۈگەن سېلىپ،
ماڭدۇق ئالغا جەۋلان قىلىپ،
ئانا تىلىم، سۆيگەن تىلىم.

كۆلدى گۈزەل سائادىتىم،
ئۇنى كۈيلەش چىن ئادىتىم،

ھەر قاچان سەن گاڭ قانتسىم
ئانا تىلىم، سۆيگەن تىلىم.

### بىز يېتىم ئەمەس

تارتتى مېنىڭ زوقۇمنى
پاراۋانلىق مەكتىپى.
باللارنىڭ قولىدا
باردۇر دەپتەر، كىتابى...

جانىجانىم پارتىيە
بەردى چەكسىز خۇشاللىق.
بۇندا يېتىم باللار
ئۆسۈشمەكتە شاد ـ تاتلىق.

بۇلبۇل ئوخشاش سايرىشىپ
دېدى بۇ شاد باللار:
يوقتۇر بىزدە غەم ـ قايغۇ،
زارلاش، پەريات ـ نالىلار.

نۇر چاقنىغان ئۆيلەردە
ئۆسمەكتىمىز سالامەت.
گۈل باغچىدا، مەكتەپتە
كۆرمەكتىمىز ھالاۋەت.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

چېھرىمىزدىن پارلايدۇ
گۈزەل بەخت ـ سائادەت.
تېنىمىزدىن ئۇرغۇيدۇ
ئەقىل ـ ئىدراك، جاسارەت.

مەڭگۈ يېتىم ئەمەسمىز،
تاغدەك يۈكسەك روھىمىز،
ھەممە جايدا بار بىزنىڭ
ئاكا، ئۇكا، ھەددىمىز.

ئەسلا يېتىم ئەمەسمىز،
ۋەتەن بىزنىڭ ئانىمىز،
ئازاد زامان قوينىدا
ئارزۇمىزغا قانىمىز.

ئۆگىنىمىز ئىلىم ـ پەن
قىلماي ئەسلا قانائەت.
ئېيتىمىز: غەمخورچىمىز
پارتىيىگە مىڭ رەھمەت!



ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرىسى

مۇھەممەت شانىياز

# سېرىق لەگلەك

(ھېكايە)

مەن ئۆيدە گېزىت كۆرۈپ ئولتۇراتتىم، تالادا بىرىنىڭ يۈگۈرگەن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپ، دىققىتىم بۆلۈندى. بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىشىمغا ئىشىك ئېچىلىپ ئوغلۇم جۇرئەت كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ تېز - تېز نەـ پەس ئېلىشىدىن ئىتتىك يۈگۈرگەنلىكى ئايان ئىدى. ئۇ ماڭا لاپىدە بىر قاراپ قويۇپلا ئىچكىرى ئۆيگە ئالدىراش كىرىپ كەتتى. بىر پەستىن كېيىن جۇرئەتنىڭ «ئەستا، بۇ يەردىمۇ يوققۇ» دەپ غودۇڭشىغىنى ئاڭلاندى. ئۇ ئىچـ كىرى ئۆيدىن ئالدىراپ چىقىپ دېرىزە ئالدىغا قويۇلغان ئۈستەلنىڭ تارتمىلىرىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى. مەن ئۇنىڭ خىلىلا جىددىيلىشىپ قالغان ئوماق چىرايىغا نەزەر سېلىپ قويۇپ، ئۇندىمەي قاراپ تۇردۇم.

— بۇ يەردىمۇ يوقكەن، — دېدى ئۇ ئاغزىنى ئۇۋەـ چەيتىپ يىغلامسىراپ. مەن ئۇنىڭ نېمىنى ئىزدەۋاتقانـ لىقىنى سورىغىچە ئۇ:

— دادا، ئاچقۇچنى بېرىڭا، ئىشكاپقا قاراپ باقاي، — دېدى يالۋۇرغان قىياپەتتە. مەن ئۇنىڭ تۇرقىدىن ئىزـ

دەۋاتقان نەرسىسىنىڭ شۇتاپتا ئۆزى ئۇچۇن ناھايىتى كېرەكلىك نەرسە ئىكەنلىكىنى، ئۇنى تاپمىغۇچە زادى تۇختىمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئەمدىلا ئالتەياشقا كىرگەن جۇرئەت ئاكىلىرىغا ئوخشىمايتتى. ئۇ ھەممىلانەرسىگە قىزىقاتتى، كوچىلاپ سوراشتۇرۇپ ئۇنىڭ سىرىنى بىلىۋېلىشقا تىرىشاتتى. شۇڭا مەن نېرى - بېرىسىنى سۈرۈشتۈرمەيلا ئىشكاپنىڭ ئاچقۇچىنى بەردىم. ئۇ ئاچقۇچنى ئېلىپ ئىشكاپنى ئاچتى دە، بىرھازا قاراپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئىشكاپنىڭ ئاستى - ئۈستىلىرىگە ئاخىرقى قېتىم قاراۋېتىپ «بۇيەردىمۇ يوقكەن» دەپ جىم تۇرۇپ قالدى.

— نېمەڭ يوق؟ — سورىدىم مەن.

— بىگىسىنى ئىزدەۋاتىمەن، — دېدى ئۇ بۇرنىنى «شىرت» قىلىپ تارتىپ قويۇپ.

— ئۇ ئوينايدىغان نېمىمۇ؟

— ياق، لەگلەك ئالىدىغان نەرسە.

— لەگلەك ئالىدىغان؟ — مەن جۇرئەتنىڭ گېپىگە چۈشىنەلمەي ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ قالدىم. ئۇ جىۋىرلاپ سۆزلەپلا كەتتى:

— باياچۇ دادا، ئاۋۇ نىجاتنىڭ سېرىق لەگلىكى ھەممىدىن ئېگىز ئۇچقانىدى. تازا ئېگىزگە چىققاندا ئەسكى شامال ئۇنىڭ يىپىنى ئۈزۈۋېچۇ، يول ياقىسىدىكى تېرەكنىڭ ئۇچىغا ئىلىپ قويدى. نىجات تېرەككە يامىشىپ ئالالمىدى. ئۇ: «بولدى، ئالمايمەن، كىمنىڭ بىگىسى بولسا، شۇ ئېلىۋالسۇن، بېرىۋەتتىم» دەپ ئۆيىگە كەتتى. دادا سىز بىلمەيسىز، ئۇ لەگلەكچۇ بەك پەيزى. ئۆيدە لەگلەك

ئالدىغان بىگىسى بولسا ئىزدەپ تېپىپ لەگلەكنى ئالىمەن ...

— ھا ـ ھا ـ ھا! — مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتىم.

— دادا!

جۇرئەتنىڭ چاقىرىشى بىلەن ئۆزۈمنى ئارانلا بېسىۋالدىم.

— بۇياققا كەل، — مەن ئۇنى چاقىرىپ يېنىمغا ئولتۇرغۇزدۇم. ئۇ ماڭا سوئال نەزەرى بىلەن قارىدى.

— جۇرئەت، — دېدىم مەن ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ، — بىگىسى دېگەن ئادەمدىكى قابىلىيەت ۋە ماھارەت. ئۇنى قول بىلەن تۇتقىلى، كۆرگىلى بولمايدۇ. ئۇنى پەقەت قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش ئارقىلىقلا يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ. تىرىشچانلىق بىلەن قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ ئۆگەنسەڭلا سەندىمۇ بىگىسى بولىدۇ.

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئىشكاپتىن قاچاندۇر بىر چاغدا ئەكىلىپ قويغان بىر تاختا سىرىق قەغەزنى ئالدىم. جۇرئەت سىرىق قەغەزنى كۆرۈپ ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كەلدى ـ دە:

— دادا، ئۇنى نېمە قىلىسىز!؟ — دەپ سورىدى ھەيرانلىق بىلەن.

— لەگلەك ياسايمىز. سەن ئۆز قولۇڭ بىلەن ياسايسەن، — دېدىممەن.

— مەن بىلمىسەم، مەندە بىگىسى بولمىسا.

— ئۆگەنسەڭ بىلىسەن. ئۆگەنسەڭ بىگىسىڭ بار بولىدۇ.

دەل شۇچاغدا ئىشىك ئېچىلىپ ئۆيگە چوڭ ئوغلۇم دىلشات كىرىپ كەلدى.

— دادا، بۇسىردىق قەغەزنى نېمە قىلىسىز؟ — سورىدى ئۇ.

— لەگلەك ياسايمىز، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا ۋە جۇرئەتنىڭ بايىقى ئىشىنى سۆزلەپ بەردىم. دىلشات بىر پەس كۈلۈپ كەتتى - دە:

— يۇر ئۇكام، نېرىقى ئۆيگە چىقىپ مەن ساڭا لەگلەك ياساشنى ئۆگىتىپ قوياي. خەقنىڭ يىرتىق لەگلىكىنى ئالىمەن دەپ ئاۋارە بولغۇچە، ئۆزۈڭ ياساپ ئۇچۇرغىن.

— بەللى، ئاكاڭنىڭ گېپى جايىدا بولدى. شۇنداق قىلىڭلار ئوغۇللىرىم، — دېدىم مەن دىلشاتقا مەمنۇنىيەت بىلەن قاراپ.

— يۇرە، داداش گېزىتىڭنى ئوقۇۋالسۇن.

جۇرئەت ئاكىسىنىڭ كەينىدىن چىقىپ كەتتى.

ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. جۇرئەت ئاكىسىنىڭ ئۆگىتىپ قويغىنى بويىچە گېزىتلەرنى كېسىپ، شىلىم بىلەن ئۇزۇن - قىسقا چىغلارغا يېپىشتۇرۇپ، تىنىماي لەگلەك ياسايتتى. بىراق ياسىغىنى ئازراقلا كۆتۈرۈلۈپ بىر تەرەپكە قىڭغىيىپ مۇللاق ئېتىپ يەرگە چۈشەتتى. جۇرئەت زېرىكمەي يەنە باشقىسىنى ياساشقا كىرىشەتتى.

بىر ئاي ئۆتتى. يەكشەنبە ئىدى. ئۆيدە ئولتۇرسام تاشقىرىدىن جۇرئەتنىڭ «دادا، دادا!» دەپ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلىنىپلا ئۆزىمۇ كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ چىرايى-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

دىن ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

— دادا، سېرىق لەگلەك ياسىدىم، ئاكام ياساشىپ بەرمىدى، ئۆزۈم ياسىدىم جۇمۇ، ھازىر ئۇچۇرىمەن. تالاغا چىقىپ كۆرۈپ بېقىڭ، — دېدى ئۇ تېز - تېز نەپەس ئېلىپ.

بىز تالاغا چىقتۇق. باھارنىڭ مەيىن شامىلى يۈزۈمنى يېنىك سىيپاپ ئۆتتى. مەن ئۇ ئۆز قولى بىلەن ياسىغان لەگلەكنى تۇتۇپ بەردىم. ئۇ قولىدىكى يىپ ئورالغان غالتەكتىن يىپىنى تېز - تېز چىقارغان پېتى ئالدىغا قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتى. سېرىق لەگلەك ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. جۈرئەت قولىدىكى غالتەكنىڭ يىپىنى ئۈزلۈكسىز چىقىرىپ، سىلكىپ - سىلكىپ قوياتتى. سېرىق لەگلەك ئەتراپتىكى ئۆيلەردىنمۇ، ھەتتا يول ياقىسىدىكى تېرەكلەردىنمۇ ئېگىز كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. مەھەللىدىكى بالىلار جۈرئەتنىڭ لەگلىكىنى كۆتۈرۈپ چۇرقىرىشىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئورىۋېلىشتى.

— ئۆزۈڭ ياسىدىڭما؟

— ھە، ئۆزۈم بولمايچۇ!

— ئاكاڭ ياساشىپ بەرگەندۇ، ھە قاچان؟

جۈرئەت تامىقىنى چىك - چىك قىلىپ چىكىلداتقىنچە بېشىنى چايقىدى.

— جۈرئەتنىڭ بىلگىنى باركەن جۇمۇ ئاداشلار، — دېدى نىجات بالىلارغا قاراپ.

بالىلار بېشىنى لىڭشىتىپ كۆك ئاسمانغا بارغانسېرى ئېگىز ئۆرلەۋاتقان سېرىق لەگلەككە ھەۋەس بىلەن قاراپ قېلىشتى.

ئۇچقۇنجان ئۆمەر

# شېئىرلار

## ئاسمان

زۇمرەت كەبى سۈپسۈزۈك
پارقىرايدۇ كۆك ئاسمان.
پايانسىز كەڭ چەتلىرى
ئۇپۇقلارغا تۇتاشقان.

قۇلاقلىرى يوق ئۇنىڭ
ئوخشايدۇ چوڭ قازانغا.
ئاشۇ نەرسە قاچاندىن
ھەمراھ ئىكەن جاھانغا.

ئۇ ئوخشايدۇ گوياكى
كۆك سىرلانغان گۈمبەزگە.
خىيال قۇشۇم سامادا
كېلىمەن كۆپ پەرەزگە ...

ئاسمان كەبى پايانسىز
مېنىڭ ئەلگە ھۆرمىتىم.

www.uyghurkitap.com

ئىلىم - پەندىن ئۆسمەكتە
شان - شەرىپىم، شۆھرىتىم.

پەن يولىدا ئىزدىنىش
مېنىڭ داۋان ئاشقىنىم.
چوڭ بولغاندا سىرىڭنى
بىلەرمەن ھە، ئاسمىنىم.

## يۇلتۇز

ئىسمىڭ ئەجەب چىرايلىق
ئەي يۇلتۇزچاق، يۇلتۇزچاق.
كۆك ئاسمانىنىڭ قەرىگە
قونۇۋالغان كۆز مۇنچاق.

جىمىرلايسەن ئاخشىمى،
ئۇيان - بۇيان كۆچىسەن.
جەلپ قىلىپ ئۆزۈڭگە،
قەلبىمدىن ھېچ كۆچمەيسەن.

ساناپ باقاي دېسەم مەن
سېنىڭ تۇرغان جايىڭنى.
پاھ! نېمانچە ئۇرغۇنسەن،
ئالالمىدىم سانىڭنى.

جىلۋە قىلساڭ ئاسماندا
يەردە تۇرۇپ شاد بولدۇم.
سېنى كۆرۈپ كېلىشكە
گويا ئارغىماق بولدۇم ...

تاشلاپ بەرگىن يەتتە تال،
مۇنچاق قىلىپ ئاساي مەن.
پەن بېغىدا تەر تۆكۈپ،
زەپەر يولى ياساي مەن.

بۇلۇت

ئاپام تەرگەن پاختىدەك
لەيلەپ يۈرگەن ئاق بۇلۇت.
بارماقچىسەن قەيەرگە،
بىلىپ قالاي خۇش بولۇپ.

مېڭىۋېرىپ تۈن ۋە كۈن
تۇرمايسەن بىر جايىڭدا.
سەيلە قىلىش ئۈستىكى
باردەك قىلار رايىڭدا.

سەندىن گاھى كۆردىمەن
دولقۇن ئۇرغان دېڭىزنى ...
شەربىتىڭدىن ياشارغان
چەكسىز يېشىل ئېتىزنى ...

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ساڭا ھەر بىر قارىسام
كۆلكە ئوينار كۆزۈمدە.
نۇرغۇن سوئال قويىمەن
ئەجەبلىنىپ ئۆزۈمگە ...

كىتاب كۆرۈپ ئىزدىنىپ،
چوقۇم جاۋاب تاپىمەن.
پەن - بىلىمنى ئىگىلەپ،
ئەلگە تۆھپە قاتىمەن.



مۇتەللىپ جۇماخۇن

# شېئىرلار

## كېپىنەك

ھەي كېپىنەك، كېپىنەك،
ئالغىن مېنى يېتىلەپ.
ئۇچاي بىللە سەن بىلەن
ھارماي كۈندۈز كېچىلەپ.

سەنمۇ مەندەك ھەۋەسكار،
گۈل ئاشىقى ئىكەنسەن.
بىز ئۆستۈرگەن گۈللەرنى،
بەلكىم كېلىپ كۆرگەنسەن.

تىزىۋەتتۇق رەتمۇ رەت،
ئۆستۈرۈپ بىز قاچىدا،
تاڭ قالىسەن كېتەلمەي،
كېلىپ قالساڭ باغچىغا.

مېنىڭ بىلەن يۈرگىنە،
باغچىمىزنى كۆرگىنە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

ھۇزۇردىن گۈللەرنىڭ،
بىر دەم پەيزى سۈرگىنە.

گەرخالىساڭ سەن بىلەن،
مەنمۇ ئۇچاي باغلارغا.
گۈل تېرەيلى قوشۇلۇپ،
چۆل - جەزىرە تاغلارغا.

تولدۇرايلى ۋەتەننىڭ
قۇچىقىنى گۈللەرگە.
نېمە ئارمان ئېيتقىنا،
يەتسەك ئاشۇ كۈنلەرگە.

قىز قارايدۇ مۈشۈككە

قىز قارايدۇ مۈشۈككە،
مۈشۈك قارايدۇ تۆشۈككە.

ئاق ئاسلاننى ئۇستەلگە،
قارچۇغىدەك قوندۇرۇپ.
قىزدىم بوستان يېنىدا،
ھەمراھ بولۇپ ئولتۇرۇپ.
بىر رەسىملىك كىتابنى،
كۆرسەتكەندى ئۇنىڭغا.
قوللىرىنى تەگكۈزۈپ،

رەسم تۇرغان ئورۇنغا.
سۆزلەر ئدى برمۇ بر
چۈشەندۈرۈپ مۈشۈككە.
لېكن كۆزى مۈشۈكنڭ
بۇلۇڭدكى تۆشۈكتە.
شۇڭا ئۇنڭ بېشنى،
بۇراپ قويدى ئككى رەت.
ئۆرۈپ قويۇپ كتابنڭ
ۋارقدن يېڭى بەت.
ئەنە شۇندا كۆرۈندى
بر چاشقاننڭ سۈرتى.
ئۇنى كۆرۈپ ئاسلاننڭ
تترەپ كەتتى بۇرۇتى.
شۇ چاغ مۈشۈك چاشقانغا
تۇيۇقسزلا ئېتلدى.
كتابدن بوستاننڭ
بر ۋارقى يرتلدى.
تارسلا تەگكەن تاياقتن
ئاسلان غڭشپ، مياڭلاپ،
كېتپ قالدى بوستانغا
بويۇن تولغاپ يامانلاپ.
خاپلقى قايتماستن،
بوستاننڭمۇ ئۆزدچە،
چقپ كەتتى ئويناشقا
ئاق ئاسلاننڭ كۆزدچە.

ئەنە شۇنداق باتنىشىپ
قالدى ئۇلار كەچكىچە.
ئىزدەشمىدى ئۆزئارا،
ئانا تاماق ئەتكىچە.
بىر چاغ جوزا قويۇلۇپ،
بولغىنىدا ھەممە جەم،
كەلدى بوستان قىشىغا،
كۈندىكىدەك مۈشۈك ھەم.
مىياڭ - مىياڭ، مىياڭلاپ،
كۆزلىرىگە تەلمۈردى.
چىدىماستىن بوستانمۇ
نانىنى چايناپ ئۇلتۇردى.
شۇنداق قىلىپ ئىككىسى
قالدى يەنە ئەپلىشىپ.
يېتىشتى بىر ئورۇندا،
كۈندىكىدەك گەپلىش پ.



ئابلىكىم باقى

# شېئىرلار

## ئانار دەرىخى

چېچەكلەپتۇ كۆكلەمدە،
باغدا ئانار دەرىخى.
تۇزغا ئوخشاش رەڭمۇ رەڭ
ياسىنىپتۇ ھەر شېخى.

يارىشىپتۇ زەپ كۆركەم
گۈل - چېچەكلەر بۇ باغقا.
ئۇنىڭ خۇش بۇي پۇرىقى
چېچىلىپتۇ ھەر ياققا.

دەپتۇ ئانار دەرىخى
تەشنەكتىكى كۆچەتكە:
— باغقا چىقىپ يىلتىز تارت،
جىسمىڭ تولسۇن قۇۋۋەتكە.

كىچىك ئانار كۆچىتى،
كۆرۈپ ئۇنى ئەينەكتە.

پىچىرلاپتۇ دەرەخكە
چىدىماستىن ھەسەتتە.

— ئۆتەر كۈنۈم راھەتتە،
ئىسسىق ئۆيدە تەشتەكتە.
چوڭ بولىمەن خاتىرجەم
ئاشۇ جايدا - جەننەتتە.

قىشنىڭ سوغى - بورىنى،
ساڭا ئازاب ئەمەسمۇ؟
قاتتىق يامغۇر، تومۇزدا
ھالىڭ خاراب ئەمەسمۇ؟

كۆزگە ئىلماي دەرەخنى
قىرىپ قويۇپ گېلىنى.
دەپتۇ شۇنداق ئۇ كۆچەت
تولغاپ نازۇك بېلىنى.

ئۇزۇن ئۆتمەي شامالدا،
تۆكۈلۈپتۇ چېچەكلەر.
قۇرۇق - قاقشال ياغاچتەك
كۆرۈنۈپتۇ دەرەخلەر.

— دېمىدىممۇ قاراڭلار، —
دەپتۇ كۆچەت ۋارقىراپ، —

دەرەخ ئەمدى ئۆلدۇ،
يامغۇر ياغسا شارقىراپ.

باھار كېتىپ ياز كېلىپ،
باغ ھۆسنىگە تولۇپتۇ.
دەرەخنىڭ ھەر شېخىغا
سانسىز مېۋە قونۇپتۇ.

«تېشى قىزىل سىرلاقلىق،
ئىچى مارجان مىخلاقلىق»،
ئۆي ئىچىدە ئانارلار
سېۋەت - سېۋەت ساقلاقلىق.

تاتلىق شەربەت ئاقاركەن
يېرىلغان ھەر پوستىدىن.
پەقەت زۇۋان چىقماپتۇ،
تەشتەكتىكى دوستىدىن.

## ئاق كەپتەرنىڭ دوستلىرى

بۇلبۇل بىلەن ئاق كەپتەر
بىللە ئويناپ كۈلەركەن.
ھەممە جايدا ھەر قاچان،
بىر - بىرىنى يۆلەركەن.

دەپتۇ بۇلبۇل كەپتەرگە
ئورمانلىقتا بىر كۈنى.

ئەيىبىنى كۆرسىتىپ،
دەپتۇ ئۇنىڭغا بۇنى:
— «كۆك قەردە پەرۋاز قىپ
ئۇچمەن دەپ پو ئاتما.
هوشيار بولغىن ئۆزۈڭگە
بىخۇدلۇقنى يولاتما!»
لېكىن كەپتەر بۇ سۆزنى
ئاڭلاپ بەكمۇ رەنجىپتۇ.
گۇمانلىنىپ بۇلبۇلدىن
كەينىگە سەل داجىپتۇ.
كايىپتۇ ئۇ «نىمىشقا،
ئەيىبىمنى ئاچىسەن.
ئىناق، ئىجىل دوست تۇرۇپ
زەھەردىكىنى چاچىسەن؟!
يوقال دەرھال يىراققا،
كۆرۈنمىگىن كۆزۈمگە.
كەلگۈسىدە كۆرەرمىز،
ئىگە بولغىن سۆزۈڭگە.»
بۇلبۇل شۇنچە يالۋۇرسا
بىر ئېغىزمۇ ئاقماپتۇ.
چۈشەندۈرۈپ سۆزلىسە،
ئاڭا پەقەت ياقماپتۇ.
شۇندىن كېيىن ئاق كەپتەر
قاغا بىلەن دوست بوپتۇ.
ئۇنىڭ تاتلىق سۆزىدىن
شادلىنىپتۇ، خۇش بوپتۇ.

قاغا ئۇنى ھەر كۈنى،
ماختايدىكەن ھارغۇچە.
كەپتەر ئاڭا مەست بولۇپ،
ئۇخلايدىكەن قانغۇچە.
دەپتۇ قاغا بىر كۈنى:
— ئۇخلا، ساڭا قارايمەن.
پەيلىرىڭنى پەپىلەپ
سىلىق سىيپاپ تارايمەن.
شۇنىڭ بىلەن كېتىپتۇ،
كەپتەر شېرىن ئۇيقۇغا
قارا قاغا ئويلاپتۇ
قاراپ ئۇنىڭ تۇرقىغا:
— ئاق كەپتەرنى يوقاتسام
كېتەر مەندىن قارا داغ.
شان - شەرەپكە ئېرىشىپ،
يايرىمامدىم ھەممە چاغ.
قاغا دەرھال ئاتلىنىپ
خەۋەر قىپتۇ تۈلكىگە.
ئېرىشىپتۇ ئۇنىڭدىن
بىر تالاي تەشەككۈرگە.
شۇنداق قىلىپ قۇۋ تۈلكە،
ئېتىلىپتۇ كەپتەرگە.
ھەممە ئەتراپ تولۇپتۇ،
ئاپئاق ماموق پەيلەرگە.
دەل شۇ پەيتتە بۇلبۇلمۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

باشلاپ كەپتۇ بۈركۈتنى،
پۇرسەت كۈتۈپ تۇرماستىن
ئۆلتۈرۈپتۇ تۈلكىنى.
ئامان قاپتۇ ئاق كەپتەر
بولۇپ قانات-قۇيرۇقسىز.
ئەسكە ئاپتۇ قاغىنىڭ
سۆزلىرىنى تويۇقسىز.
بۈركۈت بولسا قاغىغا
تىكىپ ئۆتكۈر كۆزىنى.
جاكالاپتۇ ھەممىگە،
دانىشمەنىنىڭ سۆزىنى:
«دوستۇڭ ئېيتار يىغلىتىپ،
دۈشمەن سۆزلەر كۈلدۈرۈپ.
دۈشمىنىڭگە ئالدانساڭ،
تاشلار سېنى ئۆلتۈرۈپ.»

مەمتىمىن بارى

# شېئىرلار

## گۈل

قاپارغانتى ئەمگەكتە قولۇم،
بۇۋام كۆرۈپ ئۇنى «گۈل» دېدى.
مەنىسىگە چۈشەنمەي رەنجىپ
ئويلىغاندىم: مېنى گوللىدى.

ئايلار ئۆتۈپ تىككەن كۆچىتىم،
باراقسان بوپ گۈللىگەندى.
بۇۋام ئۇنى ماڭا كۆرسىتىپ،
«قول قاپارتقان ئاشۇ گۈل» دېدى.

ئەگەر قولۇم قاپارمىغاندا،
بۈگۈن شۇ گۈل ئېچىلمايدىكەن.
ئەجىر قىلىپ تىكمىسەك كۆچەت،
خۇش پۇراقمۇ چېچىلمايدىكەن.

قولۇم قانچە قاپارسا مەيلى،
ھەر يىل تىكىپ تۇرىمەن كۆچەت.
بۇۋام ماڭا ئورۇن كۆرسىتىپ
بېرىدۇ ئارىلىقنى ئۆلچەپ.

## ئاي بۈزدى

مەن سەكرىسەم كۆلچەككە
ئايمۇ بىللە سەكرىدى.
مەن قوغلىسام ئۇ قېچىپ،
زادى تۇتۇق بەرمىدى.

شوخ بېلىقتەك سۇ ئۈزسەم،
مەن بىلەن تەڭ سۇ ئۈزدى.
قايتىپ چىقسام، ئۇ چىقماي،
بۇ ئويۇننى ئاي بۇزدى.

## بوشاڭلارنى دورىما

ئوغلۇم، قارا تاڭ ئاتتى،
تۇر ئورنۇڭدىن، ئۇخلىما.
قوڭغۇراقمۇ چېلىندى،
باشلىنىدۇ يوقلىما.

كىرسەڭ ئەگەر كېچىكىپ،
ئۇيالمامسەن سىنىپقا؟
قىلغىن سەنمۇ رىئايە
دوستلىرىڭدەك ۋاقىتقا.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

سەھەر تۇرۇپ ھەرگۈنى
بەدىنىڭنى چېنىقتۇر.
بوشاڭ، ھۇرۇن بولماستىن
ھەممە ئىشتا تېتىك بول!

### ئاسلىنىم

ئەتراپىمدا ئايلىنىپ،
نېرى بارماس ئاسلىنىم.
زىيانداشنى، چاشقاننى
ئامان قويماس، ئاسلىنىم.

ئۇزۇن قۇيرۇق، ئالىماچ،
پېشانىسى قاپقارا.
كىتاب كۆرسەم ئولتۇرۇپ،
ھەمراھ بولار ئۇ ماڭا.

چارچىغاندا ئوينايمەن
ئەركىلىتىپ باغلاردا.
ئۇخلايدۇ ئۇ مەن بىلەن
ئۇيقۇ تۇتقان چاغلاردا.

تاڭ سەھەردە مەن تۇرسام،
ئۇمۇ ئەسنەپ تۇرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

ئالدى ئىككى پۇتىدا
يۈز - كۆزىنى يۇيىدۇ.

چېپىلمايدۇ ھەرگىزمۇ
ئۆيدە قاچا - تاۋاققا.
ئولتۇرىدۇ بىر چەتتە
مەن ئولتۇرسام تاماققا.

ئاسلىنىمنى مەن شۇڭا
قەۋەت ياخشى كۆرىمەن.
خەۋەر تېپىپ ھالىدىن
ئايرىم مېھمان قىلىمەن.



ئابدۇراخمان ئەبەي

# ئۆردەك، كەپتەر ۋە چۆجە خوراز

(مەسەل)

بۇرۇنقى زاماندا بىر قېلىن ئورمانلىقتا نۇرغۇن ئۇچار قۇش ۋە جان - جانىۋارلار ياشايدىكەن. ئۆردەك، كەپتەر ۋە بىر چۆجە خوراز قولۇم-قوشنا بولۇپ بىر يەردە ئىناق ئۆتىدىكەن.

ئۆردەك ناھايىتى ئېغىر - بېسىق ۋە كۆچلۈك ئىكەن؛ كەپتەر چاققان ۋە زېرەك ئىكەن؛ چۆجە خوراز بولسا ناھايىتى ياسانچۇق ۋە پوچى ئىكەن. ئۇ ئۆزىنى ئۆردەك ۋە كەپتەرگە قارىغاندا باتۇر، چاققان ۋە زېرەك ھېسابلاپ، ئۆردەكنى مىس - مىس، كەپتەرنى ۋىجىك دەپ ئويلايدىكەن.

كۆنلەرنىڭ بىرىدە بۇ ئورمانلىقتا بىر تۈلكە پەيدا بولۇپ قاپتۇ. ئۇ كۆچى يەتكەنلەرنى ئۇرۇپ - سوقۇپ يەيدىكەن، كۆچى يەتمىگەنلەرنى بولسا ھىيلە - مىكىر بىلەن ئالداپ جۆندەيدىكەن. ئۇ چىللە، كەكلىك، قىرغاۋۇللارنى زورلۇق - زومبۇلۇق بىلەن بوغۇپ يەپتۇ. توشقان، كىيىك، ئېلىكلەرنى ھىيلە - مىكىر بىلەن ئالداپ يەپ تۈگىتىپتۇ. تۈلكىنىڭ ۋەھشىيلىكى ۋە ھىيلىگەرلىكىنى

سەزگەن ئۆردەك بىلەن كەپتەر تۈلكىگە بىرلىشىپ قارشى تۇرۇش ئۈچۈن چۆجە خورازغا مەسلىھەت ساپتۇ. ئەمما بۇ مەسلىھەت چۆجە خورازغا ياقماپتۇ. ئۇ: «مەن تۈلكىنىڭ ھىيلە - مىكرىگىمۇ ئالدانمايمەن، زورلۇق - زومبۇلۇقىغىمۇ بوزەك بولمايمەن» دەپ ئۆردەك بىلەن كەپتەرنىڭ تەلىپىنى رەت قىپتۇ.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي تۈلكە بۇلارنىڭ ئۇۋىسىنى چۆگىلەپ قاپتۇ. ئۆردەك بىلەن كەپتەر ۋەھىمىگە چۈشۈپ، ئاخشىمى ئۇۋىسىغا بالدۇر قايتىپ كىرىپلا ئىشىك - دېرىزىلىرىنى مەھكەم تاقايدىغان بوپتۇ. چۆجە خوراز ئۇلارنى: «قورقۇنچاقلار» دەپ مازاق قىپتۇ. ئۇ كاتەك ئىچىدە يېتىپ پات - پات قاناتلىرىنى قېقىپ، بويۇنلىرىنى سوزۇپ تۇرۇپ: «قى - قى، قىق!» دەپ قىچقىرىپ قويىدىكەن.

بىر كۈنى كېچىدە تۈلكە ئۆردەكنىڭ ئۇۋىسى ئالدىغا كەپتۇ. بىراق ئۆردەك ئىشىكىنى مەھكەم تاقاپ قويغاچقا ئۇنى ھەرقانچە قىلىپمۇ ئاچالماپتۇ. ئۇ ئاخىر بىر ھىيلە - مىكىر ئويلاپتۇ - دە، تۇمشۇقىنى ئىشىككە تاقاپ تۇرۇپ ناخشا ئېيتىپتۇ:

ئۆردەك بىيىم، ئۆردەك باي،
ئاپئاق بەدەن، ئۈز چىراي.
ئىشىكىڭنى ئاچ ماڭا،
سالام بېرەي مەن ساڭا.
ئىناق ئاداش بولايلى،
دائىم بىللە تۇرايلى.

ئۆردەك تۆلكىنىڭ ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ ئىشكنى تىمىسقىلاپ ئاچالمىغانلىقىنى كۆرۈپ ۋە ئۇنىڭ قارا نىيىتىنى سېزىپ، ئىككى يېنىغا ئېغىناپ تۇرۇپ جاۋاب بېرىپتۇ:

ياق، بولمايدۇ، ياق،
ئۆز خىلىڭغا باق.
ساڭا قول بەرگەن
قاچان قالغان ساق؟

تۆلكە ھىيلە ـ مىكرىنىڭ ئىشقا ئاشمايدىغانلىقىنى بىلىپ تەھدىت سالماقچى بوپتۇ ـ دە، ھەيۋە قىلىپ:

ئاچمايدىكەنسەن ئىشىكىڭنى،
ساق قويمايمەن جېنىڭنى.
ئۇۋاڭنى ئۇسۇپ ئۆرۈۋېتىمەن،
كۆلۈڭنى كۆككە سورۇۋېتىمەن، ــ دەپ ۋارقىراپتۇ. ئۆردەك پىسەنت قىلماپتۇ، تۆلكە بولسا ئىلاجسىز قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بوپتۇ.

ئەتىسى كەچتە تۆلكە كەپتەرنىڭ ئۇۋىسىغا كەپتۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىشىكمۇ مەھكەم تاقالغانىكەن. ئۇ ئىشىكنى ئېچىشقا ئامال قىلالماي يەنە ھىيلە ـ مىكىر ئىشلەتمەكچى بوپتۇ ـ دە، تۇمشۇقىنى دېرىزىگە تاقاپ تۇرۇپ ناخشا ئېيتىپتۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئاپئاق كەپتەر، ئاق كەپتەر،
سېغىنغاندىن ساق كەپتەر.
يا ئاتىسى يوق، يائانا،
دىلى سۇنۇق، تاق كەپتەر.
ئىشىكىڭنى ئاچ ماڭا،
سالام بېرەي مەن ساڭا.
ئىناق ئاداش بولايلى،
دائىم بىللە تۇرايلى.

كەپتەرمۇ ئۇنىڭ قارا نىيىتىنى تۇيۇپتۇ ـ دە، بويـ
نىنى ئويىنىتىپ تۇرۇپ جاۋاب بېرىپتۇ:

بۇۋۇۋق، بۇۋۇۋق، بۇۋۇۋق،
سەندە زادى ئىنساپ يوق.
شۇنچە خەقنى ئالداپ يېدىڭ،
كىم كۆرۈپتۇ سەندىن خولۇق.
ۋاپا كەلمەس شېرىن سۆزدىن،
ۋالاقلىماي يوقال كۆزدىن.

تۈلكە ھىيلە ـ مىكرىنىڭ ئىشقا ئاشمىغانلىقىنى بىـ
لىپ تەھدىت سېلىشقا باشلاپتۇ:

ئاچمايدىكەنسەن ئىشىكىڭنى،
ساق قويمايمەن جېنىڭنى.

ئۇۋاڭنى ئۇسۇپ ئۆرۈۋېتىمەن،
كۆلۈڭنى كۆككە سورۇۋېتىمەن!

كەپتەرمۇ پەسەنت قىلماي ئۇۋىسىدا ئولتۇرىۋېرىپتۇ. تۈلكە ئۇيان چۆگىلەپ، بۇيان چۆگىلەپ ئاخىر قايتىپ كېتىپتۇ.

ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى كەچتە تۈلكە چۆجە خورازنىڭ ئۇۋىسىغا كەپتۇ. چۆجە خوراز ئىشىكنى ياپقان بولسىمۇ، ئەمما تاقىماي ياتقانىكەن. لېكىن تۈلكە بۇنى سەزمىگەچكە ئاۋۋالقى قېتىملاردىكىدەك ئاۋۋال ئىشىكنى ئېچىشقا ئۇرۇنماي، ناھايىتى مۇلايىملىق بىلەن چىرايلىق سۆزلەرنى توقۇپ ناخشا ئېيتىپتۇ:

خورازچىقىم، خورازچاق،
ئالتۇن تاجلىق خورازچاق.
تۆمۈر تۇمشۇق، سۆلەتلىك
ئالاچىپار خورازچاق.
ئىشىكىڭنى ئاچ ماڭا،
سالام بېرەي مەن ساڭا.
ساڭا كۆپ دان ئەپكەلدىم،
ئاداش بولاي دەپ كەلدىم.

چۆجە خوراز تۈلكە ھىيلە ئىشلىتىپ مېنى ئالداۋاتامدىكىن دەپ ئويلاپتۇ ۋە تاقەت قىلالماي قاناتلىرىنى

سۆرەپ بازبازلاپتۇ-دە، بويۇنلىرىنى سوزۇپ تۇرۇپ جىنىنىڭ بارىچە:

قى، قى، قىق،
نوچى بولساڭ مەيدانغا چىق! —

دەپ ۋارقىراپتۇ، تۆلكە چۆجە خورازنىڭ دودەنلىكىنى ئېغىر ئالماي يەنىمۇ ماختاپ ئۇچۇرۇشقا باشلاپتۇ:

خورازچىقىم، خورازچاق،
مەن ساڭا ئەجەب ئامراق.
سەندەك گاڭگۇك، نوچى يوق،
سېنىڭ بىلەن كۆڭلۈم توق.
بىراق ساڭا ئۆچلەر كۆپ،
قەستلەپ يۈرگەن دۈشمەن كۆپ.
ئۆردەك، كەپتەر تۈنۈگۈن
سېنى پوچى دەپ كەتتى.
ساڭا ئەكەلگەن داننىڭ
خېلىسىنى يەپ كەتتى.
ئەنە ئۇلار ھازىرمۇ،
يەڭ شىمايلاپ كەلمەكتە.
ساڭا چاچقان دانلارنى
يەردىن چوقۇپ تەرمەكتە.

چۆجە خوراز: «خەپ، ئەسلىدە ئۆردەك بىلەن كەپتەر دېگەن بۇ ھارامزادىلەر مېنى ئالداپ يۈرگەن ئىكەندە!» دېگەن ئويغا كەپتۇ ۋە ئۇلارنىڭ ھەممە دانىنى يەپ

تۆگىتىۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇۋىسىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ-تۇ. دەل شۇ پەيتتە تۈلكە ئېتىلىپ كەپتۇ-دە، ئۇنىڭ بېلىدىن قاپساپلا ئورمانلىققا قاراپ قېچىپتۇ.

چۆجە خوراز دەسلەپتە قورقۇپ كېتىپتۇ، كېيىن ئېسىنى يىغىپ ئالدانغانلىقىنى بىلىپتۇ-دە، تۈلكىگە ھەيۋە قىلىپ ۋارقىراپتۇ، تېپچەكلەپتۇ، يۇلقۇنۇپتۇ. لېكىن قانچە قىلسىمۇ تۈلكىنىڭ ئاغزىدىن بوشىنالماپ-تۇ. ئۇ ئاخىر ئۆردەك بىلەن كەپتەرنى ئېسىگە ئېلىپ توۋلاپتۇ:

قى، قى، قىق...
ئالداپ كەتتى شۇم تۈلكە،
چۈشتۈم ئۇنىڭ دامىغا.
تېرىك پېتى يۇتماقچى،
مېنى تويماس قارنىغا.
ئەي كەپتەرچاق، ئۆردەكجان،
قۇتقۇزۇڭلار تېز، چاپسان!

بۇ تۆن نىسپى تۇرسا، ئۆردەك بىلەن كەپتەر ئۇ-نىڭ پەريادىنى ئەددىنمۇ ئۇقسۇن. چۆجە خوراز بۇرۇن ئۆردەك بىلەن كەپتەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ تۈلكىگە قارشى تۇرۇش مەسلىھەتىنى رەت قىلغانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىپتۇ.

چۆجە خوراز شۇ كېچىسى تۈلكىگە بىر ۋاخ غىزا بولۇپ تۈگەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

روزى سايىت

## پولات ھەققىدە قوشاق

«... يېڭى ئەۋلاد قايتىدىن،
جان بەردى مەن چولاققا...»
ئاشۇ خىتاب ئاڭلاندى
كېتىپ بارسام قۇلاققا.
ھەيران بولۇپ بۇ گەپتىن،
قارىغانتىم رۇجەكتىن،
كۆزۈم چۈشتى تۇساتتىن
بىزنىڭ كىچىك پولاتقا.
ئۇ ئېلىپتۇ بولقىنى،
(قاراڭ ئۇبدان خۇلقىنى)
بوپتۇ خالىس ياغاچچى،
قايتماي ئۆيگە تاماققا.
مەن بۇ ھالدىن زوقلاندىم،
باشقىچىلا روھلاندىم،
رەھمەت ئېيتتىم ئىچىمدە،
پولات — مېھرى بۇلاققا.
ئۇچۇپ ئىلھام قۇشلىرى،
«ياغاچچى» نىڭ ئىشلىرى،
ئورۇندۇقنىڭ سۆزلىرى

جايلاشتى بۇ قوشاقتا.
شۇنداق دەيتتى ئورۇندۇق:
«ياش دوست، ئىشىڭ ئورۇنلۇق.
سەندەك بولسا ھەممەيلەن
قالماي ھەرگىز ئۇزاقتا؛
مەكتىپىمىز ھالىنىپ،
دەرسخانا جانلىنىپ،
بىرەلەيتتى بەرداشلىق
ئىقتىسادىي سىناقتا.
ھازىر بىزنىڭ ئىلمىمىز،
(بۇنى ياخشى بىلىمىز)
قانات قېقىپ ئۇچماقتا
زامانىۋى راۋاقتا.
ئىقتىسادچىل بولمىساق،
پەم ـ ئەقلگە تولمىساق،
سەپىرىمىز ئۇچرايدۇ
پۇتلىكاشاڭ ـ توساقتا.
ئەمما بەزى بالىلار،
ئەقلى چولتا چالىلار،
بۇنى ئويلاپ يەتمىگەچ،
سالدى مېنى پىراقتا.
ئاڭلا، پولات، دىلكىشىم،
مۇنداق مېنىڭ كەچمىشىم:
نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا،
چۈشۈپ قالدىم سولاقتا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئەسلىدە مەن ساق ئىدىم،
مەزمۇت ئىدىم، ئاق ئىدىم،
كېيىن رەڭگىم ئۆزگىرىپ،
كىردىم چوقۇر سىياققا.
دەسسەۋېرىپ چوققامغا،
ئۇرۇپ يۇرۇپ ئارقامغا،
سۇندى ئاخىر پۇت ـ قولۇم،
چىدىيالماي ئازابقا.
غىچىر ـ غىچىر، غىچىرلاپ،
يالۋۇرساممۇ پىچىرلاپ،
ئەمدى سەپتىن چىقتىڭ، دەپ،
تاشلىۋەتكەن بۇياققا.
بۇزۇلغۇدەك بولماپتىم،
(بىر ياشقىمۇ تولماپتىم)
قىلسا ئازراق رېمونتلا
ئۆتەلەيتتىم ساناققا.
ياتتىم، شۇنداق ھالىم يوق،
ھېچ كىشىنىڭ كارى يوق،
ئىچىم پۇشۇپ دەر ئىدىم:
ئوكشىلارمەن نەۋاقتا؟
يەتتىڭ بۇگۈن ھالىمغا،
قۇلاق سالدىڭ نالەمگە،
شىنا قاقتىڭ، مىخ قاقتىڭ،
ئاجراپ كەتكەن تامغاققا.
پۇت ـ قوللىرىم چەملەندى،

چىتنقلىرىم يەملەندى،
هايات بەخش ئەتتىڭسەن
قوۋۇرغىسى مايماقىا.
كەلتۈردۈڭ سەن كېرەككە،
يەتتىم ئاخىر تىلەككە.
ئەمدى ھەمراھ بولىمەن،
پەن - بىلىمگە ئامراقىا...»

ئاڭلاپ ئاشۇ سۆزلەرنى،
پولات قىستى كۆزىنى.
دېدى: «دەۋران تۇرغۇزدى،
سېنى ئۆرە - ئاياغقا.
‹تۆتتە گۈزەل، بەش بولۇش›
ئەخلاقى ئۆز ياش بولۇش،
كۆچ بەرمىسە پولاتقا،
قايتالامتىڭ ھاياتقا؟!
ئادا قىلدىم بۇرچۇمنى،
چىقاردىم ئاز كۈچۈمنى،
ئەھدىم مېنىڭ تەر تۆكۈش
ۋەتەن — ئانا تۇپراقىا.»

ئابلىكىم روزى

# شېئىرلار

## نېمىشقا ئاز ئۇخلايدۇ

ئويلاپ قالدى بىر كۈنى
يەتتە ياشلىق بەختىيار:
«ئاتا ـ ئانام ھەر سەھەر
مەندىن بۇرۇن ئويغىنار.

ئۇلار زادى نېمىشقا،
مېنىڭدىن ئاز ئۇخلايدۇ؟
ئۇيقۇسىنى پارچىلاپ
ماڭا بەرگەن ئوخشايدۇ...»

## كېسەل تۇرسا جان ئانام

ئازاد دېدى گۈلشەنگە:
«يۈرە ئاداش، يۈرگىنە؛
بىللە ئويناپ مەن بىلەن
يايرىغىنا ـ كۈلگىنە.»



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

گۈلشەن دېدى: «جان ئانام
ئۆيدە كېسەل ياتىدۇ.
شۇڭا ئۇيۇن ـ كۈلكىنى
كۆڭلۇم قانداق تارتىدۇ؟»

## كىم ياخشى دەپ سورىما

دېگەندى ئانىسى:
«جېنىم قىزىم ئامىنە،
مەن ياخشىمۇ، داداڭمۇ؟
قېنى، جاۋاب بەرگىنە.»

مۇنداق دېدى ئامىنە:
«دادام ياخشى، سەن ياخشى.
ياخشى بولغاچ ئىككىڭلار،
مەن بەختىيار، مەن ياخشى.

ئوخشاش ياخشى كۆرىمەن
ئىككىڭلارنى دائىما.
شۇنداق تۇرۇپ، جان ئانا
كىم ياخشى دەپ سورىما؟»

## ئاتا ـ ئانام ــ نۇر چىراغ

دادام ماڭا نۇر چىراغ،
ئانام ماڭا نۇر چىراغ.

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور ئادرېسى

دادام بىلەن ئانامغا
مەن ھەممىدىن خۇش پۇراق.

دادام مېنى سۆيىدۇ،
ئانام مېنى سۆيىدۇ؛
چۈنكى مېنى ھەرقاچان
جاندىن ئەزىز كۆرىدۇ.

## ئاكا - ئۇكا

ئاكا - ئۇكا بىر كۈنى
قالدى قاتتىق ئۇرۇشۇپ؛
بىر - بىرىنى سۆكۈشتى
دۈەيلىشىپ تۇرۇشۇپ.

لېكىن ئۇلار كەچقۇرۇن
ئۇخلىدى بىر يوتقاندا.
ئۇرۇشقاننى ئۇنتۇدى
ئەتىگىنى تۇرغاندا.

چۈنكى ئۇلار ھېچقاچان
ئاداۋەتنى بىلمەيدۇ.
ئىناقلىقى تۇغقاننىڭ
كىچىكىدە گۈللەيدۇ.

ماخمۇت مۇھەممەت*

# قاسىمنىڭ تىلەكلىرى

(سىكىل)

**ئاتامغا**

ئەركىلەتسەڭ ھەر دائىم
بىر سوئالنى سورايسەن:
— كەلگۈسىدە جان ئوغلۇم،
كومپوزىتور بولامسەن؟
ئەركىلەتسەڭ سىڭلىمنى
بۇ سوئالنى سورايسەن:
— كەلگۈسىدە جان قىزىم،
ئۇستا ئارتىس بولامسەن؟
بەكمۇ ياخشى تىلىگىڭ،
بىزنى ئوبدان بول دەيسەن؛
ئۆزۈڭ لېكىن بىر ئىشنى،
سېزىسەن يا سەزمەيسەن!
ھەممىمىزلا چوڭ بولساق،
توپلىنامدۇق سەنئەتكە؟
ئالىم كېرەك ئەمەسمۇ،
ئەل، ۋەتەنگە، مىللەتكە؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئايغا چىققان ئۇچقۇچلار
خۇددى بىزدەك ئادەمغۇ؟
كەشپىياتچى خىمىكلار
ئۇمۇ بىزدەك ئادەمدۇ؟
مەن ئىرادە باغلىدىم
ماتېماتىك بولماققا.
پەندە يارتىپ يېڭىلىق،
شان ـ شەرەپكە تولماققا.
دەيدۇ سىڭلىم دىلدارمۇ،
ـــ ئارزۇيۇمدۇر مېمارلىق.
تولدۇرۇشتا بوشلۇقنى،
كۆرسىتەي پېداكارلىق.
جان ئاتام، كۆيۈمچانىم،
رەھمەت ياخشى كۆڭلۈڭگە.
يېڭىچە تەلەپ قويغىن،
بىزگە، بىر جۈپ گۈلۈڭگە.

## ئاكام بىلەن ھەدەمگە

داستىخـاندا سۆھبەتكە ـــ
چۈشكەندە سىلەر دائىم.
پاراڭغا قۇلاق سالسام،
دەيسىلەر ئوينىغىن قاسىم!
بەزىدە قىلىپ ئاچچىق،
توختىتىسىلەر گەپنى.

كۆڭلۈمدىكىنى ئېيتاي،
تۇتۇپ مۇشۇ پۇرسەتنى.
ئون بىرگە كېلىپ قالدىم،
سىنىپتا ئەلاچىمەن.
سۆھبەتلىشىمەن دائىم
ساۋاقداشلىرىم بىلەن.
سىلەر كۆڭۈل بۆلگەنگە،
بىزمۇ خوپ قىزىقىمىز.
ۋەزىيەتنى بىلمەككە
گېزىتكە يېزىلىمىز.
تىڭشاپ سۆھبەتىڭلارنى
«قۇلاق موللىسى» بولساق،
چوڭ ئىشلارنى ھازىردىن،
ئويلاپ ئارزۇغا تولساق؛
ئىزىڭلارنى باسماققا
پۇختا راسلىنىمىزغۇ.
بىلىملىك بولۇپ ئەتە
جەڭگە ئاتلىنىمىزغۇ؟
ئەمدى سۆھبەتىڭلارغا،
قوشۇڭلار مېنى دائىم.
«بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قوي،
دەڭلار، — ئوغلىمىز قاسىم!»

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## بىر شائىر ئاكامغا

شائىر ئاكا ئۆزۈڭدىن،
دائىم شېئىر سورايمەن.
ھەر شېئىرىڭنى ئالغاندا
بىر نېمىنى ئويلايمەن.
بالىمەن، ئۆزۈك ھەقلىق،
كۆپ ئىشنى چۈشەنمەيمەن.
رەنجىيمەن بىراق سەندىن،
سەن ماڭا ئىشەنمەيسەن.
يازغىنىڭ تولا ئاددىي،
چايناپ نانىنى بەرگەندەك،
بەزىسىگە قارايمەن،
«ئېلىپبە»نى كۆرگەندەك.
بولسىمۇ يېشىم كىچىك،
چوڭ ئىشلارنى ئويلايمەن.
ئالەم سىرىغا ھەتتا
قىزىقىمەن، سورايمەن.
قانمايدۇ مېنىڭ كۆڭلۈم،
سەن يازغان قوشاقلارغا،
كۈلىشەر ئوقۇپ بەرسەم،
ھەتتاكى قورچاقلارغا.
بولسىمۇ بوغۇمى يەتتە،
چوڭقۇر مەنىسى بولسا،

ئوقۇسام يۈرەك ـ باغرىم،
قۇۋۋەت، ئارزۇغا تولسا...!
شېئىر سورىسام دائىم،
ئاددىيلا يېزىۋەرمە!
يەلتىنزىم خېلى چوڭقۇر،
بەكمۇ تېيىز قېزىۋەرمە!

بەزى ساۋاقداشلىرىمغا

ئويۇن دېسە قوپۇندەك
يۈگۈرمەڭلار، ئاداشلار.
مەكتەپتىن چىقىپ دۆڭنى
كۆزلىمەڭلار، ئاداشلار.
دۆڭدە نېمە بار شۇنچە،
قوغلاشماق بىلەن ۋاللەي؟
ۋاللەينى تولا ئويناپ،
كۆچمەي قالدىڭمۇ ئابلەي؟
ئويۇنقىپى دەپ كۈلسە
خەقلەر بىزنى ئوبدانمۇ؟
ياكى ئانىمىز بىزنى،
ئويۇنغا دەپ تۇغقانمۇ؟
ئوينىماڭلار، ئويلاڭلار،
ئۇستار گېپىنى ئەمدى،
كۆپ كاللا قاتۇرماققا
بىزگىمۇ ۋاقىت كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئاي بىزدىن يىراق شۇنچە،
ئىنسانلار يېقىن قىلدى.
ئويلىنىپ تالاي ئالىم
ئالەم سىرىنى بىلدى.
يۇلتۇزلار يىراق ئۇندىن
ئۇلارمۇ يېقىنلامدۇ؟
ئويلساق، ئامال تاپساق
ئۇلارمۇ بېقىنمامدۇ!
شۇڭا دەيمەن مەنسىز
ئوينمايلى، ئويلايلى.
ئەڭ كاتتا ئويۇننى بىز
يۇلتۇزلاردا ئوينايلى!

ئابابەكرى ئەمەت

# قىسقارتىلما سۆز

(ھېكايە)

بىرىنچى سىنىپنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىلا ساۋادىنى چىقىرىپ بولغان ئۆمەرجان بالىلارغا خاس تۇيغۇ بىلەن ئۆزىگە يېڭىلىق بىلىنگەن ھەرقانداق نەرسىنى سۆھبەتدىشىنىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تارتىنماي سوراۋېرەتتى، ئۇنىڭ تۈگىمەس سوئاللىرىغا دادىسى ئېرىنمەي ئاددىي، چۈشىنىشلىك قىلىپ جاۋاب بېرىپ، ئۇنى قانائەتلەندۈرەتتى.

ئۆمەرجان دادىسىنىڭ بىرنەرسە يېزىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، يېزىق ئۈستىلى قېشىغا ئاستا كەلدى. ئۆز بويىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدىغان ئۈستەلگە ئېسىلىپ دېگۈدەك قاراپ، لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ ئاۋاز چىقارماي ئوقۇدى، ئاندىن:

— دادا، سىلەرنىڭ ئىدارىدە تېخى ساۋادى چىقمىغان كىشىلەر بار ئىكەن-ھە؟ باسما خەتنىمۇ...، — دەپ قويدى غودۇراپ. دادىسى خەت يېزىشتىن توختاپ، ئۆمەرجانغا قاراپ:

— قانداق دەيسەن؟ — دېدى ھەم دەرھاللا بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

نەرسىنى ئېسىگە ئالدى بولغاي، — سەن بەلكى دەرۋازىۋەن موللائەمەت بوۋىنى دەمسەن؟ — دېدى.

— ياق، ئۇش قەغىزىڭنىڭ بېشىدىكى خەتلەرگە قارا، ھەرپلەرنى قوشۇپ يېزىشنىمۇ بىلمەيدىكەن، ھى-ھى...، — كۈلدى ئۆمەرجان. دادىسىنىڭ كۆزى ئۇش قەغىزى بېشىدىكى «ش ئۇ ئا ر» دېگەن ھەرپلەرگە چۈشكەندە، ئوغلىنىڭ سۆزىدىن كۈلۈپ كەتتى. ئۇ ئۆمەرجاننى ئالدىغا تارتىپ ئۇش قەغىزىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— ئوغلۇم، سەن بۇ ھەرپلەرنىڭ مەنىسىنى كېيىن بىلىسەن، — دېدى.

— بۇ ھەرپلەرنىڭ مەنىسى بارمۇ تېخى، — دېدى ئۆمەرجان تېخىمۇ قىزىقىپ. دادىسى چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— سەن بۇنى كېيىنكى يىللىقلاردا ئوقۇيسەن، شۇنداقتىمۇ ساڭا دەپ بېرەي، بۇ دېگەن قىسقارتىلما سۆز.

— قىسقارتىلما سۆز دېگەن قانداق بولىدۇ؟

— بىر ھەرپ ياكى بىر بوغۇم سۆزگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

— قانداق ۋەكىللىك قىلىدۇ؟

دادىسى ھەربىر ھەرپىنى كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن كۆرسىتىپ تۇرۇپ، چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— بۇ شىنجاڭدىكى «ش»، بۇ ئۇيغۇردىكى «ئۇ»، بۇ ئاپتونومدىكى «ئا»، ماۋۇ رايوندىكى «ر».

— ھەربىر سۆزنىڭ باش ھەرپى ئېلىنىدىكەن-دە؟

دادىسى ئوغلىنىڭ تېخىمۇ قىزىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۆزىمۇ قىزىپ كەتتى:

— بەزى قىسقارتىلما سۆزلەردە باش بوغۇملىرىنى ئالىدىغانلىرىمۇ بار.

— قانداق يەردە شۇنداق بولىدۇ؟

— مەسىلەن، «پارتىيە كومىتېتى» دېگەن سۆزنى «پارتكوم» دەپ يازساقمۇ بولىۋېرىدۇ.

— نېمە - نېمە، يەنە بىر دېگىنە، بىلىۋالاي.

— پارتىيىدىكى «پارت»، كومىتېتتىكى «كوم» قوشۇلسا پارتكوم بولىدۇ.

ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ ئۆمەرجان قىسقارتىلما سۆزلەرگە بەكمۇ قىزىقىدىغان بولدى. ئۇ ئۆزىچە بەزى سۆزلەرنى قىسقارتىپ باقاتتى، يېڭى - يېڭى قىسقارتىلما ئىسىملارنى ياساپ باقاتتى، ئۇ باش بوغۇم دېگەنلەرنىمۇ ئوبدانلا بىلىۋالغانىدى.

بىر كۈنى دادىسى ئىشتىن قايتىپ دەرۋازىدىن كىرىشىگە ئۆمەرجان سەكرەپ - سەكرەپ، ئويناقلاپ ئالدىغا باردى - دە، ھەر كۈندىكىدەك خەۋەرچىلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشقا باشلىدى:

— دادا، ئابدۇۋۇت ئاكاملار سېنى ئىزدەپ كەپتىكەن، سېنى ئىشتىن قايتىپ كەلمىدى دېۋىدىم، ساقلىمايلا كېتىپ قالدى.

— كىم دېدىڭ؟ — ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدى دادىسى.

— ئابدۇۋۇت ئاكاملار كەپتىكەن دەۋاتىمەنغۇ؟ —

www.uyghurkitap.com

دېدى ئۈمەرجان شوخلۇق بىلەن كۆزلىرىنى ئوينىتىپ.

— ئابدۇۋۇت دېگەن كىم؟ ئۇنداق ئىسىم بارلىقىنىمۇ ئاڭلىماپتىكەنمەن.

ئۇلار كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇردى.

— قېنى تېپىپ باققىنا؟ ئەڭ يېقىن ئاداشلىرىڭنىڭ ئىسمىنىمۇ بىلمىسەڭ.

— ئاۋۇت ئاكامۇيا؟

— ياق، تاپالمىدىڭ.

— بولمىسا كىم؟

— بۇ دېگەن قىسقارتىلما ئىسىم.

— قىسقارتىلما ئىسىم؟ — قىزىقىپ سورىدى دادىسى. ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ ئولتۇرغان ئۈمەرجاننىڭ ئاپىسى ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، تازىلاۋاتقان كۆكتاتلىرىنى تاشلاپ قويۇپ قاقاقلاپ تېلىقىقىچە كۈلدى.

كۈلكىدىن كۆزلىرى قىسىلىپ كەتكەن ئۈمەرجان ئۆزىگە تىكىلىپ ھەيرانلىق ئىچىدە تۇرغان دادىسىغا:

— ئۇنداق بولسا، سەن تاپالمىدىڭ، مەن ئېيتىپ بېرەمەن، لېكىن شەرتىم بار.

— نېمە شەرتىڭ بولسا ئورۇندايمەن.

— ماي قەلەم ئېلىپ بېرىسەن.

— بولدى، سەن دەپباقە، ئىككىنچى سىنىپقا كۆچكىنىڭدە چوقۇم ئېلىپ بېرىمەن. ھازىر قېرىنداش قەلەمدە قولۇڭنى ئوبدان كۆندۈر.

— ئۇنداق بولسا ئاڭلا، بابا ئابدۇشۈكۈر ئاكام بىلەن ساۋۇت ئاكام كەپتىكەن.

— مۇنداق دېمەمسەن؟ قانداقچە ئابدۇۋۇت بولىدۇ؟

— «ئابدۇشۈكۈر» دېگى «ئابدۇ»، «ساۋۇت» تىكى «ۋۇت» قوشۇلسا ئابدۇۋۇت بولمامدۇ؟

دادىسى بۇ يېڭى ئىسمىنىڭ قانداق ياسالغانلىقىنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— بىردىن ئىسىمنىڭ بېشىنى ئېلىپ، بىردىن ئىسىمنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىنى ئېلىپ چېتىپ قويساڭ قانداق بولىدۇ؟

— ھەر ئىككىسىنىڭ باش بوغۇمىنى ئالسام قاملاشمىدى.

— ئىسىملارنى ئۇنداق قىسقارتىشقا بولمايدۇ.

— قانداق قىسقارتىدۇ بولمىسا؟

— مەسىلەن، ۋلادىمىر ئىلئىچ لېنىن دېگەننى ۋ. ئى. لېنىن دەپ قىسقارتىپ يازىمىز.

— مېنىڭ ئىسمىمنى قانداق قىسقارتىپ يازسام بولىدۇ.

— ئۆمەرجاندىكى «ئۆ» يېزىلىپ بىر چېكىت قويىسەن-دە، ئاندىن فامىلەڭ مەھمۇدنى ئۆز پېتى يازىسەن. شۇ چاغدا قىسقارتىلغان ئىسىم فامىلەڭ ئۆ. مەھمۇد بولىدۇ.

ئۆمەرجان ئەمدى شۇنىڭغا ئوخشىغان قىسقارتىلما ئىسىملارنى دادىسىدىن توختىماي سوراپ يۈردى.

بىر يەكشەنبە كۈنى ئۇ ئۆيىدىن چىقىپ كېتىپ، كوچا ئايلىنىپ يۈرۈپ، چۈش قىيىلغاندا قايتىپ كەلدى.

ئۇنىڭدىن بەكمۇ ئەنسىرىگەن دادىسى بىلەن ئاپىسى تەقەززا بولۇپ سورىدى:

— نەگە باردىڭ ئوغلۇم؟

— «ئۆسمۈرلەر سارىيى» غا باردىم.

— قورسىقىڭ ئاچمىدىمۇ؟

— پۇلۇمغا بىر نەرسە ئېلىپ يېدىم.

— نېمە ئېلىپ يېدىڭ؟

— سۇك پىزا ئېلىپ يېدىم.

— سۇك پىزا دېگەن نېمە؟ سۆكپىياز ئالدىڭمۇيا؟

— ياق، تاپالمىدىڭ.

— چاپسان بىر نەرسە دېسەڭچۇ؟ — دېدى ئاپىسى تەقەززالىق بىلەن.

— بۇمۇ قىسقارتىلما سۆزمۇيا؟

دادىسىنىڭ بۇ سوئالىغا ئۆمەرجان بېشىنى لىڭشىتىپ، كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، قېشىنى ئېتىپ، مۇرىسىنى قىسىپ قويدى.

— سۇك پىزا دېگىنىڭ قانداق نېمە ئۇ؟ تاماقمۇ ياكى مېۋىمۇ؟

— ھەر ئىككىسى بار؟

— تولا ئادەمنى تىت-تىت قىلمىساڭچۇ؟

— بىر موچەنگە خاسۇك، ئىككى موچەنگە راكپىزا ئېلىپ يېدىم. ئۆمەرجان خاسىڭنى «خاسۇك» دەپ تەلەپپۇز قىلاتتى.

— قانداقچە سۇك پىزا بولۇپ قالدى؟ — دېدى دادىسى كۈلۈپ تۇرۇپ.

خاسۇڭدىكى «سۇك»، راكپىزىدىكى «پىزا» قوشۇلسا

سۇلاڭ پىزا بولمامدۇ؟
— بۇ قانداق قىسقارتىش؟ ھەر ئىككى خەنزۇچە سۆزنىڭ ئاخىردىنى چىقىپ قويۇپسەنغۇ؟
— تۆتىنچى سىنىپتا ئوقۇيدىغان ئاچام خەنزۇچە سۆزلەر تەتۈر بولىدىكەن دىگەچكە سۆزلەرنى قوشقان، — دىدى ئۇ دادىسىنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ، ئۇ ئەمدى نىمە دەيسەن دىگەندەك قاراپ تۇراتتى.
— بۇ پەقەتلا بولماپتۇ، — دىدى دادىسى بېشىنى يەڭگىل چايقاپ، — سۆزلەرنى ئۆزۈڭ خالىغانچە قىسقارتىساڭ بولمايدۇ. ئۆزۈڭ قىسقارتقان سۆزنى ئۆزۈڭدىن باشقا ھېچكىم بىلەلمەي قالىدۇ.
— بولمىسا قىسقارتىلما سۆزلەرنى قانداق ئۆگىنىمەن؟
— ھازىر ۋاقتى ئەمەس دېدىمغۇ، ئالدى بىلەن تولۇق، چىرايلىق يېزىشنى ئۆگەن. كېيىن مەن ساڭا داۋاملىق ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەرنىڭ قىسقارتىلىپ يېزىلىشى توغرىسىدىكى بېسىلغان ماتېرىيالنى بېرىمەن، شۇ چاغدا ئۆگىنىۋالىسەن.
— شۇنداق ماتېرىيالمۇ بارمۇ؟
— بار، يېقىندا تىل - يېزىق كومىتېتى تەرىپىدىن چىقتى.
— ھازىر كۆرۈپ باقسامچۇ؟ ماڭا ئېلىپ بەرگىنە...
ئۆمەرجان قىسقارتىلما سۆزلەرگە بەك قىزىققىنى ئۈچۈن داۋاملىق سوراپ يۈرۈپ: «ج ك پ»، «ج خ ئى»، «ب د ت»، «س س س ر» «ئا ق ش» دېگەندەك گېزىت - ژۇرناللاردا كۆپ ئۇچرايدىغان قىسقارتىلما سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور بېكىتى

ئابلىممەت قۇربان

## كەپتەر ئۇچۇرغاندا

ھېرىس قىلىپ ئىخلاس بىلەن
چوڭ ئاكام ئەسقەر.
باقىقانىدى ئۆيىمىزدە
ئون ئالتە كەپتەر.
شۇ كەپتەرلەر قىلسا پەرۋاز
كۆكتە ـ سامادا.
ئاتسا موللاق بەس ـ بەس بىلەن
شۇڭغۇپ ھاۋادا.
كۆز ئۈزەلمەي ئاكا ئۇزاق
قاراپ قالاتتىم.
سىغدۇرالماي خۇشلۇقۇمنى
چاۋاك چالاتتىم.
بىر يەكشەنبە كەپتەرلەرگە
يەم ـ دان چاچاي دەپ؛
ئىجىل بولۇپ ئاكا بىرپەس
كۆڭۈل ئاچاي دەپ؛
شوتا بىلەن ئۆگزە تامان
چىققىنىم ئالدىراپ.
داننى چاچتىم كەپتەرلەرگە
چۈشتى شاراقلاپ.

ھۇزۇرلىنىپ كەپتەرلىرىم
راسا تويۇندى.
لېكىن كۆككە كۆتۈرۈلمەي
پەغەزگە قوندى.
ئاتتىم دەرھال ئۇچۇراي دەپ
ئۇلارغا چالما.
ئارزۇيۇمغا بىرمۇ كەپتەر
ئۇچمىدى ئەمما.
كەلدى شۇئان قوشنا ئۆيدىن
تەشۋىشلىك سادا:
«ۋايـيەي، ۋايـيەي، يېرىلدى باش
قېنى سەن دادا؟!...»
بىلدىم: دېمەك، يەتمەي چالما
پەغەز قېشىغا.
تەگكەنىكەن سەككىز ياشلىق
قىزنىڭ بېشىغا.
باستى بىردىن ۋۇجۇدۇمنى
قاتتىق قورقۇنۇچ.
بىراق ئۇنى يەڭدى دەرھال
غايىبانە كۈچ.
ئويلىدىمەن: «قىلغۇلۇقنى
قىپ بولۇپ ئۆزۈم.
خۇپسەن بولۇپ تۇرسام چەتتە،
چۈشەمدۇ يۈزۈم؟
شۇڭا ھازىر توختىكامنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئۆيىگە كىرەي.
سوراپ ئەھۋال ھۇزۇر ئېتىپ
تەسەللى بېرەي!...»
كىرسەم قىزچاق يىغلار ئىدى،
دەپ «ۋايىيەي، ۋايجان!»
تامچىلايتتى يەرگە تىم - تىم،
چېكىسىدىن قان.
خىجىللىقتىن توختىكامغا
بەردىم مەن سالام.
سەۋەنلىكنى قىلدىم ئىقرار
سۆزلىردىم تامام.
ئۇرمىدى يا تىللىمىدى
مېنى توختىكام.
دېدى: «بۇندىن قاتتىق ساۋاق
ئالغىن سەن بالام!»
ئۇنتۇمايمەن بۇ ساۋاقنى،
ئەستە ساقلايمەن.
گەر ئۇچۇرماق بولسام كەپتەر،
چالما ئاتمايمەن.



قادىر ئارسلان

# ئەمدى چاپا سالمايمەن

(ھېكايە)

مېنىڭ شۆھرەتكە بەكمۇ ھەۋىسىم كېلىدۇ. نېمىشقا دېسەڭلار، ئۇنىڭ يېنىدىن پۇل ئۈزۈلمەيدۇ. پۇل قاپچۇقىدا بەزىدە بىر كويلۇق پۇللارمۇ پەيدا بولۇپ قالىدۇ. ئۇ ياز كۈنلىرى تەنەپپۇس ئارىلىقىدىمۇ مەكتەپتىن يۈگۈرۈپ چىقىپ چوكامۇز سېتىۋېلىپ يەيدۇ. ئۇ چوكامۇزنى شۇنچە ئالدىرىماي يەيدۇكى، شۈمۈشلىرىگە قاراپ شۆلگەيلىرىم ئېقىپ كېتىدۇ. شوڭا ئۇ چوكامۇز يېگەندە ئۇنىڭدىن يىراقراق تۇرۇشقا، ئاغزىغا قاراپ سالماسلىققا تىرىشىمەن. بىراق نېمىشقىكىن، كۆزۈم يەنە شۇ تەرەپكە كېتىپ قالىدۇ.

قىش كۈنلىرى ئۇنىڭ يانچۇقىدىن گازىر، دادۇر، خاسىڭ دېگەنلەر ئۈزۈلمەيدۇ. ئۇنىڭغا ھەۋىسى كېلىدىغانلار مەنلا بولمىسام كېرەك. يانچۇقىغا قولىنى سېلىشى بىلەنلا ئۇنىڭغا قارايدىغانلار، ھەتتا يېقىنچىلىق قىلىدىغانلارمۇ بار، ئۇ بۇنداقلارغا بەزىدە ساناپ تۇرۇپ ئىككى - ئۈچ تال گازىر، بىرەر تال خاسىڭ بېرىپ قويىدۇ. بىر قېتىم ماڭىمۇ بىر تال خاسىڭ بېرىۋىدى، تامىقىمدىلا قالدى. بىراق ئامالىم قانچە؟ يەنە سوراشقا يۈزۈم چىدىمىدى.

مېنىڭ شۆھرەتكە ھەۋەسىم كەلگىنى بىلەن ئازا خۇشۇم يوق. چۈنكى ئۇ بەك دامخور، نېمە يېسە شۇنى داڭلايدۇ، نېمە كىيسە شۇنى كۆز - كۆز قىلىدۇ، ھەتتا تاماقنىمۇ كوچىغا ئاچىقىپ يېيىشكە ئامراق. بىراق خۇشۇم يوقلۇقىنى ھېس قىلغانسېرى ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلىپ كېتىمەن. بەزىدە ئىچىمدە مۇنداقمۇ ئويلاپ كېتىمەن: «ھەر ئىككىمىزلا تەڭ، ئاي پەرقىمىزمۇ يوق، سەككىز ياش، لېكىن ئۇ ھەر ئايدا يېڭى كىيىم كىيىدۇ، ھەر كۈنى چوكامۇز يېيەلەيدۇ، گازىر چاقالايدۇ، مەن بولسام ... بۇنداق ئويلىغاندا مەن دادام بىلەن ئاپامدىن ئاغرىنىمەن. چۈنكى ھەر ئاينىڭ بېشىدىكى بىر كۈندە (بۇ كۈننى مەن شۇنداق ئوبدان بىلىمەن) دادام بىر چاڭگال پۇل كۆتۈرۈپ كېلىدۇ: ۋاي - ۋۇي نېمىدېگەن جىق پۇل!؟ مېنى بۇ پۇلنى سانا دېسە ھەرگىز ساناپ بولالمايمەن. چۈنكى مەن موچەنلىك پۇللارنى پەرق ئېتەلەيمەن، بىر كويلۇق، ئىككى كويلۇق پۇللارنىمۇ پەرق ئېتەلەيمەن، لېكىن بەش كويلۇق، ئون كويلۇق پۇللارنى پەرق ئەتسەممۇ، جىق بولسا بىر - بىرىگە قوشۇپ بولالمايمەنغۇ دەيمەن.

نېمە دەۋاتاتتىم؟ ھە دادام بىر چاڭگال پۇل كۆتۈرۈپ كېلىدۇ. كەچتە ئۇ ئاپام بىلەن ئولتۇرۇپ: «ئۇنىڭغا مۇنچە كوي، مايغا مۇنچە كوي ...» دەپ ھېسابلاشقا باشلايدۇ. ۋاي - ۋاي، بۇ چاغدا مەن بەكمۇ ئىتتىلداپ كېتىمەن. شۇمۇ ئىشمۇ؟ شۇنچە پۇل تۇرسا

ئۇنى ھېسابلاپ ئولتۇرمىسا نېمە بوپتۇ؟ بەش پۇڭغا
بىرتال چوكامۇز ئالغىلى بولىدۇ، بىر موغا ئىككى،
ئىككى موغا تۆت، بەش موغا ئون تال، بىر كويغا يې-
گىرمە تال، ئىككى كويغا قىرىق تال ... ۋاي - ۋۇي،
شۇنىڭدىن قارىغاندا بەش كوي، ئون كوي دېگەنلەر
ناھايىتى جىق پۇل ئوخشايدۇ. بۇ پۇللارغا كىيىم ئېلىپ
كىيسەك بولمامدۇ؟! ئۇنىڭ ئۈستىگە دادامنىڭ ئەكىل-
دىغىنى جىق ئون كويلۇق پۇل. بۇ بوش گەپ ئەمەس - تە!
بۇ پۇللارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ بولسا خەجلەپ - خەجلەپ
تۈگىتەلمەيمەنغۇ دەيمەن.

شۇنچە پۇل بولۇشىغا قارىماي، دادام پۇل ئەكەل-
گەن كۈنى ماڭا ئىككى موچەن بېرىدۇ. باشقا چاغلاردا
بولسا ئانچە - مۇنچە بەش پۇڭ ياكى بىرەر موچەن پۇل
بېرىپ قويىدۇ، بۇ ئىش مېنىڭ كۆڭلۈمنى بەك يېرىم
قىلىدۇ. چۈنكى بۇنداق چاغلاردا شۆھرەتنىڭ بىر گېپى
ئېسىمگە كېلىدۇ: «دادام بىلەن ئاپام مېنى قالتىس
ياخشى كۆرىدۇ، ياخشى كۆرگەندىن كېيىن پۇلنى مەندىن
ئايىمايدۇ - دە. كىيىم دېگەننى يېڭى - يېڭى قىلىپ تۇ-
رىدۇ!» شۇنىڭدىن قارىغاندا دادام بىلەن ئاپام مېنى
ئانچە ياخشى كۆرمىسە كېرەك ... تېخى ئۇلار ماڭا: «كى-
چىك بالا دېگەن بەتخەج بولمايدىغان. جىق پۇل كى-
چىك بالىنى بۇزىدۇ» دەيدۇ. ھەي، بۇمۇ ئۇلارنىڭ بىر
بانىسىغۇ دەيمەن. نېمىشقا ئۇلار مېنى ياخشى كۆرمەي-
دىغاندۇ؟ ياخشى كۆرمەمدىكىن دېسەم، يا مېنى ئۇر-
مايدۇ، يا تىللىمايدۇ. ھەر قېتىم ئىمتىھاندا، ھەتتا تاپ-

شۇرۇقتا يۈز نومۇر ئېلىپ كەلسەم خۇش بولۇپ مېنى سۆيۈپ كېتىدۇ....

ھەي، ئۇلار مېنى پۇلدىن قىسمىسىلا شۆھرەتنىڭ ئالدىدا يوغان گەپ قىلالىغان بولاتتىم ـ دە!

بۈگۈن راستتىنلا چىدالمىدىم. ئەتىگەن شۆھرەت مەكتەپكە يېڭى كىيىم كىيىپ كەپتۇ. ھەممىمىزنىڭ كۆزىدىن ئوت چاقناپ كەتتى. كۆك مايكىسىنىڭ يېڭىگە ۋە ئىشتىنىنىڭ ئىككى يېنىغا قىزىل ئاق يول ئېلىنغان بولۇپ، شۆھرەتنىڭ بەدىنىگە شۇنچە ياخشى يېپىشىپ تۇراتتى. ھەي، مېنىڭمۇ شۇندىغىدىن بولسا كىيىۋالسام ... بۇ كىيىمنى كىيىپ پۇتبول ئوينىسا قالتىس ياخشى بولىدىغۇ دەيمەن.

ئوغۇللارنىڭ ھەممىسى، ھەتتا بەزى قىزلارمۇ شۆھرەتنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتۇق. بەزىلەر، قانچىگە ئالدىڭ دېسە، بەزىلەر كىيىمنى تۇتۇپ بېقىشقا قول ئۇزىتاتتى. شۆھرەت بولسا كېرىلگەن ھالدا:

— تۇتماڭلار، تۇتماڭلار، كىيىمىمنى پاسكىنا قىلىۋېتىسىلەر، — دەيتتى ۋە ھە دەپ ماختىناتتى، — پۇلنى ماگىزىندىن سوراڭلار. ئىشقىلىپ موچەنگە بەرمەيدۇ. بۇنىڭ يەنە بىر خىلىدىنمۇ بار ئىكەن، ئەتە ـ ئۆگۈن دادام ئۇنىمۇ ئېلىپ بېرىدۇ.

مېنىڭ راستتىنلا ئىچىم قىزىدى. قىزىمايچۇ؟ مەنمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش بالىغۇ؟ ئۇنىڭ دادىسى بولسا مېنىڭمۇ دادام بار. ئۇنىڭ ئاپىسى بولسا مېنىڭمۇ ئاپام بار. ئۇنىڭ دادىسى پۇل تاپسا، مېنىڭ داداممۇ پۇل

تاپىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇ كىيگەننى مەن نېمىش-
قا كىيەلمەيمەن ....

كاللامغا دەرسمۇ كىرمىدى، ئىككى قېتىم سورالغان سوئالغا جاۋاپ بېرەلمەي مۇئەللىمدىن گەپ ئاڭلاپمۇ قالدىم. مېنىڭ ئامالىم قانچە؟ شۆھرەتنىڭ كىيىمى كۆز ئالدىمدىن كەتمەيتتى. ھە دېسىلا ئۇنىڭغا قارىغۇم كېلەتتى.

چۈشلۈك تاماققا قايتقىنىمدا شۆھرەت بىلەن مېڭىشقا ھەرىكەت قىلدىم. مەھەللىمىزگە قايرىلىدىغان دوقمۇشقا يېتىپ كەلگەندە ئۇنى ساقلاپ تۇردۇم. ئانچە ئۆتمەي بىر تال چوكامۇزنى شورىغىنىچە يېتىپ كەلدى. چوكامۇزنىڭ سۈيى ئاققان بولسا كېرەك، مايكىسىنىڭ نەچچە يېرى داغ بولۇپ قاپتۇ. بۇنى كۆرۈپ ئىچىم ئېچىشىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭغا ياندىشىپ ماڭغاچ:

— مايكاڭ داغ بولۇپ قاپتۇ، — دېدىم.

ئۇ پەرۋاسىزلىق بىلەن مايكىسىغا قاراپ قويدى-دە:

— بولسا بولمامدۇ؟ پاسكىنا بولسا ئاپام يۇيۇپ بېرىدۇ، كونىرىسا دادام يېڭىنى ئېلىپ بېرىدۇ، — دېدى.

مەن نېمىدېگەن بىچارە! مەندە ئۇنداق نوچى كىيىمنىڭ كونىسىمۇ يوق، يېڭىسىمۇ يوق!

— سەنمۇ ئالدۇرساڭ بولمامدۇ، — دېدى شۆھرەت مېنى دەيدەيگە سالغاندەك تامىقىنى چاكىلدىتىپ سۆزلەپ، — بۇگۈن كۆرگەنسەن، ھەممىسى كىيىمىمگە قارىشىپ قالدى.

— دادامغا دەپ باقايمىكىن، — دېدىم مەن ئۇنىڭ

مايكىسىنىڭ يېڭىنى تۇتۇپ قويۇپ.

ــ دەپ باقايمىكىن، دەپ باقايمىكىن! ــ دەپ مېنى دوردى شۆھرەت، ــ داداڭ غىرىلىك ـ پىرىلىك دېسە، ۋار ـ ۋۇر يىغلاپ يېتىۋالساڭ بولمىدىمۇ؟! ھە دېگەندىن كېيىن پۇلىنى قولۇڭغا تۇتقۇزمىغۇچە ئۇنىمىساڭ، ئىش تېخىمۇ ئوبدان پۈتىدۇ.

ھە، شۆھرەتنىڭ پۇل ھەجلىشىنىڭ، كىيىم كىيىشىنىڭ سىرىنى بىلىۋالدىم. بۇمۇ بولىدىغان ئىشتەك قىلىدۇ. لېكىن مەن ئادەتتىمۇ يىغلاشنى ياخشى كۆرمەيمەن. مەن يا بوۋاق بولمىسام يىغلايدىغانغا، يىغلىسام خەق زاڭلىق قىلمامدۇ؟ بىراق بىر قېتىم يىغلاپ باقسام نېمە بولىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆيدە، ئاتا ـ ئانامنىڭ ئالدىدىلا يىغلايدىغان تۇرسام، كىممۇ زاڭلىق قىلىدۇ؟ پەقەت مۇشۇ بىر قېتىملا ....

بۈگۈن دادامنىڭ پۇل ئەكىلىدىغان كۈنى ئىدى، شۈغىنىسى چۈشتە دادام كەلمىدى، كەچتە كەلگۈچە بەك ـ مۇ تىت ـ تىت بولدۇم. نەچچە قېتىم تالاغا چىقىپ يولىغا قاراپدىم.

ئاخىر دادام كەلدى. دادام ئىشىكتىن كىرىشىگە ئۇنىڭغا ئېسىلدىم ـ دە، سۆزلەشكە باشلىدىم:

ــ شۆھرەتنىڭكىدەك مايكا ـ ئىشتان ئېلىپ بەر. بەك چىرايلىق ئىكەن ... ھەممىسى قارىشىپ قالدى ....

ــ بالام، داداڭنى تاماق يەۋالغىلى قوي، ــ دېدى ئاپام مېنى تارتىپ.

ــ ياق، ئەپ بېرىڭلار، ئەپ بېرىڭلار ...، ــ مەن

يىغلامسىرىدىم.

دادام مېنىڭ بۇ قىلىقىمغا ھەيران بولغان بولسا كېرەك:

— ھوي ئوغلۇم، ساڭا نېمە بولدى؟ ئوغۇل بالا دېگەنمۇ يىغلامدۇ، — دېدى بېشىمنى سىلاپ.

مەن راستىنلا يىغلىۋەتتىم.

— بۇ بالىغا نېمە بولدى؟ — دادام ھەيران بولغان ھالدا يەنە سۆزلىدى.

— تاڭەي، مايكا ـ ئىشتاننىڭ گېپىنى قىلىپ توختىمىدى، داداڭ كەلسۇن دېۋىدىم، — دېدى ئاپام.

شۇنداق قىلىپ، بۈگۈنكى كەچكى تاماقنىڭ پەيىزىنى ئۇچۇرۇۋەتتىم. بىراق غەرىزىمنى ئۇلارغا ئۇقتۇردۇم. كېيىنكى ئايدا ئەپ بېرەيلى دېگىنىگە كۆنمىدىم. دادام بىلەن ئاپام ئاخىر ماقۇل بولدى. لېكىن بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالمىدىم، پەقەت دادام «بوپتۇ، دېگىنىچە بولسۇن، مانا ئۇن كوي پۇل، ئەتە يەكشەنبە، بىللە چىقىپ ئالايلى» دەپ پۇلنى تۇتقۇزغاندىلا ئاندىن جىمىپ ئارام تاپتىم.

بۈگۈن كەچ مەن ئىنتايىن خۇشال ئىدىم. ئۇن كوي پۇلنى بىردەمدىن ـ بىردەمگە يانچۇقۇمدىن ئېلىپ قاراپ باقاتتىم، سىلاپ قوياتتىم ـ ھەي، بۇنچە كەچ بولۇپ كەتمىگەن بولسا، مەھەللىدىكى بالىلارنىڭ ھەممىسىگە پۇلنى كۆرسىتىپ بىر ماختىنىۋالاتتىم. بولۇپمۇ شۆھرەتكە بىر كۆرسىتىپ قويسام، مېنىڭ ئالدىمدا چوڭ گەپ قىلالمايدىغان بولۇپ قالاتتى. بوپتۇ، كەچ بولۇپ

www.uyghurkitap.com

كەتكىنىمۇ ياخشى بولدى. ئەتە ئەتىگەن دادام بىلەن بازارغا بېرىپ مايكا ـ ئىشتان ئەكىلىمەن، كىيىپ كوچىغا چىقسام ھەممىسى مېنى چۆرىدىۋالىدۇ، شۆھرەتىمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدە بار. ئۆگۈنلۈككە مەكتەپكە بارسامچۇ تېخى! ... ھەي، نېمىدېگەن پەيزى!

مەن ئەتىگەنرەك تۇرۇش ئۈچۈن بۈگۈن بالدۇرلا يېتىۋالدىم، لېكىن زادىلا ئۇيقۇم كەلمىدى. مەن كۆزۈمنى يۇمغىنىمچە ئەتىكى ئىشلارنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەتتىم. بىر چاغدا دادام بىلەن ئاپام ئايدا بىر قېتىم قىلىدىغان ھېلىقى ئىشقا چۈشتى.

— بۇ ئايلىق چىقىم كۆپرەك بولىدىغان ئوخشايدۇ، — بۇ دادامنىڭ ئاۋازى ئىدى، — ئۇن بىلەن مايغا قىرىق كوي، پارچە خىراجەتكە ئوتتۇز كوي كەتسە، جەمئىي يەتمىش كوي ....

مەن ئىچىمدە: «يەتمىش كويغا ياستۇقۇمنىڭ تېگىدىكى ئون كوينى قوشسا نەچچە بولىدۇ؟ ھە، سەكسەن كوي بولىدىكەن، دادامنىڭ پۇلى نېمىدېگەن جىق! يەنە تېخى خېلى بار ...» دەپ ئويلايتتىم.

ئۇلار ئۇششاق ـ چۈششەك نەرسىلەرگىچە ھېسابلاشتى. بىر چاغدا ئۇلار جىم بولۇپ قالدى. نېمە بولغاندۇ؟ مەن كۆزۈمنى ئاستا ئاچتىم. دادام بىلەن ئاپام ئالدىدىكى پۇلغا قاراپ جىم ئولتۇرۇشاتتى. ھەر ئىككىسىنىلا خىيال بېسىۋالغاندەك كۆرۈنەتتى.

«قالغان پۇلنى نەگە خەجلەشنى بىلمەيۋاتقان ئوخشايدۇ، — دەپ ئويلىدىم مەن ئىچىمدە پۇشۇپ، — ھەي،

ئون كوي پۇلنى قولۇمغا تۇتقۇزغاندا، بۇ ئاز دەپ جىق-
راقىنىڭ جېدىلىنى قىلسام بوپتىكەن.»

— قانداق قىلساق بولار؟ — دېدى ئاپام دادامغا
قاراپ.

دادام مەن تەرەپكە قارىۋىدى، دەرھال كۆزۈمنى
چىڭ يۇمۇۋالدىم.

— قالغان پۇل قىرىق كوي، — دادام بوشقىنا سۆز-
لىدى، — يىگىرمە كوينى ئاپامغا ئەۋەتىپ بېرەيلى.

«چوڭ ئاپامغا پۇل ئەۋەتىدىكەن - دە! توغرا، ھەر
ئايدا پۇل ئەۋەتىپ تۇرىدۇ. ئەۋەتمىسە بولمايدۇ - دە،
ئۇ ئاپامنىڭ ئاپىسى، مېنىڭ چوڭ ئاپام ... ئەمما ھې-
سابلاپ - ھېسابلاپ ئاران قىرىق كوي قالدى دەيدىغۇ.
مەن خەجلىسە - خەجلىسە تۈگىمەيدىغان پۇل دەپ ئويى-
لىغانىدىم، ئۇنداق ئەمەسمۇيا؟»

ئاپامنىڭ سۆزى خىيالىمنى بۆلدى:

— ئايىغىڭىزنىڭ چەمى تېشىلىپ قالغىلى خېلى كۈن-
لەر بولىدى، بۇ ئايدا سىزگە ئاياغ ئالماقچىدۇققۇ،
ئوتتۇز كويغا ئاياغ ئالايلى، ئون كوينى ئاپامغا ئەۋەتىپ
تۇرساق بولار.

— ياقەي، ئاپامغا پۇلنى ئەۋەتىۋېرەيلى، ئاياغنى
چەملىتىپ بۇ ئاينى ئۆتكۈزۈۋېتەرمەن، — دېدى دادام
پەس ئاۋازدا.

كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ قالدى. دادامنىڭ ئايى-
غىنىڭ چەمى تېشىلىپ قالغانلىقىنى مەنمۇ بىلەتتىم.
يېڭىسىنى ئالسا بولمامدىكىن دەپمۇ ئويلايتتىم. ئەس-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

لىـدە، ئۇ بۇ ئايـدا ئاياغ ئالـماقـچىكەن ـ دە. ئاپامـ
نىڭ گېپىدىن قارىغاندا، دادامنىڭ ئايىغى ئوتتۇز كويـ
غا كېلىـدىغان ئوخشايدۇ. قىرىق كويدىن ئوتتۇز كوينى
ئېلىۋەتسەك ئون كوي قالىدۇ، بۇنى چوڭئاپامغا ئەۋەتـ
سە ئازلىق قىلماسمۇ؟ ئون كوينى جىق دېگىنىم بىلەن
ئاران ماڭا مايكا ـ ئىشتان كېلىدىكەن. ئوتتۇز كوينى
ئەۋەتسە دادام ئاياق ئالالمايدىكەن ... راست، مەندىكى
ئون كوينى قوشسىچۇ!

— مەردانىغا كىيىم ئالماي تۇرساق قانداق دەيـ
سىز؟ — دېدى ئاپام.

— ئەسلىدە بۇ ئايدا ئۇنىڭغا كىيىم ئالىدىغان پىـ
لانىمۇ يوق ئىدى. نەچچە كۈن بۇرۇنلا ئوقۇغۇچىلار
فورمىسىدىكى كىيىم ئۈچۈن پۇل بەرگەنىدۇق، جىبـ
دەل قىلىپ تۇرىۋالدى، بوپتىلا، كۆڭلى يېرىم بولۇپ
قالمىسۇن. مەن ئاياغ ئالماي تۇراي.

گېلىم سىقىلغاندەك بولدى. مەن لەۋلىرىمنى چىشـ
لىدىم، يوتقان بىلەن بېشىمنى پۈركىدىم ـ دە، تام
تەرەپكە قاراپ يېتىۋالدىم. راستىنى ئېيتسام، بۈگۈنـ
كى قارغىشلىقىم ئۈچۈن قاتتىق پۇشايمان قىلىپ قالغاـ
نىدىم. مېنىڭ يېڭى ـ يېڭى كىيىملىرىم خېلى بار. ئاـ
ياغلىرىممۇ نەچچە جۈپ ... دادامنىڭ بولسا ... ھەي
شۆھرەتنى دورىمىسام بوپتىكەن! دادام ئەكەلگەن پۇل
جىق پۇل ئەمەسكەن. تېخى مەن ئۈزۈمچە خەجلىسە تۈـ
گىمەيدۇ دەپتىكەنمەن.

قاچانلاردا ئۇخلاپ قالغانلىقىمنى بىلمەيمەن. ئاپام

مېنى چاقىرغاندا ئالدىقاچان كۈن ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ بولغانىدى.

— تېزرەك چېيىڭنى ئىچ، — دېدى ئاپام مېنى ئالدىرىتىپ، — داداڭ بىلەن مايكا - ئىشتان ئالغىلى بارىسەن.

بۇ گەپ ئاخشامقى ئىشنى ئېسىمگە سېلىپ، كۆڭلۈمنى غەش قىلىپ قويدى. ئەتكەن چاينى كۆڭۈلسىز هالدا ئىچتىم.

— ماڭايلىمۇ بالام؟ — دېدى دادام خۇش خۇيلۇق بىلەن مۈرەمگە ئۇرۇپ قويۇپ.

— بارمايمەن، — دېدىم مەن بېشىمنى تۆۋەن سېلىپ.

— نېمىشقا؟ — هەيران بولدى دادام.

مەن يانچۇقۇمدىن ئون كوي پۇلنى چىقاردىم - دە، دادامنىڭ قولىغا تۇتقۇزدۇم.

— ئۆزۈم يالغۇز ئەكىلەمدىم؟ — دېدى دادام ماڭا.

— ياق، ئۆزۈڭگە ئاياغ ئېلىۋالغىن، دادا، — دېدىم مەن، — مېنىڭ كىيىملىرىم بار، سېنىڭ ئايىغىڭ يىرتىق ....

بىردەملىك جىمجىتلىقتىن كېيىن مەن دەم ئاپامنىڭ، دەم دادامنىڭ قۇچىقىدا ئەركىلەندىم. ئەمدى مېنىڭ كۆڭلۈم يوپ-يورۇق بولۇپ كەتكەنىدى. «ئەمدى شۆهرەتنى هەرگىز دورىمايمەن، — دەيتتىم ئىچىمدە مەن، — دادامغا، ئاپامغا جاپا سالمىسام بولغۇدەك. بولمىسا ئۇلارنى قىيناپ قويىدىكەنمەن!»

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

ھەسەن ئېلى

# زۇمرەت بىلەن قىممەت

(ئۈچ كۆرۈنۈشلۈك بالىلار دراممىسى)

قاتناشقۇچىلار:

| | | | |
|---|---|---|---|
| زۇمرەت | — | ھوشۇرئاخۇننىڭ قىزى | 12 ياش |
| قىممەت | — | قەمبەرنىسانىڭ قىزى | 13 ياش |
| ھوشۇر | — | ئوتۇنچى | 45 ياش |
| قەمبەرنىسا | — | ھوشۇرئاخۇننىڭ ئايالى | 40 ياش |
| موماي | — | | 60 ياش |
| ئېلانچى | — | | 14 ياش |

## 1 - كۆرۈنۈش

پەردە ئېچىلىش ئالدىدا ئېلانچى چىقىدۇ.

ئېلانچى: ساۋاقداشلار، ھازىر مەكتىپىمىزنىڭ ھەۋەسكارلار كوللېكتىپى ئۇيغۇر خەلق چۆچىكى ئاساسىدا ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن «زۇمرەت بىلەن قىممەت» ناملىق بالىلار درا- مىسىنى ئورۇندايدۇ. دىققەت قىلىڭلار، ئالدى بىلەن مەن باشلانمىسىنى سۆزلەپ بېرەي. بۇرۇن بۇرۇندا،

تېرىق تۇلۇمدا چاغلاردا، تەكلىماكاننىڭ بويىدىكى كۆجۇم مەھەللىدە زۇمرەت ئىسىملىك ئىشچان، ئەدەبلىك بىر قىز ياشاپتىكەن. زۇمرەت قىز ئون ياشقا كىرگەن يىلى ئانىسى ئۆلۈپ كېتىپتۇ، دادىسى بىر يىلدىن كېيىن قەمبەرنىسا دېگەن ئايالغا ئۆيلىنىپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ ئۆگەي ئانا ئۆزى ئېلىپ كەلگەن قىزى قىممەت بىلەن بىرلىشىپ زۇمرەت قىزغا ئاراملىق بەرمەپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىردە مۇنداق ئىش بولۇپتۇ. قانداق ئىش دەمسىلەر؟ بۇنى سەھنىدىن كۆرۈڭلار (چىقىدۇ، پەردە ئېچىلىدۇ. سەھنە تۈزۈلۈشى: ئاددىي يېزا ئۆيى. ئەتراپى قاشا تام، ئۆي ئىشىكى يېنىدا سۇپا، ئۆينىڭ كەينىدە باغ. يىراقتا تاغ چوققىسى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، زۇمرەت گۈللەرنى سۇغارغاچ ناخشا ئېيتىدۇ:

زۇمرەت: جان ئانا، كەتتىڭ ئەجەب
بىمەھەل تاشلاپ مېنى.
بۇ يېتىملىك دەردىنى تارتىپ
سېغىندىم مەن بەك سېنى.
(قىممەت چىقىدۇ)

قىممەت: ھوي پاسكىنا، ئاۋازىڭنى ئۆچەر! ئەتىگەندە قاغىدەك قاقىلداپ ئۇيقۇمنى بۇزدۇڭ.

زۇمرەت: چۈش بولاي دەپ قالدى، ئۇيقۇغا قانغاندىلا؟

قىممەت: ئۇيقۇم قانامدۇ، قانمامدۇ كارىڭ بولمىسۇن، ئەمدى بۇ ئۆيدە ناخشا ئېيتمايسەن.

زۇمرەت: ناخشا ئېيتسام ئۆزۈمنىڭ ئۆيىدە ئېيتىمەن، سىلگە نېمە دەز كەتتى؟

www.uyghurkitap.com

قىممەت: ئۆزۈمنىڭ ئۆيى؟ ھىم، بۇ ئۆي بىلىپ قوي، بىزنىڭ. بۇ ئۆيدە جان باقاي دېسەڭ ياۋاش بول.

زۇمرەت: توۋا، «تالا مۈشۈكى ئۆي مۈشۈكىنى قوغلاپتۇ» دېگەندەك گەپقۇ بۇ! بىلىپ قويسىلا، مەنچۇ مۇشۇ ئۆيدە تۇغۇلۇپ، مۇشۇ ئۆيدە چوڭ بولغان. سىلى ئانىلىرى بىلەن تۈنۈگۈنلا كېلىپ بۇنداق زوراۋانلىق قىلمىسىلا.

(قەمبەرنىسا چىقىدۇ)

قەمبەرنىسا: ھە، نېمە دېيىشىۋاتىسىلەر؟

قىممەت: ئانا، زۇمرەت دېگەن بۇ ئازازۇلنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىغىنا، ئەتىگەندە ناخشا ئېيتىما، ئانامنى ئويغىتىۋېتىسەن دېسەم، بىرمۇنچە چالۋاقىدى، ئۇنى ئاز دەپ بىزنى تالا مۈشۈكى، زوراۋان دەپ تىللاۋاتىدۇ.

قەمبەرنىسا: شۇنداقمۇ تېخى، تىلىڭ چىقىپ قاپتىغۇ؟

زۇمرەت: قىزلىرى پاسكىنا دەپ ئاۋۋال تىل سالدى.

قەمبەرنىسا: جاۋابلاشما، يېتىم ئوغلاق! بېرى كەل، قورقماي كەل! (زۇمرەت كېلىدۇ، قەمبەرنىسا زۇمرەتنىڭ چېچىدىن تۇتۇۋېلىپ ئۇرىدۇ) قىممەت خېنىمنى تىللامسەن؟ ئاتىكاچىلىق قىلامسەن؟ ئىشقا بۇيرۇسام بويۇن تولغامسەن؟

زۇمرەت: دادا، دادا! ...

قىممەت: (قاقاقلاپ كۈلۈپ) خوپ بولدى! ئانا، يەنە ئۇرە!

قەمبەرنىسا: سەندەك يېتىم ئوغلاققا تاياق دورا.

زۇمرەت: (يىغلايدۇ) بۇ ئۆيدە نان يېسەم كۆيۈك بولسا، ئاش يېسەم سۆيۈق بولسا، كىيگىنىم ياماق بولسا، بېشىمدا تاياق تۇرسا قانداق ياشارمەن؟ ئاھ، خۇدا! ...

قەمبەرنىسا: مۈشۈنداق قىلىپ ـ سوقۇلۇپ ياشايسەن،
قارىساڭ كۆزۈڭنى ئويىمەن، سۆزلىسەڭ تىلىڭنى كېـ
سىمەن، سېنى قولدەك ئىشلىتىپ دوك قىلىۋېتىمەن!
قىممەت: ئاڭلىدىڭمۇ؟ ئەمدى يوغانچىلىق قىلىپ باقە!
(زۆمرەت ئېسەدەپ يىغلايدۇ)
قەمبەرنىسا: ئىككىنچىلەپ قىزىمغا تىل سالغۇچى بولما!
ماڭ، ئىشىڭنى قىل! ... توختا! مەن قىزىم بىلەن ئاياغ
مەھەللىدىكى زىننەتخانلارنىڭ ئۆيىگە توي چېيىغا
بارىمەن، بىز كەلگۈچە بولاقتىن سۇ ئەكىلىپ كۆپلەرنى
توشقۇز، چۆگۈننى قۇمداپ ئاقارت، ئېغىلنى ئادالاپ
قورۇقدا، يەنە قىزىم ئىككىمىزنىڭ چۈشكەن كىيىملەرنى
يۇ، داداڭ جاڭگالدىن كەلسە زاغرا بىلەن چاي ئىچسۇن،
ئاڭلىدىڭمۇ؟
زۆمرەت: ھە.
قەمبەرنىسا: ھۇ تىلىڭغا كۆيدۈرگۈ چىققىدىغان، ئاڭلىدىم
دېمەي ھە ئە دەيسەنغۇ؟!
زۆمرەت: ئاڭلىدىم.
قەمبەرنىسا: ئاڭلىغان بولساڭ مەن دېگەندەك قىلىسەن،
بۇيرۇغان ئىشتىن بىرى كەم قالىدىغان بولسا، كەلـ
گەندە چېچىڭنى يۇلۇپ قولۇڭغا ئېلىپ بېرىمەن، ماڭە
ئىشىڭغا! (زۆمرەت چىقىدۇ)
قىممەت: ئەجەب ئوبدان قىلدىڭ ئانا، ئۇ ساقلاندى سەن
بولمىساڭ تىلىمنى قىسىپ قويىدىكەن.
قەمبەرنىسا: ھوشۇر دېگەن لامزەللە بىلەن قىزىنى مۇـ
شۇنداق چىلىك تۇتۇپ، بېشىدا توگمەن تېشى چۆگىلـ

www.uyghurkitap.com

لەتكۈلۈك. (كۈنگە قارايدۇ) چۈش بولۇپ قاپتۇ.
بول قىزىم، چايغا كەچ قالمايلى.

قىممەت: مېھماندارچىلىقتا مۇشۇ كونا ياغلىق بىلەن بارىمەنمۇ؟ بارمايمەن.

قەمبەرنىسا: ئۇنداق قىلما، ئاپئاق قىزىم، كېلەركى بازار كۈنى چوقۇم يېڭىسىنى ئالغۇزۇپ بېرىمەن.

قىممەت: مەھەللىدىكى باللار مەن بىلەن ئوينىماي، زۇمرەت بىلەنلا ئوينايدىكەن. ماڭا دوست تېپىپ بېرىدىسەن ئەمىسە.

قەمبەرنىسا: تېپىپ بېرەي قىزىم، زۇمرەت دېگەن ساقلاندىنى ئىشتىن باش كۆتۈرتمىسەم، مەھەللىدىكى باللار ئۇنىڭ بىلەن ئوينىيالماي سېنى ئىزدەپ كېلىدىغان بولىدۇ. بول، قىزىم. (ئىككىسى ئەينەككە قاراپ ئۆزلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ چىقىدۇ. بىردەمدىن كېيىن زۇمرەتنىڭ تۆت - بەش دوستى كېلىپ چاقىرىدۇ)

قىزلار: كاككۇك، كاككۇك!
زۇمرەت ئاچا، بارمۇسىز؟
ئىزدەپ كەلدۇق سىزنى بىز.
(زۇمرەت ئۆي كەينىدىن چىقىدۇ)

زۇمرەت: كېلىڭلار دوستلىرىم. (قىزلار چۇرقىرىشىپ كېلىپ زۇمرەتنى چۆرىدەپ قول تۇتۇشۇپ ناخشا ئېيتىدۇ، ئۇسسۇل ئوينايدۇ.)
ئاپئاق بۇلۇت، كۆك ئاسمان،
ئەتراپىمىز بۆك ئورمان.
قول تۇتۇشۇپ ئوينايمىز،

بىز ھەممىمىز دوست ئوبدان.
كۆكتە كەپتەر ئوينايدۇ،
يەردە تورغاي سايرايدۇ.
دوستلار بىللە ئوينىساق،
كۆڭۈل خۇشال يايرايدۇ.
قىز A: ئەمدى قارا ـ قارا قۇشلاردىمنى ئويناىلى. (قىزلار «قارا ـ قارا قۇشلاردىم» ئويۇننى ئوينايدۇ)
قىز B: ئەمدى دوپپا تاشلايلى.
قىز C: ياق، چاكۇم ئوينايلى.
زۇمرەت: قىزلار، تالاشماڭلار، ئەمدى ماڭا ياردەملىشىڭلار، ئۆي ئىشىنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئاندىن ھەممىنى ئوينايلى، بولامدۇ؟
قىزلار: بولىدۇ.
زۇمرەت: ئەممە ئاتىكەم، تۇرانقىز بۇلاقتىن سۇ ئەكىلىڭلار، ئايشەمقىز چۆگۈننى ئاقارتىڭ، چىمەنگۈل كىر يۇيۇشقا كەلسۇن، ئايتىللائىككىمىز ئېغىل تازىلايلى، ئاندىن يەنە يىغىلايلى. (قىزلار ئۆز ئىشلىرىغا كىرىشىدۇ) دوستلىرىم بىلەن بىللە بولسام كۆڭلۇم بۆلەكچىلا ئېچىلىپ قالىدۇ. رەھمەتلىك ئانام بولغان بولسا، مەنمۇ ئاداشلىرىمدەك غەمسىز، خۇشال ياشار ئىدىم. (چىقماقچى بولىدۇ) سۇغا چىققان ئىككى قىز چېلەكنى كۆتۈرۈپ يۈگۈرۈپ كىرىدۇ)
قىزلار: زۇمرەت ئاچا، قىممەت ئانىسى بىلەن كېلىۋاتىدۇ.
زۇمرەت: قىزلار، دەرھال باغنىڭ سۆگۈچىدىن چىقىپ كېتىڭلار. (ھەممەيلەن ئالدىراپ باغ تەرەپكە ئۆتىدۇ،

بىرئازدىن كېيىن قەمبەرنىسا كىرىدۇ)

قەمبەرنىسا: ئۇھ، ئاران كېلەلىدىم، تويى ئىگىسىنىڭ تۇغقىنى قازا تېپىپ، توي چېيى هازىغا ئايلىنىپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ! زۇمرەت، ھەي يېتىم ئوغلاق، نەدىسەن؟!

زۇمرەت: (چىقىدۇ) مانا مەن.

قەمبەرنىسا: ئۇسسۇلۇق تەييارلا. (ئۆيگە كىرىدۇ، زۇمرەت ئۆي كەينىگە ئۆتىدۇ، قىممەت كىرىدۇ)

قىممەت: ياغلىقىم نەدە چۈشۈپ قالغاندۇ؟ ئانام نېمە دەپ كېتەر؟ (ئويلىنىدۇ) زۇمرەتكە دۆڭگەپلا قۇتۇلمايمەنمۇ. (باغ تەرەپكە ئۆتىدۇ، قەمبەرنىسا ئۆيدىن كۈرپە ئېلىپ چىقىپ سۇپىغا سېلىپ يانپاشلىنىدۇ، زۇمرەت چاي كۆتۈرۈپ كىرىدۇ)

قەمبەرنىسا: كۈپنى تۇشقۇزدۇڭمۇ؟

زۇمرەت: ئەمدى تۇشقۇزىمەن.

قەمبەرنىسا: ئېغىلنى تازىلىدىڭمۇ؟

زۇمرەت: ئەمدى تازىلايمەن.

قەمبەرنىسا: باياتىن نېمىش قىلدىڭ، نان قېپىپى؟ ماڭ، ئاش ئەت!

زۇمرەت: خوش. (ئويگە كىرىدۇ)

قەمبەرنىسا: ئەتىگەندىلا سول قاپىقىم تارتىپ، كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇۋىدى، ئويلىغىنىمدەك بولدى. قىممەتخان قىزىم!

قىممەت: مانا مەن، ئانا! (كىرىدۇ)

قەمبەرنىسا: نەدە يۈرىسەن؟ كەل، هاردۇغۇڭنى ئېلىۋال.

قىممەت: ياغلىقىم يوق تۇرىدۇ، شۇنى ئىزدەپ يۈرىمەن.
قەمبەرنىسا: بايىلا بار ئىدىغۇ؟
قىممەت: تاڭەي، قويغان يېرىمدىن تاپالمايۋاتىمەن.
قەمبەرنىسا: ھەقىچان ئۇنى زۇمرەت دېگەن قارغىش قېپى تىقىۋالدى؟
قىممەت: مەنمۇ شۇنداق ئويلاۋاتىمەن.
قەمبەرنىسا: ھىم، ئەمدى ئۇنىڭ ئىككى پۇتىنى بىر ئۆتۈككە تىقمىسام. زۇمرەت، ھەي زۇمرەت! (زۇمرەت چىقىدۇ)

زۇمرەت: نېمە ئىش؟
قەمبەرنىسا: قىممەتخانىنىڭ ھېلىلە ياغلىقىنى نەگە تىقتىڭ؟

زۇمرەت: ياغلىقىنى، مەن ياغلىق كۆرمىدىم.
قەمبەرنىسا: يالغان سۆزلىمە، تىلىڭ ئېقىپ كېتىدۇ.
زۇمرەت: خۇدا ھەققى كۆرمىدىم، راست ...
قىممەت: بۇ ئۆيدە سەن ئالمىساڭ كىم ئالىدۇ؟
زۇمرەت: ئۇبدان ئەسلەپ باقسىلا، مېھمانغا بارغان يەردە چۈشۈپ قالغان بولمىسۇن يەنە.
قىممەت: مېنى يالغانچى قىلىۋاتامسەن؟
قەمبەرنىسا: ئەمسە زىننەتخانىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ياغلىقنى تېپىپ كەل، تاپالمىساڭ ئۆيگە كىرگۈچى بولما، ماڭ!
(زۇمرەت ئىككىلىنىپ چىقىدۇ، پەردە چۈشىدۇ)

## 2 - كۆرۈنۈش

(ئالدىنقى كۆرۈنۈشنىڭ داۋامى)

www.uyghurkitap.com

پەردە ئېچىلىش ئالدىدا زۇمرەت سەھنىنىڭ بىرتەرىـ
پىدىن ناخشا ئېيىـتىپ كىرىپ، يەنە بىر تەرىپىدىن
چىقىپ كېتىدۇ.

زۇمرەت: مەن ئىدىم بۇزرۇك ئانامنىڭ
ئەتىۋالىق زۇمرىتى.
ئەمدى قىلدى خار ـ يېتىم
تەتۈر پەلەكنىڭ قىسمىتى.

شۇنچە ئىزدەپ ياغـلىقنى ھېـچ يەردىن تاپالـمىدىم،
قانداق قىلارمەن؟ ئۆيگە كىرەلمەيمەن، دادامنى ئىزدەپ
جاڭگالغا باراي. (چىقىدۇ، پەردە ئېچىلىدۇ) سەھنە تۈـ
زۈلۈشى: جاڭگال، بىرتۈپ دەرەخ يېنىدىكى ئاددىي ئۆي،
ئىشىك ئالدى سۇپا، زۇمرەت سەنتۈرۈلۈپ كىرىپ كېلىدۇ.
ھوشىدىن كېتىپ سۇپا يېنىدا يېتىپ قالىدۇ. بىردەمـ
دىن كېيىن بىر موماي ئوتۇن كۆتۈرۈپ كىرىپ كېلىدۇ،
زۇمرەتنى كۆرۈپ نەپەسنى تىڭشاپ كۆرىدۇ. ئۆيدىن
سۇ ئاچىقىپ يۈزىگە سېپىدۇ، زۇمرەت ھوشىغا كېلىدۇ)

زۇمرەت: ئەسسالام، چوڭ ئانا.
موماي: ئەسسالام قىزىم، كىم بولىسىز؟
زۇمرەت: توغراقلىقتىكى ھوشۇرئا خۇنىنىڭ قىزى بولىمەن.
موماي: بېشىڭىزغا نېمە كۈن چۈشتى؟
زۇمرەت: ئۆگەي ئانام ئۆگەي ئاچامنىڭ يىتتۈرۈپ قويـ
غان ياغلىقنى تېپىپ كەل، تاپالمىساڭ ئۆيگە كىرمە
دەپ ھەيدىۋەتكەن، ئۈچ كۈندىن بۇيان تەمتىرەپ
يۈردۈم، دادامنىمۇ تاپالمىدىم. جاڭگالدا ئېزىپ قالدىم.
موماي: ھوشۇرئاخۇنىنىڭ قىزىمەن دەڭ، ئاڭلىغان.

ھەركىم قىلسا ئۆزىگە قىلىدۇ. ئەمدى قانداق قىلاي دەيسىز؟

زۇمرەت: كىرەي دېسەم ئۆيۈم يوق، ياتاي دېسەم يېرىم يوق يېتىمەن.

موماي: دادىڭىزنى ئىزدىمەمسىز؟

زۇمرەت: دادامنى تاپسام يەنە شۇ ئۆيگە ئاپىرىدۇ. ئۆيگەي ئانامنى دېسەم بارغۇم يوق.

موماي: خېلى پاكىز، گەپ ـ سۆزىڭىز جايىدا قىز ئىكەنسىز، بىزنىڭكىدە تۇرۇپ قالامسىزيا؟

زۇمرەت: يات كۆرمىسىڭىز مەيلى تۇرۇپ قالاي.

موماي: بىراق بۇ يەردە جان باقماق تەس، جاپا تارتىپ قالارسىزمۇ؟

زۇمرەت: مەن جاپاغا كۆنۈك. (موماي ئۆيگە كىرىدۇ) ئەجەب مۇلايىم، ئۇچۇق موماي ئىكەن، ئانامغىلا ئوخشايدىكەن. (موماي ھجىردا سۈت ئېلىپ چىقىدۇ)

موماي: سۈت ئىچىڭ، قىزىم، دەرمان بولىدۇ. (زۇمرەت ئىچىدۇ)

زۇمرەت: خېلى ياخشى بولۇپ قالدىم، ماڭا نېمە ئىش بۇيرۇيسىز؟

موماي: نېمە ئىش قىلالايسىز؟

زۇمرەت: ئۆينىڭ ھەممە ئىشىنى قىلالايمەن، تاماق ئېتەلەيمەن، كىر يۇيالايمەن، كالا ساغالايمەن.

موماي: ئۇنداق بولسا، ئۆينى تازىلاپ ھەممىنى بۇزۇۋېتىڭ، ئاندىن چېچىمنى تاراپ، بىر تالدىن يۇلۇۋېتىڭ، ئارقىدىن تۈزىسالماي، خېمىرنى كەسمەي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

سۆيۈۋاتقاننى بىلسۇن، سۆيۈنۈپ كەتسۇن، تېنىم تىترىسۇن، ئېرىپ كېتەي... سۆيۈۋاتقاننى بىلسۇن، سۆيۈنۈپ كەتسۇن، ...

سۈيۈقەستكە قىلىپ بېرىدىك.

زۇمرەت: ئوبدان، ھەممىسىنى تەييار قىلىمەن. (چىراغ ئۆچىدۇ، ئىلانچى چىقىدۇ)

ئىلانچى: زۇمرەت قىز بىردەمدىلا ئىشىكنىڭ ئالدىنى سىپىرىپ سۈپۈرۈپ سۇ سەپتى، ئەخلەتنى ئورىدا تۆكتى. ئۆينى سەرەمجانلاشتۇرۇپ، چىنىدەك پارقىرىتىۋەتتى. ئاندىن مومايىنىڭ كىر - قاتلىرىنى يۇدى، بېشىنى تاراپ ئۇنى بەكمۇ رازى قىلدى. موماي زۇمرەت قىزغا ئامراق بولۇپ قالدى. ئەمما ئىككى كۈن ئۆتۈپ مۇنداق ئىش بولدى: (چىقىدۇ، چىراغ يانىدۇ، موماي سۇپىدا ئولتۇرىدۇ. زۇمرەت مومايىنىڭ چېچىنى تارايدۇ)

موماي: ئادەم ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك ئەخلاق، قىزىم. ھۆسن - جامالى بولۇپ، شەرم - ھاياسى بولمىسا، ئۇنداق ئادەمنىڭ ھايۋاندىن پەرقى قالمايدۇ. بولۇپمۇ قىز بالىنىڭ ئاغزى يۇمشاق، ئۆزى مۇلايىم، يۈزى تۆۋەن، قولى چاققان بولغىنى ياخشى. ئازازۇل، ھورۇن، يالغانچى قىزلاردىن ھەزەر ئەيلىگۈلۈك.

زۇمرەت: ئېيتقىنىڭىزنى ئېسىمدە ساقلايمەن، موماھ.

موماي: ھەركىمنىڭ قەدىر-قىممىتى ئۆزى بىلەن بولىدۇ قىزىم، ھەرقانداق گەپ يۈرەكنىڭ ساداسى، ھەرقانداق ئىش كۆڭۈلنىڭ نىشانىسى، ئويناپ سۆزلىسىڭىزمۇ ئويلاپ سۆزلەڭ، كىچىك ئىش قىلسىڭىزمۇ ھەرگىز بىخەستەلىك قىلماڭ. (زۇمرەت خىيال سۈرۈپ قالىدۇ) شۈكلەپ قالدىڭىزغۇ قىزىم؟

زۇمرەت: دادام ئېسىمگە چۈشۈپ قالدى، بىچارە دادام

ھازىر نېمە قىلىۋاتقاندۇ؟

موماي: ئەنسىرىمەڭ قىزىم، مەن دادىڭىزغا خەۋەرىڭىزنى يەتكۈزۈشنىڭ ئامالىنى قىلىمەن.

زۇمرەت: موما، سىز بەك ياخشى ئىكەنسىز. بىردەم ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، سىزگە چاي راسلاپ بېرەي. (ئۆيگە كىرمەكچى بولىدۇ، سىرتتىن ھوشۇرئاخۇننىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ)

ھوشۇر: زۇمرەتگۈل، نەدىسەن، قىزىم؟

زۇمرەت: دادامنىڭ ئاۋازىغۇ؟ دادام ئىزدەپ كەپتۇ.

موماي: ئۆيگە كىرىپ تۇرۇڭ قىزىم. (زۇمرەت ئۆيگە كىرىدۇ، ھوشۇرئاخۇن كىرىدۇ)

ھوشۇر: ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

موماي: ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، سۆپىغا ئۆتسىلە مېھمان.

ھوشۇر: ئوبدان. (سۆپىغا ئۆتۈپ دۇئاغا قول كۆتۈرىدۇ، ئامان ـ ئېسەنلىك سورىشىدۇ)

موماي: نامرات كەپىمىزگە قەدەملىرى يېتىپ قاپتىغۇ؟

ھوشۇر: قىزىمنى ئىزدەپ يۈرىمەن. ئىسمى زۇمرەت، كۆردىلىمىكىن.

موماي: قىزلىرى قانداق يىتىپ كەتكەن؟

ھوشۇر: جاڭگالغا ئوتۇنغا كېتىۋىدىم، كەلسەم ئۆگەي ئانىسى: قىزىڭ ئالتۇن ئۈزۈكۈم بىلەن قىزىمنىڭ ياغلىقىنى ئوغرىلاپ قېچىپتۇ، دەيدۇ، ئىشەنمىدىم، بىر مۇنچە كۆڭۈل ئاغرىقى بولدى. مانا، ھەپتە بولدى قىزىمنى ئىزدەپ يۈرىمەن.

موماي: ئەنسىرىمىسىلە، تېپىلىپ قالار.

ھوشۇر: بۇ دۇنيالىقتا ئۇ بىرلا قىزىم ئىدى، بىچارە قىز ئانا مېھرىنى تۈزۈك كۆرمىگەن، مەنمۇ تىرىكچىلىك دەستىدىن، ھالىدىن تۈزۈك خەۋەر ئالالمىدىم ...

زۇمرەت: دادا، مەن بۇ يەردە! (چىقىدۇ، دادا ـ بالا كۆرۈشىدۇ)

ھوشۇر: خۇداغا شۈكرى، ئامان ـ ئېسەن تۇرۇپسەن قىزىم.

زۇمرەت: دادا، سىزنى بەكمۇ سېغىندىم.

ھوشۇر: مەنمۇ سېغىندىم قىزىم، نەچچە كۈندىن بۇيان گېلىمدىن تاماق ئۆتمىدى، كۆزۈمگىمۇ ئۇيقۇ كىرمىدى.

(موماي داستىخان راسلايدۇ)

موماي: قېنى، مەزەگە باقىلى.

زۇمرەت: بۇ مومام ھالىمدىن ياخشى خەۋەر ئالدى.

ھوشۇر: رەھمەت شەپقەتلىرىگە، خۇدايىم بۇيرۇسا، بۇ ياخشىلىقلىرىنى قايتۇرىمەن.

موماي: قولدىن كەلسىلا ياخشىلىق قىلغانغا يېتەمدۇ؟

ھوشۇر: شۇنداق، شۇنداق. (ئويلىنىدۇ) ئەمدى رۇخسەت بەرسىلە، بىز قايتىۋالىلى.

موماي: نېمىگە ئالدىرايلا، ناشتا قىلسىلا، ھاردۇق چىقاسىلا.

ھوشۇر: ئۆيدە مال ـ ۋارانلىرىم قالغان، مەن يوق ئاچ قالمىسۇن، قانداق دەيسەن قىزىم؟

زۇمرەت: ئەمدى ئۆگەي ئانامنىڭ ئالدىغا بارمايمەن.

ھوشۇر: قىزىم، سېنى ئەمدى ئۇ ئازازۇلنىڭ قولىغا تاشلاپ قويمايمەن. جاڭگالغا ئېلىپ كېتىمەن، جاڭگالدا يەر ئاچىمىز، بىللە تېرىقچىلىق قىلىمىز.

زۇمرەت: راستىمۇ؟ موما، قانداق قىلسام بولار؟

موماي: دادىڭىز بىلەن بىرلىك قىزىم، ئەمدى دادىڭىز
سىزنى بوزەك قىلدۇرمايدۇ. ئەمگەكتىن ئايرىلماڭ،
دادىڭىزغا ياردەملىشىڭ.
زۈمرەت: رەھمەت، موما، ياخشىلىقىڭىزنى ئۆمۈرۋايەت
ئۇنتۇمايمەن. دادا، ئەمىسە ماڭىلى.
موماي: سىزگىمۇ رەھمەت قىزىم، ھالىمىدىن ئوبدان خەۋەر
ئالدىڭىز. توختاپ تۇرۇڭ (ئۆيگە كىرىپ كىچىك ئاق
ساندۇق ئېلىپ چىقىدۇ) بۇ ساندۇق مەندىن سىزگە
يادنامە بولسۇن، ساندۇقنى ئۆيگە بارغاندا ئېچىڭ
جۇمۇ. (مۇزىكا ساداسى ئىچىدە پەردە يېپىلىدۇ)

## 3 - كۆرۈنۈش

(سەھنە تۈزۈلۈشى بىرىنچى كۆرۈنۈشتىكىگە ئوخشايدۇ،
پەردە ئېچىلغاندا قىممەت سۇپىدا يانپاشلاپ ياتىدۇ،
قەمبەرنىسا ئۆينىڭ ئىچىدىن چاقىرىدۇ)
قەمبەرنىسا: قىممەتخان قىزىم، قوپۇپ بۇلاقتىن بىر يول
سۇ ئەكىرىۋەتكىنە.
قىممەت: ئۆزۈڭ بېرىپ ئەكەل.
قەمبەرنىسا: ئۇنداق قىلما، قىزىم. قولۇم خېمىردا، ھېلى
تاماق پىشمىسا، قورسىقىم ئاچتى دەپ يىغلايسەن.
(قەمبەرنىسا چىقىدۇ)
قىممەت: تاماق پىشمىسۇن، تاماق يېمەيمەنغۇ تازا.
قەمبەرنىسا: ۋاي ئىسىت، زۈمرەتنى نېمىشقىمۇ ھەيدىۋەت-
كەندىمەن، ئۇ بولسا تاماق ئېتەتتى، كىر يۇياتتى،
سۇ توشۇيتتى ... مانا ئەمدى بۇ ئىشلار ماڭا قالدى.

قىممەت: خوپ بولدى، كىم سىنى زۇمرەتنى ھەيدەۋەتسۇن دەپتۇ.

قەمبەرنىسا: ھەيدىۋەتسەم، سىنى دەپ ھەيدىۋەتتىم، ئەمدىلىكتە چوقچاقمىغا قويۇۋاتىسەنغۇ؟ يېتىۋەرمەي قوپ قىزىم، سەمرىپ كېتىسەن.

قىممەت: مۇشۇنداق ياتىمەنغۇ، قانداق قىلىسەن؟ ئۆتكەندە يېڭى ياغلىق ئېلىپ بېرىمەن دەپ ئېلىپ بەرمىدىڭ.

قەمبەرنىسا: ئېلىپ بېرەي، يەنە ھالقىمۇ ياسىتىپ بېرەي. (قىممەت يېتىۋېرىدۇ) ئەستاغپۇرۇللا! قوپ دەيمەن، كىمگىنى بوزەك قىلىسەن؟!

قىممەت: ياغلىقنى ئېلىپ بەرمىسەڭ قوپمايمەنغۇ تازا. (قەمبەرنىسا سۈپۈرگە ئېلىپ دىۋەيلەپ كېلىدۇ)

قەمبەرنىسا: قوپمامسەن؟ مەن سىنى گېپىمنى ئاڭلىمىسۇن، تېخى جاۋابلاشسۇن دەپ ئەتىۋارلاپ باقتىممۇ؟ ھوي ھۇرۇن، مۇشۇنداق كېتىۋەرسەڭ، چوڭ بولغاندا جېنىڭنى قانداق باقىسەن؟ قوپە، ھېلى بىكا تاياق يەپ كېتىسەن!

قىممەت: (خالار - خالىماس ئورنىدىن تۇرىدۇ) ھەممە ئىشنى ماڭىلا ئىشلىتىپ قويامدىكى...

قەمبەرنىسا: چۈش بولۇپ قالدى، ئىتتىك بول. (قىممەت چېلەكنى ئېلىپ چالۋاقاپ چىقىدۇ) زۇمرەت دېگەن ساقلاندىنىڭ يوقالغىنىنى ئاز

دەپ ھوشۇر دېگەن ئېگانىڭمۇ يوقالغىنىنى
قارىمايدىغان. ئۆيىنىڭ، تالانىڭ ھەممە ئىشى
ماڭىلا قالدى. ئاھ، خۇدا، ئاش بولسا ئىش
بولمىسا، ياز بولسا قىش بولمىسا دېگەن كۈن-
لەر نېسىپ بولارمۇ يەنە؟! (قىممەت كىرىدۇ)

قىممەت: ئانا، زۇمرەت دادىسى بىلەن كېلىۋاتىدۇ.

قەمبەرنىسا: راستمۇ؟ خۇدايىم تىلىكىمگە يەتكۈزۈپتۇ-دە!

قىممەت: سۇنى ئەمدى زۇمرەت ئەكەلسۇن. (بېرىپ
سۇپىدىكى ئەينەكنى ئېلىپ ئۆزىنى تۈزەشتۈرىدۇ،
ھوشۇر بىلەن زۇمرەت كىرىدۇ)

قەمبەرنىسا: ۋاي كەللىمۇ دادىسى، زۇمرەت قىزىم، نەلەردە
يۈرىسەن، كەل قىزىم، كەل!

زۇمرەت: جاڭگالدىكى چوڭ ئانامنىڭ ئۆيىدە تەلىم
ئالدىم، چوڭ ئانام بۇ ساندۇقنى سوۋغات قىلدى.

قىممەت: (ئورنىدىن تۇرىدۇ) ئەكىلە، كۆرۈپ باقاي،
ئىچىدە نېمىلەر باركىن؟ (مۇزىكا ساداسى ئىچىدە
زۇمرەت ساندۇقنى ئاچىدۇ، ئەتلەس كۆڭلەك، ھېلىلە
ياغلىق، چىمەن دوپپا، مارجان، ئۈزۈك، بىلەيزۈك قاتار-
لىقلارنى بىرمۇ بىر چىقىرىدۇ. قەمبەرنىسا، قىممەت
ئاغزىنى ئېچىپ تۇرۇپ قالىدۇ)

زۇمرەت: قاراڭلار تېخى، كىچىك ئورغاق، ئوتىغۇچمۇ
بار ئىكەن، ئەمدى دادامغا ياردەملىشىپ

ئېتىمىزدا ئىشلەيمەن.
قىممەت: ئانا، ئاۋۇ ياغلىقنى ماڭا ئېلىپ بېرە!
قەمبەرنىسا: بۇ ئوكۇمەمۇ، چۈشۈمەمۇ؟ ئاھ خۇدا، بۇ دۇنيا نەدىن كەلدى!
ھوشۇر: بۇلار قىزىمنىڭ ياخشىلىقىنىڭ خاسىيىتىدىن كەلدى.
قىممەت: ئۇ موماي نەدە تۇرىدىكەن؟
زۇمرەت: ئورمان ئىچىدىكى بۇلاق بويىدا بىر ئۆي بار، موماي شۇ يەردە تۇرىدۇ.
قەمبەرنىسا: ھىم، بىزنىڭ قىممەتخان، بۇنىڭدىنمۇ ئېسىل، بۇنىڭدىنمۇ جىق نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلەلەيدۇ. قېنى ئۆيگە كىرىڭلار، چاي-پاي ئىچىڭلار. (ھوشۇر، زۇمرەت ئۆيگە كىرىدۇ، قەمبەرنىسا ئەگىشىپ كىرىۋاتقان قىممەتنى تۇتۇۋېلىپ چەتكە تارتىدۇ)
قەمبەرنىسا: مەيەرگە كەل، (قىممەت كېلىدۇ، قەمبەرنىسا قىممەتنىڭ قولىقىغا پىچىرلايدۇ) ئۇقتۇڭمۇ؟
قىممەت: ئۇقتۇم.
قەمبەرنىسا: ئەممىسە دەرھال جابدۇپ يولغا چىق! (چىراغ ئۆچىدۇ، ئېلانچى چىقىدۇ)
ئېلانچى: ساۋاقداشلار، ئورماندىكى مومايىنىڭ ئۇيەردىن ھازىرلا كېلىشىم، ئۇ يەردىكى ئىشلارنى بىلگۈڭلار كېلەمدۇ؟ ئەممىسە قۇلاق سېلىڭلار، قىممەت زۇمرەت دەپ بەرگەن يول بىلەن يېرىم كۈن مېڭىپ، مومايىنىڭ ئۆيىنى تاپ-

تى. كۆرۈشە - كۆرۈشمەيلا ماڭمۇ ساندۇق
بېرىسەن دەپ ئۇششۇقلۇق قىلدى. موماي
ئۆينى سۈپۈرۈۋېتىڭ دېسە، چالۋاقاپ چالا - پۇلا
سۈپۈرۈپ، ئەخلەتنى ئوچاققا تۆكتى. قاچا -
قۇچىلارنى يۇيۇۋېتىڭ دېسە، چۆمۈچنى قازانغا،
چىنىنى تەخسىگە ئۇرۇپ ھەممىنى چاقتى.
چېچىمنى تاراپ قويۇڭ دېسە، مومايىنىڭ چېچىنى
يۇلۇپ، زار قاقشاتتى. بۇنى ئاز دەپ ئوتنى ئۆ-
چۈرۈپ، كۈلنى سورۇپ مومايىنى جاق تويغۇزدى.
ئاخىر موماي قىزىل ساندۇقنى بېرىپ، ئۇنى
يولغا سالدى. قىممەت ھازىر يولدا كېلىۋاتىدۇ.
(چىقىدۇ، چىراغ يانغاندا قەمبەرنىسا ھويلىدا
بولىدۇ. ئۇ بىر دەم ئىشىككە چىقىدۇ، يىراققا
كۆز تىكىدۇ، بىردەم قايتىپ كېلىپ ئۆزىگە ئۆزى
سۆزلەيدۇ)

قەمبەرنىسا: قىممەتخان قىزىم كەتكىلى بۈگۈن توپتوغ-
را ئۈچ كۈن بولدى. قىزىم كەلسە ئىككىمىز
خان ئەتلەستىن كۆڭلەك كىيىمىز. ھېلىلە
ياغلىقلارنى چىگىمىز، مەرۋايىت مارجان، ئال-
تۇن جابدۇقلارچۇ تېخى، ئۇلارنى ئېسىپ،
ياسىنىپ مېھمانغا بارساق خالايىقنىڭ كۆزى
بىزدىلا قالىدۇ، كىمكەن دەپ سورىسا، قەم-
بەرنىسا خېنىم بولۇپ كېتىمەن - دە،

www.uyghurkitap.com

ھا - ھا - ھا. (تۇيۇقسىز ئېسىنى يىغىپ
ئىشىككە چىقىپ قارايدۇ) ۋيەي، قىزىم
راستىنلا بىر قىزىل ساندۇق كۆتۈرۈپ كېلىۋا-
تىدىغۇ! ئۆيدىكىلەرنى كۆزدىن يوقىتاي،
ھوي دادىسى، ئولتۇرامسىلەر، ئېتىزغا چىقمام-
سىلەر؟ (ھوشۇر، زۇمرەتلەر ئۆيدىن چىقىدۇ،
ھوشۇرنىڭ قولىدا كەتمەن، زۇمرەتنىڭ
قولىدا ئوتىغۇچ)

ھوشۇر: چىقايلى دەپ تۇرۇۋىدۇق، كەتتۇق ئەمىسە.
(ئىككىسى چىقىدۇ)

قەمبەرنىسا: قىممەتخان قىزىم ئەكەلگەن نەرسىلەر ئاز-
لىق قىلىپ قالسا، ھەپتە - ئون كۈننى ئۆتكۈزۈپ،
مومايىنىڭ قېشىغا ئۆزۈم بارىمەن، بار - يوقنىڭ
ھەممىسىنى ئېلىپ كېلىمەن، ئۇ چاغدا ھوشۇر
بىلەن قىزىنى ئۆيدىن ھەيدەيمەن. (ئىشىككە
چىقىدۇ) ۋاي كەلدىڭمۇ قىزىم، يولۇڭغا قاراپ
كۆزۈم تېشىلگۈدەك بولدى. (قىممەت ئىككىسى
ھويلىغا كىرىدۇ) قانداقراق قىزىم؟

قىممەت: كۆردۈڭمۇ ئانا. (ساندۇقنى كۆرسىتىدۇ)

قەمبەرنىسا: قولۇڭدىن ئىش كېلىدۇ جۇمۇ سېنىڭ، سېنى
ئۆزۈم تەربىيىلىگەن - دە! قېنى ئېچىپ كۆرۈپ
باقىلى.

قىممەت: ئانا. (ئۆينى ئىشارەت قىلىدۇ)

قەمبەرنىسا: ئۇلارنى ئېتىزغا يولغا سېلىپ قويدۇم. ھا-

ها - ها، ئوغرى كۆزلەردىن خۇدايىم ساق
لىسۇن. (ھويلا ئىشىكىنى ئېتىدۇ، ئۆيگە
كىرىپ ئىشىك، دېرىزىنى ئېتىدۇ، بىردەم-
دىن كېيىن ئۆينىڭ ئىچىدىن قەمبەرنىسا
ۋە قىممەتنىڭ «ۋايجان! ئادەم بارمۇ؟
قۇتقۇلدۇرۇڭلار! دېگەن نالە - پەريادى ئاڭ-
لىنىدۇ. دېرىزىدىن يوغان يىلاننىڭ
بېشى كۆرۈنىدۇ، ئىلانچى چىقىدۇ)
ئىلانچى: «نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك.» قەم-
بەرنىسا ۋە ئۇنىڭ قىزى قىممەت نىيىتىنىڭ
يامانلىقى، مىجەزىنىڭ ئەسكىلىكىدىن تېگىشلىك
جازاسىنى يېدى. ساۋاقداشلار، ئۇلارنىڭ ئىبرەت -
ساۋاقى ئېسىڭلاردا بولسۇن، ئويۇنىمىز تۈگىدى،
خۇشۋاق بولۇڭلار. (پەردە چۈشىدۇ)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور بېكىتى

مۇھەممەت ئىمىن

# بىر جۈپ لاي قورچاق

(مەسەل)

ھەيكەلتىراش سېغىزلاردىن بىرىنى ئوغۇل، بىرىنى قىز قىلىپ بىر جۈپ قورچاق ياسىدى. بۇ قورچاقلار شۇنداق ئوخشىشىپ ياسالغانكى، ئۇلارنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان ئوماق چىرايى، مۇلايىملىق بىلەن تىكىلىپ تۇرغان سەبى كۆزلىرى، ئاز - تولا كەپسىزلىك ئالامەتلىرى چىقىپ تۇرغان كىچىككىنە بۇرنى، بىر تەرەپكە سەل - پەل قىيسىيىپ تۇرغان نېپىز لېۋى ئادەتتىكى بالىلاردىن ھېچقانچە پەرق قىلمايتتى. ھەيكەلتىراش ئۇلارنى خۇمدانغا سېلىپ، يالقۇن ئىچىدە تاۋلىماقچى بولۇۋىدى، ئوغۇل قورچاق خۇشاللىق بىلەن رازى بولدى، قىز قورچاق زادىلا ئۇنىمىدى.

— قورقىمەن! — دېدى ئۇ يىغلامسىراپ، — تاۋلىنىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ناۋادا تاۋلىنىمەن دەپ كۆيۈپ كۆلگە ئايلىنىپ كەتسەم قانداق قىلىمەن؟ ئۇنىڭدىن مۇشۇنداق تۇردۇەرگىنىم تۈزۈك! مەيلى، مۇسكۇللىرىم قاتتىمىسا قاتىماۋەرسۇن. ھازىرقى تۇرقۇم بىلەنمۇ گۆزەل ھېسابلىنىۋېرىمەن!...

ھەيكەلتىراش قىز قورچاقنى ھەرقانچە قىلىپمۇ گەپكە كۆندۆرەلمىدى. ئاخىر ئۆز رايىغا قويۇپ بەر-دى. ئوغۇل قورچاق خۇمدانىدىكى لاۋۇلداپ تۇرغان يال-قۇن ئىچىدە تاۋلىنىپ قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەندەك چاقناپ تۇراتتى. قىز قورچاق ئۆزىنىڭ يالقۇن ئىچىدە تاۋلىنىشىدىن قور-قۇپ، بارمىغانلىقىغا پۇشايمان قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئاغزىدا تەن بەرگۈسى كەلمەي «ھىم!» دەپ قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن باللار ئوغۇل قورچاقنى تالىشىپ ئوينايدىغان بولدى، قىز قورچاق بىر چەتتە قالدى. ئۇ ئەلەم بىلەن يىغلىۋەتتى. بۇنىڭغا نېمە ئامال بار دەي-سىز؟ ئۇ سەۋەنلىكىنىڭ ئۆزىدىن ئۆتكەنلىكىنى ئوبدان بىلگەچكە، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈردۈۋەردى. بىر كۈنى باللار بۇ قورچاقلارنى تالادا ئوينىتىپ قېلىپ ئۆيلىرىگە قايتىپ كېتىشتى. كېچىسى قاتتىق يامغۇر ياغ-دى. تاۋلانغان ئوغۇل قورچاق يامغۇر سۈيىدە يۇيۇنۇپ تېخىمۇ پارقىراپ، كۆزنىڭ يېغىنى يېگۈدەك گۈزەل تۈسكە كىردى، تاۋلانمىغان قىز قورچاق بولسا چەيلەن-مىگەن خېمىردەك ئېرىپ لايغا ئايلىنىپ كەتتى...

مۇھەممەت روزى يارقىن

# زەرگىيا

## (چۆچەك)

بۇرۇنقى بىر زاماندا،
تەگرى تېغى باغرىدا،
ئارتىش بوۋاي ياشاركەن
كۆن كەچۈرۈپ زاغرىدا.
ئۇنىڭ گۈلتىكىن دېگەن
قىز نەۋرىسى بار ئىكەن،
تۇتقان ئۆيى ئۇلارنىڭ
بىساتسىز ھەم تار ئىكەن.
بىر كۈنى ئۆي ئىچىگە
بىر ئاق مۈشۈك كىرىپتۇ.
«مىياۋ، مىياۋ، مىياۋ» دەپ،
قىز قېشىغا بېرىپتۇ.
تۇمشۇقىنى سۈركەپ ئۇ،
قىز پۇتىنى پۇراپتۇ.
مۆلدۈرلىتىپ كۆزىنى
قىزدىن شەپقەت سوراپتۇ.
ئىچ ئاغرىتىپ ئۇنىڭغا

قىز، بىر ئاز نان بېرىپتۇ.
خۇرسەن بولۇپ ناننى يەپ
مۈشۈككە جان كىرىپتۇ.
لېكىن بوۋاي بىردىنلا
ھالسىزلىنىپ كېتىپتۇ.
نە ئۈچۈندۇر پۇت - قولى
خۇددى مۇزدەك قېتىپتۇ.
ھەسرەت چېكىپ گۈلتىكىن
كۆزىدىن ياش تۆكۈپتۇ.
بىلمەي قانداق قىلىشنى
چوڭقۇر غەمگە چۆكۈپتۇ.
كۈتمىگەندە كېچىدە
ئاجايىپ ئىش بولۇپتۇ.
مۈشۈك ئارقا پۇتىدا
ئۆرە بولۇپ تۇرۇپتۇ.
كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ
چىقىرىپتۇ ئۇ زۇۋان:
«يىغلىما قىز، يىغلىما،
چەكمە ئارتۇق دەرد - پىغان.
بارغىن تەگرى تېغىغا،
ئۇ يەردە بار زەرگىيا.
زەرگىيانى ساقلايدۇ
قۇلباق دېگەن ئەۋلىيا.
سوراپ ئېلىپ گىيانى
ئۆيگە چاپسان يېنىپ كەل.

ئۇنى پۇرات بوۋاڭغا
تىلەكلىرىڭ بولار ھەل».
مۈشۈك غايىب بولۇپتۇ
قىزچاق ھەيران قىلىپتۇ.
بولغان ئىشنى چۈشىدەك
ئاران ئەسكە ئېلىپتۇ.
تاڭ ئاتقاندا تاغ تامان
ئاتلىنىپتۇ گۈلتىكىن.
بوۋىسىنى تەڭرىگە
تاپشۇرۇپتۇ گۈلتىكىن.
مېڭىپتۇ ئۇ مېڭىپتۇ،
قاپتۇ قانچە جىلغا، ساي.
تاغقا يېتىپ بېرىپتۇ
كۆرۈنگەندە كۆكتە ئاي.
بۇ يەر ئىكەن ئاجايىپ
سۈرەتتەكلا ئۈز - كۆركەم.
بىراق شۈنچە جىمجىتكەن،
كۆرۈنمەسكەن ھېچ ئادەم.
قىزچاق ھېرىپ كەتكەچكە
ئۇخلىماققا يېتىپتۇ.
بوۋىسىنى ئويلاپ ئۇ
نېمىتىدىن يېنىپتۇ.
ئۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ،
تاغقا قاراپ توۋلاپتۇ:
«قۇلباق بوۋا، سىز نەدە؟»

تاغنى سادا قاپلاپتۇ.
بىر چاغ قارلىق چوققىدا
پەيدا بوپتۇ بىر بوۋاي.
ئۆزى تېمەن، ئاق ساقال
خۇددى كۈندەك نۇر چىراي.
دەپتۇ بوۋاي: «كەلتۈردى
سېنى قايسى دەرد، قىزىم.
قۇلباق بوۋاڭ ئالدىڭدا
تەلىپىڭنى ئېيت، قىزىم».
ھۆرمەت بىلەن بوۋايغا
قىزچاق سالام بېرىپتۇ.
كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ،
بولغان ئىشنى ئېيتىپتۇ.
دەپتۇ بوۋاي: «ھەي قىزىم،
بۇ ئىش چاتاق بولۇپتۇ.
ئاشۇ ياۋۇز شۇم مۇشۇك
كۆڭلىگە ئىش پۈكۈپتۇ.
ئەسلى ئۇ بىر جادۇگەر
ھىيلىسى كۆپ، بەتنىيەت.
زەرگىميا دەپ بۇ يەرگە
كەلگەندى قانچە رەت.
ئالدانمىدىم ئالدىمغا
قوزا بولۇپ ئۇ كەلسە.
زەرگىميانى بەرمىدىم
موماي بولۇپ ياش تۆكسە.

www.uyghurkitap.com

ئاخىر ئامال قىلالماي
سېنى تېپىپ ئالداپتۇ.
نېمجان قىلىپ بوۋاڭنى
سېنى بۇيان ھەيدەپتۇ.
بەرسەم ساڭا زەرگىميا
ئېلىشۋالار ئۇ جەزمەن.
بوۋاڭ كەلمەس ئەسلىگە
سەن قالىسەن دەرد بىلەن».
دەپتۇ قىزچاق: «جان بوۋا،
نە ئامال بار بۇنىڭغا؟
ھەرگىز بېرىپ قويمايلى
زەرگىميانى ئۇنىڭغا».
دەپتۇ بوۋاي: «كۆككۆلدە
قابان دېگەن يىگىت بار.
تاغدىن يۈكسەك ئىرادە،
كۈچ ـ جاسارەت ئاڭا يار.
ئۇنى ئىزدەپ، ئاڭا ئېيت،
ساڭا ياردەم قىلىدۇ.
جادۇگەرنىڭ تېنىنى
قىلىچىدا تىلىدۇ...».
قىزچاق ئىزدەپ قابانىنى
كۆككۆل تامان يول ئاپتۇ.
پىژ ـ پىژ ئىسسىق ئاپتاپتا
ئۇ چاكىلداپ چاڭقاپتۇ.
بوۋىسىنى ئويلاپ قىز

غەيرەتلىنىپ مېڭىپتۇ.
ئاخىر كۆككۆل بويىغا
كۈن پاتقاندا كېلىپتۇ.
ساھىلىدا كۆككۆلنىڭ
يالغۇز كەپە تۇرغۇدەك.
بەستى يوغان بىر يىگىت
ئۇيان - بۇيان يۈرگۈدەك.
سالام قىپتۇ قىز كېلىپ
يىگىت قارشى ئېلىپتۇ.
قىز سۆزىدىن يىگىتمۇ
ھەممە ئىشنى بىلىپتۇ.
دەپتۇ قابان: «جان سىڭلىم،
بىر ئەمەس ئون باراردىم.
جادۇگەرنىڭ بېشىنى
قىلىچىمدا چاپاردىم.
لېكىن بايا بۇ يەرگە
كەلدى دۈمچەك بىر موماي.
ئۇ سورىدى مېنىڭدىن
بىر پىيالە ئىسسىق چاي.
ئۆيگە باشلاپ مومايىنى،
ئوت قالىدىم ئوچاققا.
بىر ئۆرۈلسەم موماي يوق
كۆزۈم چۈشتى غىلاپقا.
يەردە غىلاپ يېتىپتۇ،
ئىچىدە يوق قىلىچىم.

**ئاپلا دېدىم، قوغلىدىم**

ئۇتتەك ياندى ئىچ ـ تېشىم.
كۆلگە يېقىن قالغاندا
يېتىۋالدىم مەن ئاڭا.
قېرى دېدى: «بۇ قىلىچ
ئەمدى ھەرگىز يوق ساڭا».
قىلىچىمنى كۆلگە ئۇ
تاشلىۋەتتى ئالدىراپ.
غايىب بولدى ئالدىمدىن
پاقىدەك بىر كوركىراپ.
يىگىت سۆزى قىزچاقنى
سېلىپتۇ چوڭ گۇمانغا.
گويا سىرنى بىلگەندەك
سۆزلەپتۇ ئۇ قابانغا.
«قۇلىاق بوۋاي سۆزىنى
ئاڭلىۋاپتۇ جادۇگەر.
كۆزىڭىزنى باغلاپتۇ
كېلىپ بۇيان ھىيلىگەر.
كۆل بويىدا بەلكى ئۇ،
پاقا بولۇپ ياتقاندۇر.
بىزنى شۇ تاپ كۆزەتكەچ
ئەندىشىگە پاتقاندۇر».
دەپتۇ قابان غەزەپتە:
بولسىمۇ ئۇ بىر يولۋاس.
كۆل قىلىمەن تېنىنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بولسمۇ گويا ئالماس».
ئۇلار تېزدىن مېڭىپتۇ
كۆل بويىنى چارلىشىپ.
راست ياتقۇدەك بىر پاقا
يەرگە مەھكەم چاپلىشىپ.
كۆتۈرۈپتۇ پۇتىنى
قابان ئۇنى دەسسەي دەپ.
پاقا چۈشۈپ كېتىپتۇ
كۆل ئىچىگە بىر سەكرەپ.
كۆپ ئۆتمەي سۇ يۈزىدە
پەيدا بوپتۇ چوڭ بېلىق.
ئۇ پاقىغا توۋلاپتۇ:
«كۆلدىن يوقال ھەي سېسىق».
پاقا قورقۇپ بېلىقتىن
قومۇشلۇققا مۆكۈپتۇ.
ياۋا غازلار غاقىلداپ
ئۇنى قوغلاپ سۈرۈپتۇ.
پاقا كۆككە ئۆرلەپتۇ
ئايلىنىپ ئاق ئۆردەككە.
بۆركۈت كېلىپ ئۇرۇپتۇ،
چۈشۈپتۇ ئۇ ئورەككە.
سەت چىرقىراپ ئورەكتىن
چىقىپ كەپتۇ بىر قاۋان.
ئۇنى گالدىن ئېلىپتۇ
شىر يۈرەكلىك مەرد قابان.

شۇ ئەسنادا چوك بىلىق
ئۈزۈپ كەپتۇ قىرغاقتا.
سۇزۇپ ئالغان قىلىچنى
ئۈزدىتىپتۇ قىزچاقتا.
قىزچاق ئېلىپ قىلىچنى
شۇم قاۋانغا ئۇرۇپتۇ.
جادۇگەرنىڭ شۇ ئانلا
ئەپتى ئايان بولۇپتۇ.
تەقى - تۇرقى ئۇنىڭكى
ئوخشىماسكەن قاۋانغا،
چوڭقۇر، ئەلەس كۆزلىرى
ئوخشايدىكەن زىندانغا.
باشلىرىدا تۈكى يوق،
ئاغزى ئوخشار كاماغا.
قوتۇر ئىتتەك بەدىنى
ئوخشايدىكەن ماتاغا.
قابان ئېلىپ قىلىچنى
جادۇگەرنى چېپىپتۇ.
بۇ بەتنىيەت ئاخىرى
جەھەننەمگە كېتىپتۇ.

تەگرىتاغدا قۇلباقتىن
زەرگىميانى ئاپتۇ قىز.
خۇشال سەكرەپ كىيىكتەك
ئۆز ئۆيىگە كەپتۇ تېز.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

پۇرتىپتۇ گىميانى
بوۋاي كەپتۇ ئەسلىگە.
ئۆي كىرىپتۇ شۇ تاپتا
گويا بايرام تۇسىگە.
ئارتىش بوۋاي، گۈلتىكىن
خۇشاللىنىپ كۈلۈپتۇ.
ئۆمرى بەخت ئىچىدە
گۈلدەك گۈزەل ئۆتۈپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئەخمەت ئىمىن

# ئەسىرلەر

## مەكتەپ پەلەمپىيىدە

ھىلىمۇ ئېسىمدە، بىر چاغلاردا ــ يېڭىدىن تايتاڭلاپ مېڭىۋاتقان چاغلىرىمدا، بىنالارنىڭ پەلەمپىيىدىن ئانام مېنى قولۇمدىن يېتىلەپ چىقىراتتى.

مانا ئەمدى مەكتەپ بىناسىنىڭ پەلەمپىيىدىن ئۆزۈم چىقىپ كېتىۋاتىمەن.

بۈگۈن سېنتەبىر، بۈگۈن مەن ئانامنىڭ قوينىدىن چىقىپ مەكتەپ قوينىغا كىردىم.

ئانام مېنىڭ تۇنجى ئۇستازىم، ئۇ ماڭا ئىنسان تىلىدا سۆزلەشنى ئۆگەتتى؛ ئاتام ــ مېنىڭ تۇنجى تەربىيىچىم، ئۇ ماڭا چىن ھاياتنى كۆزلەشنى ئۆگەتتى. ئاتام ـ ئانام ــ ياردىلىشىدىلا ماڭا نېسىپ ئېتىلگەن بۇ كۆيۈمچان يېتەكچىلىرىم ماڭا ئۆز مېھرى بىلەن ئوتلۇق مېھرىنى، ئۆز غەيرىتى بىلەن تىرىشچانلىقنى، ئۆز ئۈمىدى بىلەن ئۈمىدۋارلىقنى سىڭدۈردى.

مەن خەلقىمگە بولغان ئوتلۇق مېھىر، بىلىمگە بولغان تىرىشچانلىق، كەلگۈسىگە بولغان زور ئۈمىد بىلەن مەكتەپ قۇچىقىغا كەلدىم.

ئانام ماڭا: «مەكتەپ ئىنسانلار جۇغلىغان ئىلىم-پەننىڭ تۆپىلىكى. سەن ئۇنىڭغا باشقىلار ياساپ قويغان پەلەمپەيدىن ئۆرلەيسەن، مەسىلە پەقەت كۆڭۈل قويۇشتىلا» دېگەن.

راست، شۇنداق ئوخشايدۇ. مەن ئەمدى بىرىنچى پەلەمپەيگە قەدەم قويغىلى ۋاتىمەن. ئالدىمدىكىلەر بۈگۈن بەلكىم ئىككىنچى، ئۈچىنچى ... پەلەمپەيلەرگە قەدەم قويۇۋاتسا كېرەك. مەن پەلەمپەيگە كۆتۈرۈلۈۋېتىپ ئاتامنىڭ بۈگۈن ئەتىگەن ماڭا قىلغان مۇنۇ سۆزىنى ئەسلەپ قالدىم: «بالام، ئەقىل پەلەمپىيى باشقىلارنىڭ ئەمگىكىدىن ھاسىل بولغان. ئۇنىڭدىن كۆتۈرۈلۈپ مەكتەپتىن ئىبارەت ئىلىم-پەن تۆپىلىكىگە چىققىنىڭدا ئىش تېخى تۈگىگەن ھېسابلانمايدۇ. بىلىم چوققىسى تىك ۋە خەتەرلىك. بىلگىنكى، ئۇنىڭدا باشقىلار ياساپ قويغان پەلەمپەي بولمايدۇ.»

مەن بۇ گەپنى تازا چۈشىنىپ كېتەلمىدىم. ئىشقىلىپ، بىلىمنىڭ ئېگىز چوققىسىغا قىزىلتاغنىڭ① چوققىسىغا چىققاندىكىدەك پەلەمپەي بىلەن چىققىلى بولمايدىغان ئوخشايدۇ. لېكىن مەكتەپ تۆپىلىكىگە ئاتام ئېيتقاندىكىدەك، تازا كۆڭۈل قويۇپ تىرىشىپ ئۆرلىسەم، باشقىلار ياساپ قويغان پەلەمپەيدىن چىققاندا ئۇنى كۆزىتىپ، چۈشىنىپ چىقىشنى كۆزلىسەم، مەندىمۇ ئاجايىپ بىر ئەقىل پارلىماسمۇ!؟

ئەگەر بىرى مېنى قولۇمدىن تارتىپ چوققىغا يېقىنلاتسا، مەن ئۇنى يەلكەمگە دەسسىتىپ تېخىمۇ ئېگىزگە

① بۇ يەردە ئۈرۈمچىدىكى قىزىلتاغ نەزەردە تۇتۇلىدۇ — نا.

چىقارسام، ئۇ ماڭا قولىنى ئۇزاتسا، مەن ...
ئىخ، ئىلىم - پەن چوققىسى، سەندە تۈز يول بول- مىسىمۇ، پەلەمپەي بولمىسىمۇ، ئىنسان ساڭا قاراپ يول ئاچالايدۇ، ساڭا چىقىدىغان پەلەمپەي ياسىيالايدۇ.
ئارزۇيۇم شۇ: مەنمۇ مۇشۇنداق پەلەمپەي بولىمەن.

## مەن تامچە بولسام ...

مەن تامچە بولسام، ئېگىز قىيالارنىڭ ئۈستىدىكى يېشىل مۇخلاردىن سائەتنىڭ چىكىلدىشىدەك رىتىم بىلەن تامچىسام، يانباغىردىكى كىچىك تاش — ئاكامنىڭ سەن- دىلىدەك تاش يۇيۇلسا، مەن يەنە تامچىۋەرسەم، ئۇ مېنىڭ غەيرىتىمدىن ھەيران بولۇپ مەڭگۈلۈك يۇمۇق كۆزلىرىنى ئاچسا — دېمەكچىمەنكى، ئۇنىڭدا كۆزلىرىمدەك كىچىك تۆشۈكچىلەر پەيدا بولسا، مەن يەنە تامچىۋەر- سەم، ئۇنىڭ كۆزلىرى يوغىناپ - يوغىناپ ئېغىزدەك بولسا، چۆچەكتەك بولسا، مەن يەنە تامچىسام، چۆچەك سۇغا لىق تولسا...
ئايھاي، بۇ چاغدا مەن نېمە قىلاتتىم، بىلەمسىلەر؟
ئۇ چاغدا مەن ئۇچۇرۇم بولمىغان قۇش بالىلىرىنى چاقىراتتىم:
— كېلىڭلار، ئۇچالمايدىغان بالا قۇشلار، چۆچەك- كىمدىن سۇ ئىچىڭلار، تامچىغا ئايلانغان مېنى ئىچىڭلار، مەن بىلەن ئۇسسۇزلۇقۇڭلار قېنىپ، تېنىڭلارغا ماغدۇر كىرىپ، كېيىن ئاسماندا ئۇچساڭلار، مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش خۇش بولىمەن، چۈنكى ئاسماندا پەرۋاز قىلى- ۋاتقان جىسمىڭلارغا مەنمۇ تامچە بولۇپ قوشۇلغان.

ئابدۇلئەھەت ئىسمايىل

# كۆچەتلەرنىڭ سۆھبىتى

## مۇقەددىمە

ئۆتتۈپ كەتتى زىمىستان،
كەلدى ئىللىق نەۋ باھار.
ئاقتى ئېرىق - ئۆستەڭدە
ئەگىز بولۇپ مۇز ۋە قار.

شۇ چاغ بىر توپ ياش كۆچەت
ھەر تەرەپتىن كېلىشتى.
ئارزۇ - ئارمان ھەققىدە
قىزغىن سۆھبەت قىلىشتى.

## ئۈجمە كۆچىتى

سوردىساڭلار جان دوستلار،
ئۈجمە دەيدۇ ئېتىمنى.
دەرەخلەرنىڭ شاھى دەر،
قىلىپ مېنىڭ گېپىمنى.

كىمكى تىكسە پەرۋىشلەپ
مېنى مۇنبەت زېمىنگە.
ياشناپ ئۆسۈپ كۈنسېرى
قۇۋۋەت تولار تېنىمگە.

يېگەن كىشى بەھۇزۇر
لەززەتلىنەر مېۋەمدىن.
ئاپئاق قەغەز ياسىلار
قوۋزىقىمدىن - تېرەمدىن.

ياخشى ئوزۇق ياپرىقىم
ئىشچان پىلە قۇرتقا.
بولار ئوبدان خام ئەشيا
يىپەك، شايى، مەشۇتقا.

ھۆنەرۋەنلەر تېنىمدىن
تەمبۇر - دۇتار ياسايدۇ.
مۇقام ئېيتىپ، ساز چېلىپ،
خەلقىم خۇشال ياشايدۇ.

ياغىچىمدىن پۈتىدۇ،
ئېسىل جاھاز - سايمانلار.
بېزەكلىنەر چىرايلىق
نەپىس ساراي - ئايۋانلار.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ھەر تەرەپكە بەرق ئۇرۇپ
بۆك ـ باراقسان شاخلىسام.
ئارمىنىم يوق خەلقىنىڭ
ھاجىتىنى ئاقلىسام.

### ئانار كۆچىتى

باغ ئىچىگە ياراشقان
نامى قۇتلۇق ئانارمەن.
چېچەكلىسە شاخلىرىم
ئوتقاش بولۇپ يانارمەن.

جۇغۇم كىچىك بولسىمۇ،
مېۋەم يوغان قوش مۇشتىن.
قۇتلاپ مېنى كۆز چېغى
مېھمان كېلەر توش ـ توشتىن.

مېۋەم كىرسە بازارغا
خېرىدارغا يارايدۇ.
شەربەتلىرىم ئىنسانىنىڭ
ۋۇجۇدىغا تارايدۇ...

### ئۆرۈك كۆچىتى

ئۆرۈكلەرنىڭ يۇرتىدىن
كەلگەن يۇمران كۆچەتمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

تېنىم يايرار باغ ئارا
ئاچسام رەڭدار چېچەكمەن.

ئەجىر بىلەن باغۋەنلەر
ئاسراپ مېنى ئەي قىلسا.
ئالتۇن رەڭلىك مېۋەمنى
شاخ - شېخىمدا مەي قىلسا.

شادلىنىدۇ شۇ باغقا
سەيلە قىلىپ كىرگەنلەر.
ھۇزۇرلىنار، زوقلىنار
مېغىزىمنى يېگەنلەر.

شىپا تاپار بىمارمۇ
يېسە گۆلە قېقىمنى.
ئارمىنىم شۇ: جەننەتتەك
ئاۋات قىلىش بېغىمنى...

## ئەنجۈر كۆچىتى

مېنىڭ ئىسمىم - شەرىپىم
داڭلىق ئەنجۈر كۆچىتى.
شېرىن شەربەت مېۋەمنى
دەيدۇ: «بېھىش نېمىتى».

ھۆسن بەخش ئېتىمەن
باغقا، ھويلا - ئارامغا.

خۇش پۇراقلار چاچىمەن
ئىپار ئوخشاش ھەر يانغا.

ھەممە ئادەم مېۋەمنى
مەززە قىلىپ يېيىشەر.
«ئەنجۈر ئەجەب مېزىلىك،
جانغا راھەت» دېيىشەر.

كىمكى ئاسراپ تۆۋىمگە
تۆكسە ھالال تەرىنى.
ھەرگىز يەردە قويمايمەن
ئۇنىڭ مېھنەت ـ ئەجرىنى...

## ئالما كۆچىتى

ئالما كۆچىتى دەيدۇ،
داگدار چېچىكى دەيدۇ.
كۆكلىسەم، مېۋە بەرسەم،
ھەر كىم خۇش، ئۈزۈپ يەيدۇ.

تىكسە مېنى جانلىنار،
باغ ـ ۋاران، ئېتىز ـ قىرلار.
چېچەكىمدىن كەشتىگە
ئەندىز ئالىدۇ قىزلار.

كەلسە باھار چاغلىرى
ھۆسنۈم گۈلدەك ئېچىلار.
كۆز پەسلىدە مېۋەمدىن
خۇش پۇراقلار چېچىلار.

ئاق ئالمام، قىزىل ئالمام
قىز مەڭزىگە ئوخشايدۇ.
ياساپ يېسە مۇرەببا
تەشنا يۈرەك ياشنايدۇ...

## ساپ ئۈزۈم

دوستلار مېنىڭ ئېتىمنى
دېيىشىدۇ ئۈزۈمتال.
تاتلىق مېۋەم ئالدىمدا
چەتتە قالار شېكەر - بال.

مەن كۆكلىسەم باغ، ھويلا
ئوخشاپ كېتەر بېھىشكە.
كىم ماختىماس باغۋەننى،
ئاغزى تەگسە يېمىشكە.

مەن ئۆسمەن باراقسان
باراڭلارغا يامىشىپ.
مەرۋايىتتەك مېۋەمدىن
كېتەر كۆزلەر قامىشىپ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

دەيمەن: ئۆسسەم، چوڭ بولسام،
ئەل ئۈچۈن نېمەت بەرسەم.
ئەمگەك سۆيەر ئىنسانىنىڭ
تېنىگە قۇۋۋەت بەرسەم...

## جەڭدە كۆچەتى

تېنىم تاغدىن رەڭ ئالار،
ياپراقلىرىم كۈمۈشتىن.
ئالتۇنرەڭلىك مېۋەممۇ
قىلىشمايدۇ يېمىشتىن.

تاللىمايمەن زېمىننى
زەي ۋە شورلۇق بولسىمۇ.
مەيلى ئويمان، مەيلى دۆڭ،
مەيلى قۇملۇق بولسىمۇ.

خۇددى يېشىل سېپىلدەك
توسايمەن جۇت - بورانىنى.
قوغدايمەن زىرائەتنى،
گۈلزار باغۇ - ۋارانىنى.

شاخ - تەنلىرىم يېقىلغۇ،
پايدا بېرەر ئىنسانغا.
يوپۇرمىقىم بىر ياخشى
ئوزۇق ئوغلاق، پاقلانغا...

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## تېرەك كۆچىتى

بويۇم زىلۋا، قەددىم رۇس،
يۇمران كۆچەت ـ تېرەكمەن.
ئۆسسەم ئەگەر قامەتلىك
ھەممە ئىشقا كېرەكمەن.

ئەسقاتىدۇ ياغىچىم
ئۆي ـ ئىمارەت، تۈۋرۈككە.
پارتا، ئىشىك، دېرىزە،
ھەتتا مەزمۇت كۆۋرۈككە.

پەرۋىش قىلسا ئۆسىمەن،
كۆك بىلەن بوي تالىشىپ.
ئۆز قىلىمەن مۇھىتنى
يول بويىغا يارىشىپ.

ساغلام ئۆسۈپ تىزلىكتە
قوشۇلسام چوڭ ئورمانغا.
ئەل ئىشىغا يارىسام،
يېتەر ئىدىم ئارمانغا.

## سۆگەت كۆچىتى

مېنى قويسا ھەر يەردە
كۆكلەيدىغان كۆچەتمەن.

ئېرىق، ئۆستەڭ بويىغا
زەپ ياراشقان سۆگەتمەن.

كۆركەملىشەر كۆكلىسەم،
ياشناپ - كۆلۈپ داللار.
چىۋدقىمنى ئات ئېتىپ،
ئوينىشىدۇ باللار.

ئالدىرايدۇ باھاردا
قىزلار «چېچەك چوكان»غا.
بەختىيارمەن ئانا يۇرت
ئايلانسا گۈل بوستانغا.

## توغراق كۆچىتى

مېنىڭ ماكانىم
دەشتۇ باياۋان.
كار قىلماس ماڭا
قار، يامغۇر، بوران.

توقۇلار زەمبىل،
سېۋەت تېلىمدىن.
پۈتىدۇ ھەر خىل
جاھاز شېلىمدىن.

پايانسىز چۆللەر
بولسا بۆك ئورمان.

www.uyghurkitap.com

قالماس دىلىمدا
قىلچىلىك ئارمان.

## خاتىمە

كۆچەتلەرنىڭ سۆھبىتى
داۋام ئەتتى كۆپ ئۇزاق.
(ئاجىز كەلدىم ھەممىنى،
يازالمىدىم مەن، بىراق).

كىچىك دوستلار، كېلىڭلار،
قولغا كەتمەن ئالايلى.
كۈتەر بىزنى كۆچەتلەر
قېشىغا تېز بارايلى.

ئاشۇ يۇمران كۆچەتلەر
قېپقالمىسۇن ئارماندا.
ئانا دىيار ئايلانسۇن
گۈلزار باغۇبوستانغا.



مەھەممەتئەيسا قۇربان

## شېئىرلار

### ۋەتەن

قوينى ئىسسىق چىمەنزار
گۈل ـ گۈلىستانىم ۋەتەن.
ئاشار ساڭا قەلبىمدىن
ناخشا داستانىم ۋەتەن.

بۆلەپ ئالتۇن بۆشۈككە،
ئاق سۈت بېرىپ ئۆستۈردۈڭ.
ئەقىل بېرىپ، تىل بېرىپ،
قوينۇڭدا شاد كۈلدۈردۈڭ.

غەم ـ قايغۇ يوق دىلىمدا،
ئۆگەنمەكتىمەن ئىلىم.
يىلتىز تارتىپ مېھرىڭدە
غۇنچە بولۇپ ئېچىلدىم.

ياشمەن، تېخى غۇنچىمەن،
ياشناپ گۈلدەك ئېچىلارمەن.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى

زوق تولدۇرۇپ دىللارغا
خۇشبۇي پۇراق چاچارمەن.

بىر تال گىياھ سەندىكى
جاندىن ئەزىز مەن ئۈچۈن.
مىڭ مەرتىۋە رازىمەن
جېنىم كەتسە سەن ئۈچۈن.

## يۈز ئالدىم

كۈلكە يېغىپ يۈزىدىن،
شادلىق تېمىپ سۆزىدىن.
قايتىپ كەلدى مەكتەپتىن
ئۇماق قىزىم تۈنىسا.
«دادا، — دېدى كىرىپلا،
ماڭا سالام بېرىپلا، —
ھەممە پەندە يۈز ئالدىم
كۆرۈپ باققىن بولمىسا...»

ئوماق قىزىم مەكە دەپ،
كۆرەي قېنى ئەكە دەپ،
ھاياجاندا ئىمتىھان
قەغىزىنى ئالدىممەن.
يىغىپ پۈتۈن زېھنىمنى،
تۆكۈپ دىلدىن مېھرىمنى،

سوئاللارغا - جاۋابقا
خۇشال نەزەر سالدىمەن.

خەتلەر ئېنىق، چاپاق يوق،
جاۋاب توغرا، چاتاق يوق.
قايىل بولدۇم دىلىمدىن
ئېسىل جاۋاب يېزىپتۇ.
ھەۋەس بىلەن كۆرگۈدەك،
كۆرۈپ كۆزگە سۈرگۈدەك.
قەلەم بىلەن قەغەزگە
ئۈنچە - مارجان تىزىپتۇ.

تەكرار قىلىپ ھارمىغان،
تۆۋەن نومۇر ئالمىغان.
يەتتە ياشلىق قىزىمنىڭ
غەيرىتىگە كۆيدۈمەن.
دائىم ئالغا باس دېدىم،
ھۆرمەت ساڭا خاس دېدىم،
يېڭى دەۋر روھىدىن
يېڭى تەلەپ قويدۇمەن.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

هوشۇر ئەخمەت

# كوچىدا قالغان بالا

(ھېكايە)

خىيالىغا چۆمگەن ئەسئەت ھازىر نەدە ئولتۇرۇۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇغانىدى، ئەس - يادى ئاپىسى، ئاچچىقى يامان دادىسى، قوچاقتىكى سىڭلىسىدا ئىدى.

— ئەسئەت!

ئەسئەت چۆچۈگەن ھالدا ئورنىدىن تۇردى.

— ئىككى سان ئايرىمىسىنىڭ كۆپى نېمىگە تەڭ؟

ئەسئەت ئۆزىنىڭ مەكتەپتە — ماتېماتىكا دەرسى ئۆتۈلۈۋاتقان سىنىپتا ئولتۇرغانلىقىنى ئېسىگە ئالدىيۇ، مۇئەللىم سورىغان سوئالغا جاۋاب بېرەلمىدى.

ئوقۇتقۇچى ئۆزىگە چەكچىيىپ «لام» دېمەي ئۆرە تۇرغان ئەسئەتكە قاراپ بىر سېكۇنتچە تۇردى ۋە ئاخىر مۇلايىم، پەس ئاۋازدا «ئولتۇر» دېدى. ئەسئەت بۈگۈنمۇ مەكتەپكە ناشتىسىز كەلگەنىدى، ناشتىلىق ئورنىدا ماتېماتىكا مۇئەللىمىدىن دەككە يېمىگىنىگە خۇرسەن بولۇپ دوسكىغا كۆز تىكتى. بىراق دوسكىدىكى چوڭ - كىچىك تىرناقلار، ئۇزۇن - قىسقا رادىكاللار ئۇنىڭ چېكىسىلىپ ئاغرىۋاتقان كۆزىگە غەيرى كۆرۈنۈپ، دوسكىغا قارا-

ۋېرىشكە بەرداشلىق بېرەلمەي قالدى. شۇڭا ئۇ مۇئەل-
لىم دوسكىغا يېزىلەنگەن پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ ئالدىدىكى
پارتىدا ئولتۇرغان ساۋاقدىشىنىڭ چىرايلىق ياسىتىلغان
بېشىغا قاراپ يەنە ئويغا پاتتى:
«ئاپام ئۆيدە بولغان بولسا مەنمۇ چېچىمنى مۇشۇنداق
ياساتقۇزاتتىم ...» ئەسئەت ئاپىسىنى ئەسلىشى بىلەنلا يېرىدىم
يىلدىن بۇيان ئۇنى ئازابلاپ كېلىۋاتقان بىر ئىش ئۇنىڭ
كۆز ئالدىدا هازىر يۈز بېرىۋاتقاندەك نامايان بولدى ...
ئەسئەت ئىچكىرىكى ئۆيدە ئولتۇرۇپ تاپشۇرۇق ئىشـ
لەۋاتاتتى، دادىسى قاسىم توك دالان ئۆيدە ئولتۇرۇپ
تاماكا چېكىۋاتاتتى. ئىشتىن قايتىپ كەلگەن ئاپىسى
ئىشىكتىن كىرىپلا ئەسئەتنىڭ دادىسىغا ۋارقىرىدى:
— بۇ ئۆيمۇ، ئېغىلمۇ؟
— ئىت بىلەن تۇتقان ئۆينى ئېغىل دېسىمۇ بولىدۇ،
قانداق؟
— هە مېنى ئىت دەمسىنا؟ ئىت دېگەن ئۆزۈڭ!
هۇ ئەپتىڭدىن مۇز ياغىدىغان توك بەگگە!
— چاغە قانجۇق!
— سەن ...
جېدەل چوڭغا چىقتى. ئەسئەتنىڭ ئاپىسى قوشنا ـ
قولۇملارنىڭ نەسىهەتى، ئەسئەتنىڭ يالۋۇرۇشلىرىغا قۇلاق
سالماي، بىر ـ ئىككى قۇر كىيىمى بىلەن قۇچاقتىكى بالىـ
سىنى ئېلىپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان
ئوغلى ئەسئەتنى قاسىم توك بىلەن تاشلاپ، ئۆيدىن چىـ
قىپ كەتتى.

ئەر - خوتۇن ئارىسىدىكى جېدەل بۇندىن ئىلگىرى-مۇ كۆپ قېتىم بولغان، ئەسئەت ھاي بېرىش مەقسىتىدە بىر ئېغىز گەپ قىلغىنى ئۈچۈن ئاپىسىدىن تىل ئىشىتكەن، دادىسىدىن تاياق يېگەن، كېيىنچە ئارىلاشمايدىغان، گەپ-سۆز قىلماي بويىنىنى قىسىپ، بىر چەتتە ئازابلىنىدىغان بولۇپ قالغانىدى. مانا ئەمدى ئۇنى ئازابلايدىغان جېدەل - ماجىرا تۈگىدى، جىمىدى. ئەمما ئاپىسى ئۇنىڭ سىڭلىسىنى ئېلىپ يىراققا، بەكمۇ يىراققا كەتكەنىدى...
ئەسئەت يېرىم يىلدىن بېرى دادىسى بىلەن بىر ئۆيدە تۇرۇپ كەلمەكتە. قاتتىق نان، قۇرۇق چاي... بەزى چاغلاردا قاتتىق نانلارمۇ يوق! تۈنۈگۈن ئاخشام ئۇنىڭ دادىسى ئۆيگە كەلمىدى. بۈگۈن كەچتە بولسا دادىسى كېلەرمۇ، يەنە شۇ ئاخشام ئاشقان ئاشنى ئىسسىتىپ ئىچىشكە توغرا كېلەرمۇ؟...
قاتتىق جىرىڭلىغان قوڭغۇراق ساداسى ئەسئەتنىڭ خىيال يىپىنى ئۈزۈۋەتتى. باللار مۇئەللىمنىڭ كەينىدىلا سىرتقا يۈگۈرۈشتى. ئەسئەت بولسا بۇ بىر سائەتلىك دەرستىن ھېچنېمىنى چۈشەنمىگىنىگە ئەپسۇسلىنىپ، ئۆزىگە ئېچىنغان، ئاچچىقى كەلگەن ھالدا قاپىقىنى تۈرۈپ ئولتۇرۇپ قالدى.

پاكار بەندىڭدە ئولتۇرۇپ ياكيۇ ئاقلاۋاتقان ئەسئەت «تاس» قىلىپ تەگكەن كاچاتتىن سەنتۈرۈلۈپ يىقىلدى.

— سەن هارام تاماقنى نېمە قىلسام بولار؟ — قاسىم توك كۆزىنى ئالايتقان هالدا ۋارقىردى. ئەسئەتنىڭ كۆزىدىن ئوت چاقنىغاندەك بولدى. قاسىم توك ئۇنىڭ كاسىسىغا يەنە ئىككىنى تەپتى، ياقىسىدىن تارتىپ سىلكىشلەپ تۇرغۇزدى، — سەن مەكتەپتە نېمە ئوقۇدۇڭ؟ تۆت پەندىن ئۆتەلمىگەنمۇ بارمۇ؟ يېگەن ئاش - نېنىڭغا لايىق ئوقۇساڭ بولمامدۇ؟ ... گەپ قىل دەيمەن، ئىتنىڭ بالىسى! ...

قاسىم توك ئەسئەتنى گاھ تىللاپ، گاھ ئۇردى، قولى ئاغرىپ هارغاندىلا پەس بولدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە مەكتەپكە كەتكەن ئەسئەت كەچتە ئۆيگە كەلمىدى، ئۇنىڭ ئەتىسىمۇ كەلمىدى. دادىسى ئۇنى ئىزدەپ مەكتەپكە باردى، سىنىپ مۇدىرى بىلەن مەيداندا ئۇچرىشىپ، ئەسئەتنىڭ مەكتەپكە كەلمىگىنىگە ئىككى كۈن بولغانلىقىنى ئۇقتى - دە، مۇئەللىم بىلەن جاڭجاللاشتى:

— ئۆيدىن بالا ئەمەس، مۈشۈك يوقالسىمۇ ئىز - دېرىكىنى قىلىمىزغۇ؟ بالىلارنىڭ كەلگەن - كەلمىگىنى بىلەن كارىڭىز يوقمۇ سىزنىڭ؟!

— قاسىمكا ...

قاسىم توك مۇئەللىمگە گەپ بەرمەي بىردىنلا تىل سالدى:

— سىز بالا ئوقۇتىمەن دېگۈچە پادا باقسىڭىز بولغۇدەك، — قاسىم توك تاماكا قۇتىسىنى ئېلىپ تاماكا ئوراشقا قەغەز يىرتىۋاتقاندا مۇئەللىم ئېغىز ئاچتى:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

— قاسىمكا، سەۋەنلىك بىزدىمۇ بار، لېكىن...

— لېكىن - پېكىننى قويۇپ بالامنى تېپىلڭ!

— بولىدۇ، بىراق ...

— بالا ئۆلۈشكۈن مەكتەپكە كەتكەن ... مېنىڭ بىلىدىغىنىم شۇ. سىز دەرھال بالىنى تېپىلڭ، بولمىسا ... — قاسىم توك تىلىنىڭ ئۇچىغا چىققان بىر گەپنى يۇتۇۋەتتى - دە، تاماكىسىنى سەرەڭگە يېقىپ تۇتاشتۇرۇپ، ئالدى - كەينىگە قارىماي مەكتەپتىن چىقىپ كەتتى.

ئەتىدىن بېرى ئوت يېقىلمىغان ئۆي قاسىم توكغا تالادىن بەتتەر سوغۇق، بوران ئۇچۇپ تۇرغاندەك بىلىندى. نەرسە - كېرەكلەرنىڭ رەتسىزلىكى، يەرگە قالايمىقان تاشلانغان قەغەز پارچىلىرى، تاماكا قالدۇقلىرى ئۇنىڭ غەزىپىنى تېخىمۇ ئۆرلەتتى.

— ئىتنىڭ بالىسى! ... قاسىم توك شۇنداق دېدى - دە، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ سىرتقا ماڭدى، ئۇ دۇكاندىن بىر بوتۇلكا ئاق هاراق ئېلىپ كىردى ۋە ئۇنى چىنىسىگە قۇيۇپ ئىككى تىنىقتىلا ئىچىپ تۈگەتكەندىن كېيىن كارىۋاتتا يانپاشلاپ يېتىپ ئۇيقۇغا كەتتى.

ئۇ ئەتىسى چۈشكە يېقىن ئورنىدىن تۇرۇپ مەكتەپكە باردى.

— ئەسئەتنى بۈگۈن تاپتۇق قاسىمكا، — دېدى مۇئەللىم قاسىم توكنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، باشقا مەكتەپتىكى بىر دوستىنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۆيدە يوقكەن، شۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ تۇرۇپتۇ.

— مەكتەپكە نېمە دەپ كەلمەپتۇ ئۇ شۇم؟

— قاسىمكا، — دېدى مۇئەللىم سەل جىددىيلەشىپ، — بالىنى تىللىماي چىرايلىق تەربىيە بېرەيلى. مەن ئاتا - ئانىلار يىغىنىدا چارەكلىك ئىمتىھان نەتىجىسىنى ئېلان قىلىپ بولۇپ، تۆۋەن نومۇر ئالغان بالىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنى ئالاھىدە ئاگاھلاندۇرۇپ قويغانىدىم. بۇنىڭ ئىچىدە ئۆزلىرىمۇ بار. بالا تۆۋەن نومۇر ئالسا تىللاپ - ئۇرساق بولمايدۇ. ئەگەر سىلى ئەسئەتكە چىرايلىق تەربىيە بەرگەن، مۇلايىملىق بىلەن نەسىھەت قىلغان بولسىلا، ئۇ ھەرگىزمۇ ئۆيدىن يامانلىمىغان، مەكتەپتىن قاچمىغان بولاتتى ...

قاسىم توك مۇئەللىمنىڭ گېپىگە لوقما سالدى:

— مەن ئۇنىڭغا ئاش - نان بېرىۋاتقان دادا - دە، بىر يەرگە بارسا ماڭا دەپ قويۇشى لازىمغۇ؟ ئۇنى - تىنىسىزلا يوقىلىپ كەتسە بولامدۇ؟ ...

— خاپا بولمىسىلا، ئەسئەت سىنىپىمىزدىكى ياۋاش، ئەقىللىك، خۇلق - مىجەزى ئوبدان بالىلارنىڭ بىرى. ئۇ ئۈچ كۈن كەلمىگەن بولسا كېرەك يوق، بىز ئۇنى يېتىشتۇرۇپ كېتىمىز ...

مۇئەللىم بىلەن قاسىم توك ئارىسىدىكى سۆھبەت دەرستىن چۈشۈش قوڭغۇرىقى چېلىنىش بىلەن كارىدورنى بىر ئالغان ۋاڭ - چۇڭ ئىچىدە ئۈزۈلۈپ قالدى. مۇئەللىم قاسىم توكنى كارىدورغىچە ئۇزىتىپ قويدى.

ئارىدىن بىرنەچچە مىنۇت ئۆتتى بولغاي، بىر بالا ئىشخانىغا ئىتتىك كىرىپ كەلدى - دە:

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى

— مۇئەللىم، مەيدانىدا ئەسئەتنى دادىسى تۇتۇۋېلىپ ئۇرۇپ كەتتى، ئاجرىتالمىدۇق، — دېدى ...

ئەسئەت ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن چوڭ شەھەرنى، ئۆيىنى، مەكتەپنى تاشلاپ قېچىپ چىققىنىغا ئىككى كۈن بولدى، مانا بۈگۈن ئۇ ئۆمرىدە كېلىپ باقمىغان بىر شەھەرنىڭ كوچىسىدا تەمتىرەپ يۈرمەكتە. ھاۋا سوغۇق، قار ئۇچقۇندىماقتا. كۈن چۈشكە تاقىلىپ قالغان بولسىمۇ ئەسئەت ئەتىگەندىن بېرى قانچىلىك بىرنەرسىنى ئاغزىغا سالغىنى يوق. ئۇ ئاخشام بېكەتتىكى بىر يولۇچى بەرگەن يېرىم ناننى قۇرۇقلا يەپ، بېكەتنىڭ ماشىنا كۈتۈش زالىدا بىر كېچىنى دۈگدىيىپ ئۆتكۈزگەن. شۇڭا ئۇ خېلى قېلىن كىيىنگەن بولسىمۇ، ئاچ قورساق بولغاچقا توڭلىماقتا، ئىچ - ئىچىدىن تىترىمەكتە...

ئۇ كوچىنىڭ ئۇڭ قاسنىقى بىلەن ئاستا كېتىۋاتىدۇ: نەگە بېرىشىنى، ئەمدىكى كۈننى قانداق ئۆتكۈزۈشنى بىلمەيدۇ. چۈنكى بۇ ئۆيىدىن يۈز كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بۇ شەھەرگە بىر شوپۇرغا يېلىنىپ - يالۋۇرۇپ يالغان گەپ بىلەن ئاران كېلىۋالدى. ئەمدى يەنە قايسى شوپۇرغا يالۋۇرۇپ، كىملەرگە سارغىيىپ ئاپىسى بار شەھەرگە بارار؟... ئۇ ئاپىسىنى ئەسلىدى: «ئاپامنىڭ باغرى نېمانچە قاتتىقتۇ؟... دادام ئاپامنى باغرى تاش ... دەپ تىللايدىغان، راستمىكىنە؟»

ئەسئەت دادىسىنى ئېسىگە ئېلىشى بىلەن ئىختىيارسىز شۈركۈنۈپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇندىن ئۈچ كۈن بۇرۇن

مەكتەپتە ــ ساۋاقداشلىرى ئالدىدا دادىسىدىن ئىشتكەن تىل - ئاھانەت، يېگەن كاچات - پەشۋالىرى يۈرىكىگە ئورناپ قالغانىدى:

«ھۇ، يەر يۇتقۇر شۇم! .. ئوغرى! يانچۇقچى!...»

قاسىم تونۇ ئۇ كۈنى بىر - ئىككى كاچات، بىرەر پەشۋا بىلەن، ئاچچىقىنى چىقىرىپ قايتقان بولسا، ئەسئەت ساۋاقداشلىرىنىڭ گېپىگە كىرىپ ئۆيىگە قايتقان بولاتتى. بىراق دادىسى ئۇنى تىللاپ - ئۇرۇپ ساۋاقداشلىرى ئالدىدا باش كۆتۈرگۈسىز قىلىۋەتتى. ئۇ ئاھانەتلىك گەپلەر ھازىرمۇ ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلاپ، سەبى قەلبىنى تاتىلىماقتا.

ئۇ بۇرنى ئېچىشقاندەك بولۇپ ئۇن سىلىپ يىغلىۋەتكىلى تاسلا قالدى، خىياللىرى چىگىشلەشتى: «ئاپام، دادام نېمىشقا ئۆي تۇتقان، مېنى نېمە دەپ تۇغقان بولغىيتتى؟ ... ئاپام مېنى ئويلامدىغاندۇ؟ ... دادام يەنە ئىشىنى قويۇپ مېنى ئىزلەۋاتامدىغاندۇ؟ يا كوچىدا باشپاناھسىز ئۆلۈپ قېلىشىمنى تىلەمدىغاندۇ؟ بولدى، ئۆلۈۋالاي! ... ئۆلۈپلا خاتىرجەم بولاي ...»

ئەسئەت ئۆلۈۋېلىش قارارىغا كەلدى. لېكىن كوچىدا قالغان ئون تۆت ياشلىق بۇ بالىغا ئۆلۈۋېلىش ئۈچۈن، كىنو، تىياتىرلاردىكىدەك ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلۈۋالىدىغان دېڭىز - دەريا نەدە دەيسىز؟ زەھەرلىك دورا ئىچەي دېسە ئۇنى نەدىن تاپىدۇ؟ بازاردا بار بولغاندىمۇ ئۇنىڭغا پۇل كېرەك! ئەسئەتتە بولسا تىيىننىڭ سۇنۇقى يوق ...

ئۇ «ئۆلۈۋېلىش» نىڭ بۇنچە تەسلىكىدىن قاتتىق

www.uyghurkitap.com

خورسىنىپ، نىشانسىز قەدەملىرىنى ئاستا تاشلايتتى، ئۆلۈمنىڭ ئاسان، ئاددىي يوللىرى توغرۇلۇق باش قاتۇراتتى: «توغرا، بىنادىن ئۆزۈمنى تاشلاي!» ئۇ بۇنداق ئاسان چارىنى ئويلاپ تاپقىنىغا ئىچ - ئىچىدىن خۇرسەن بولدى ۋە شۇ هامانلا يولنىڭ ئىككى قاسنىقىغا نەزەر سالدى.

لېكىن بۇ چوڭ كوچا پۈتۈنلەي بىر - ئىككى قەۋەتلىك ئۆيلەر بولۇپ، تۆت - بەش قەۋەتلىك بىنالار يوق ئىدى. «راست، — دېدى ئەسئەت ئىچىدە، — بېكەتنىڭ ئالدىدىكى بىنا ئېگىز!...» ئۇ دەرهال كەينىگە يانماقچى بولدى. بىراق ئۇ ئېگىز بىنانىڭ ئالدىدىكى تۆمۈر رېشاتكىلىق چوڭ دەرۋازا يېنىدا تۇرغان قورال-لىق پوستىنى ئېسىگە ئېلىپ يەنە ئىككىلىنىپ قالدى: «ئىشىكتىن قانداق كىرىمەن؟ بىنا ئۈستىگە چىققىلى قويامدۇ؟... ئىسىت. تۈنۈگۈن تاغ ئارىسىدىكى چوڭ يولدا چۈشۈپ قېلىپ، تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ پەسكە ئۆزۈمنى ئاتقان بولسامچۇ؟...»

بۇ چاغدا كوچىدا ۋېلىسىپىتلىق، پىيادە كېتىۋاتقان كىشىلەر كۆپىيىپ قالدى. بۇ هال ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. ۋېلىسىپىتلار ئۆزمەي قوڭغۇراق بېرىپ يۈرسە، پىيادىلەر چاققان - چاققان قەدەم تاشلاپ مېڭىشاتتى... ئۇلار ئۆيلىرىگە تېززەك بېرىپ، بالىلىرىغا چۈشلۈك تاماق ئېتىپ بېرىشكە ئالدىراۋاتقاندۇ»... مانا، چوڭ كوچىدا بەش - ئوندىن توپلىشىپ كۈلكە - چاقچاق، ۋاڭ - چۇڭ كۆتۈرۈشۈپ ئوقۇغۇچىلار پەيدا بولدى.

ئەنە قىزىل گالستۇكلۇق بىر توپ بالا ئەسئەتكە قا-
راپ كەلمەكتە. بىر - بىرىدىن چىرايلىق، پاكىز كىيىن-
گەن بۇ بالىلار غەم - قايغۇسىز كوچىنى بىر ئالغۇدەك
ئاۋازدا كۈلۈشمەكتە. ئورمانلاردىكى ئەركىن قۇشلاردەك
چۇرۇقلاشماقتا... شۇ ئارىدا ئەسئەتنىڭ ئارقا تەرىپىدە
پەيدا بولغان يەنە بىر توپ چوڭ بالىلار—ئوتتۇرا مەك-
تەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدى. ئۇلار باشلان-
غۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدەك چۇقۇلداشماستىن پەس
ئاۋازدا پاراڭلىشىپ كەلمەكتە ئىدى.

ئەسئەت قۇلاق سالدى.

— مېنىڭ دوختۇر بولغۇم بار. ئاپام دائىملا:
«دوختۇر سېنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇۋالغان، سەنمۇ دوختۇر
بول...» دەيدۇ...

— مەن ئوقۇتقۇچى بولىمەن...

ئەسئەت قەدىمىنى تېزلىتىپ ئۇلارغا ئەگىشىپ
ماڭدى. ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭمۇ ئەڭ ياخشى ئارزۇسى بار
ئىدى. ئۇ خىمىيە دەرسىگە ئالاھىدە ئىشتىياق باغلىغان،
بۇ دەرسنى كۆڭۈل قويۇپ، پىششىق ئۆگەنگەن ئەمەس-
مىدى؟... «چوڭ بولغاندا خىمىك بولىمەن. ھېچ بول-
مىغاندا، ھازىرقى زامان خىمىيە سانائىتىنىڭ يارامىلىق
كىشىلىرىدىن بولىمەن...» دېگەن بۈيۈك ئىستەك ئۇنىڭ
ياش قەلبىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا مەھكەم پۈكۈلگەن-
نىدىغۇ...

شۇم تەقدىر بۇ غايىلىك ئوغۇلنى ئۆز مەقسىتىگە
يەتكۈزىدىغان مەكتەپ قوينىدىن ۋاقىتسىز ئايرىدى، ئايرى-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ھاندىمۇ شۇنداق ئاسان، شۇنداق تېز ئايرىپ، يىراق
شەھەر كوچىسىغا سەرگەردان قىلىپ تاشلىدى.

ئەسئەتكە ھېلىقى چوڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ گەپلىرى
تەسىر قىلدى بولغاي، ئويلىنىپ قالدى: «ئۇلار دېگەنلىرى-
دەك ئۆز ئارزۇلىرىغا يېتەرلەرمۇ؟... بەلكىم يېتەر ياكى
يەتمەس. لېكىن ئۇلار ياشاشنى، ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلىشنى
دىلىغا مەھكەم پۈكۈپتۇ... دوختۇر بولىمەن دېگىنى ئۆ-
لۈم ئالدىدىكى كىشىگە ھاياتلىق ئاتا قىلىمەن دەۋاتىدۇ،
بۇ ھەقىقەتەن ئالىيجاناپلىق، ياخشى پەزىلەت. مەنچۇ؟...
ئۆلۈۋالاي دەۋاتىمەن، ئۆلۈۋالايمۇ؟ ياق، ياق!... ساق-
سالامەت ئىكەنمەن ماڭىمۇ ھايات يولى تېپىلىپ قالار...»

ئۇ ھېلىقى بالىلارغا خېلىغىچە ئەگىشىپ ماڭغاندىن
كېيىن، چوڭ كوچىغا قارايدىغان ئەركىن بازارنىڭ نەقىش
چىقىرىپ ياسالغان دەرۋازىسىغا چىقىپ قالدى. ئەسئەت
دەرۋازىنىڭ نەقىشلىرىگە قاراپ بىر پەس تۇرغاندىن كې-
يىن بازار ئىچىگە قاراپ ماڭدى. بۇ چاغ چۈش ۋاقتى
بولغاچقا، بازار ئىچى تازا قىزىغانىدى، مىغ-مىغ
ئادەم ھەرىكەت قىلاتتى، ئۇ ئەنە شۇ ھايات ئۇچۇن جىددىي
ئېلىشىۋاتقان ئىنسانلار ئارىسىغا كىرىپ غايىب بولدى.

ئابدۇقادىر ھەسەن

# شېئىرلار

## ئارمان

بۈيۈك كارۋان ئوغلىمەن،
پالۋان بولغۇم بار.
زەپەر قۇچۇپ سەپەردىن،
كارۋان بولغۇم بار.

بىپسىپ ئەسلىم ئىزدىنى،
مەردان بولغۇم بار.
يۇلتۇزلارغا مېھمان بوپ،
جەۋلان قىلغۇم بار.

كۆيلەپ ئەلنى بۇلبۇلدەك،
خەندان قىلغۇم بار.
ئىجاد بىلەن جاھاننى
ھەيران قىلغۇم بار.

ۋەتەن ئۈچۈن دولقۇندا
ھەريان ئاققۇم بار.

ۋىجدانىمنى شام قىلىپ،
گۈلخان ياققۇم بار.

ئىلىم ـ پەندە خەلقىمگە
نۇرلار چاچقۇم بار.
ئادالەتكە كەڭ داغدام
يوللار ئاچقۇم بار.

كەشپىياتتىن يىپپىپىگى،
زەرلەر ئالغۇم بار.
ئەۋلادلارغا بىر ئۆچمەس
ئىزلار سالغۇم بار.

## ئالامەتلەر سۆھبىتى

ئالامەتلەر جەم بولۇپ،
ئىشتىن چۈشۈپ كەچقۇرۇن.
قىزىق سۆھبەت باشلاپتۇ،
بىر ئەپلىك تۈزۈپ سورۇن.

ئىكەن سورۇن مېھمىنى:
بۆلۈش، تەڭلىك ھەم قۇلاق
قوشۇش، ئېلىش، كۆپەيتىش،
تۆردە ئىكەن ھەممە ۋاق.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قۇلاق تىنماي سوراركەن
چەكسىز سوئال ياغدۇرۇپ.
ئالامەتلەر يېشەركەن
مۈشكۈللەرنى ئاغدۇرۇپ.

داخىل بولدۇم ئۇلارنىڭ
سۆھبىتىگە ھەۋەستە.
ماختار ئىدى مېھمانلار
ئۆز كەسپىنى بەس ـ بەستە.

دېدى «قوشۇش» قاقاقلاپ:
«چاقپەلەككە ئوخشايمەن.
لىللا قوشسا ياشنايمەن،
خاتا قىلسا قاقشايمەن.

تىل چىققاندا بوۋاقلار
بىرنى ـ بىرگە قوشىدۇ.
شۇنداق قىلىپ ئاخىرى،
كۈچ ـ ئەقىلگە توشىدۇ.

قوشىۋەرسە زېرىكمەي،
ئاچىقىمەن ئاسمانغا.
ئوڭغا باشلاپ بارىمەن،
گۈللەر چېكىپ داستانغا.»

سۆز تالىشىپ «ئېلىش» مۇ
دېدى: «شەكلىم سىزىقچە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكى ئادرىسى

ياندۇرىمەن كەينىگە،
قوشۇلغان سانىنى شۇنچە.

ئايرىمىنى كۆپەيتىپ،
باشلاپ ماڭىمەن سولغا.
مېنى ياخشى بىلگەنلەر،
كەرمەيدۇ تۈيۇق يولغا.»

سۆزنى ئالدى «كۆپەيتىش»،
ئىككى يولنى بىر ئاتلاپ:
«مېۋە بېرىمەن بەك تېز،
ھوسۇلنى ھەسسە قاتلاپ.

قىسقارتىمەن قوشۇشنىڭ
سەپىرىنى ھەسسىلەپ.
چېچەك ئاچار زېھنىڭىز،
خىسلىتىمنى ئىگىلەپ.»

سۆز قىستۇردى «بۆلۈش»مۇ
«ئاستىن ـ ئۈستۈن چېكىتىمەن.
بىلمىگەنلەر بىلىشسۇن،
دەل بۆلگۈچى يىگىتمەن.

شەيئىلەرنى تەپمۇ تەك،
نەق ئۈتتۈرىدىن تىلىمەن.

كۆپەيتمىنى تەكشۈرۈپ،
لىللا تەقسىم قىلىمەن.»

قاراپ ئىككى يېنىغا،
سىلىپ تەكشى كۆزىنى.
كۈلۈمسىرەپ «تەگلىك»مۇ،
تونۇشتۇردى ئۆزىنى:

«ئوڭ يان تەڭ دەپ سول يانغا
جاكالايمەن تەگلىكنى.
داڭلاپ چىقىمەن دائىم
زېھنى ئۆتكۈر، پەملىكنى...»

كەشپىياتتا چوڭ ئىكەن
ئالامەتلەر قىممىتى.
شۇڭا سۆھبەت ئەھلىگە،
تاشتى قەلبىم ھۆرمىتى.

گىرەلەشكەن مۈشكۈلنى
ئالامەتلەر يېشەركەن، —
دېدى شۇچاغ قۇلاقچان
قاھ-قاھ ئۇرۇپ كۈلەركەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

راخمانجان روسۇل

# يارايسەن ئوغلۇم

(ھېكايە)

— مۇشۇ بالىنىزە، تەتىل قويۇپ بېرىشى بىلەن تەڭلا ئويۇنقېپى بولۇپ كەتتى، — قادىر تەخسىدىكى لەغمەننى چوكا بىلەن ماللاپ سۆزلىگىلى تۇردى، — ئەدناسى تاماقنىمۇ ۋاقتىدا يېمەيدۇ-دە.

— بىرقانچە ئايدىن بۇيان چارچاپ كەتتى، تەتىلدە بولسىمۇ ئوينىۋالسۇن، — دېدى ئاينىساخان ئۆزىگە ئاش سېلىۋېتىپ، — ئۇ ئۇنچىمۇ ئەمەسقۇ، چۈشكىچە ئۆيدە تەتىل تاپشۇرۇقىنى ئىشلەۋاتىدۇ، ھازىر ئاداشلىرى بىلەن بىرەر ئىشقا بېرىلىپ قالغان چېغى.

قادىر ئايالىنىڭ ئاغزىنى تازا بىر تۇۋاقلاپ قويماقچىدى، بىراق ئاغزىنى بىر چوكا لەغمەن بىلەن توشقۇزۇۋالغاچقا، ئالىيىپ قويۇپ، ئاشنى خۇشياقمىغاندەك چايناۋاتقاندا ئۇستىپىشى لايغا مىلەنگەن ئەكبەر كىرىپ كەلدى.

— قەيەرگە بارىدىڭ؟ — قادىر ئاشنى يۇتۇپ بولۇپ زەردە بىلەن ۋارقىرىدى.

ئەكبەر تىرنىقىنى تاتىلىغىنىچە يەرگە قارىدى.

— ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن! — قادىر قولىدىكى تەخسىنى جوزىغا «پاققىدە» قويۇپ، ئەكبەرگە مىختەك قا-

دالدى، — ئۇستىبېشىڭغا بىر قاراپ باقە، تېخى تۇ-
نۇگۈن كىيگەن كىيىملەرنى رەسۋا قىپسەنغۇ؟
— بولدىلا، دادىسى، ئەتىدىن تارتىپ ئۇنداق قىل-
مايدۇ، — ئايىنساخان جوزىغا قويغان ئاشنى قادىرغا قايتا
تۇتقۇزدى، — بالام، بۇنىڭدىن كېيىن بىر يەرگە بارساڭ
ۋاقتىدا كەل، كىيىمىڭنى يەڭگۈشلىۋېلىپ تامىقىڭنى
يە، سېنىڭغۇ ئىشقا سېلىۋالايلى دېمەيمىز، ئەمما كەچكە
قالساڭ ئەنسىرەيدىكەنمىز...
— تاك - تاك - تاك!
ئىشىكنىڭ چېكىلىشى ئايىنساخاننىڭ سۆزىنى بۆل-
دى. قادىرمۇ «سوراق» نىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرالمى-
دى. ئەكبەر پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ «غىپپىدە» ئىچ-
كىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى.
— كىرىڭ! — دېدى قادىر ئىشىككە قاراپ.
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، — يۇقىرى مەھەللىدىكى سې-
لىم ئاكا يوغان بىر توغرا سېۋەتنى كۆتۈرگەن پېتى
كىرىپ كەلدى.
— كەلسىلە، كەلسىلە! — قادىر دەرھال ئورنىدىن
تۇرۇپ سېلىم ئاكىنىڭ قولىدىكى سېۋەتنى ئېلىپ سۇپى-
غا قويغاندىن كېيىن، سېلىم ئاكىنى كۆرپىگە تەكلىپ
قىلدى. سېلىم ئاكا ئولتۇرۇپ پاتىھە قىلغاندىن كېيىن
ھاياجىنىنى باسالماي دېدى:
— سىلەر ئادەتتىكى بىر بالىنى ئەمەس، يا-
راملىق بىر ئەزىمەتنى يېتىشتۈرۈپسىلەر. شۇڭا سىلەرگە
رەھمەت، كىچىك ئەزىمەتكە رەھمەت، ئۇنى ئوقۇتقان

www.uyghurkitap.com

ئۇقۇتقۇچىلارغا رەھمەت! ئەگەر بۈگۈن، قادىرئاخۇن، سى-
لىنىڭ بۇ ئەزىمەت بولمىغان بولسا... — سېلىم ئاكا
بەلبېغىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆز يېشىنى سۈرتتى، ئۇ گې-
لىغا بىر نەرسە قاپلىشىپ قالغاندەك، بىر نەرسىنى
«غۇرتتىدە» يۇتۇۋەتكەندىن كېيىن، سۆزىنىڭ ئاخىرىنى
داۋاملاشتۇردى، — شۇ تاپتا سىلى بىلەن ئايىنساخانغا
بىردىن تون كىيدۈرسەممۇ ئەزىمەت ئوغۇللىرىنىڭ قىل-
غىنىنى ياندۇرۇپ بولالمايمەن...

قادىر گەپنىڭ باش - ئايىغىنى ئۇقالماي بوۋايغا
ھەيرانلىقتا تىكىلگىنىچە ئولتۇراتتى. ئايىنساخان چاچتەك
سوزۇلغان لەغمەندىن بىر تەخسىنى بوۋاينىڭ ئالدىغا
قويدى، بوۋاي ھاياجانلانغانلىقىدىنمۇ، ئۇنىڭ چوكا تۇتقان
قولى تىترەيتتى، بوۋاي ئاشنى بىر ئاز ئاغزىغا سې-
لىپ ھېكايىسىنى باشلىدى.

ئەكبەر يازلىق تەتىلگە قويۇپ بېرىلگەندىن بۇيان
ھەر كۈنى يېرىم كۈن تەتىل تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلىدى.
ئۆز پىلانىغا ئاساسەن، چۈشتىن كېيىن «ئىككىنچى دەرس-
خانا پائالىيىتى» گە قاتناشتى. شۇنداق بولسىمۇ ھەر-
كۈنى قايتىپ كېلىپ يەنە ئۆي ئىشلىرىغا ياردەملەشتى.
بۈگۈن چۈشتىن كېيىن تۈنۈگۈن پۈتتۈشكىنى بويىچە
رازىخان ئاچىنىڭ مەھەللىسىگە باردى. ئۇ بارغاندا ئۇنىڭ
تۆت نەپەر ساۋاقدىشى ھاۋانىڭ شۇنچە ئىسسىقلىقىغا
قارىماي، ئورمىدا بىردىن سول ئېلىپ بولغاچقا، يۈزى
«ۋىللىدە» قىزاردى - دە، گەپ - سۆز قىلمايلا ئورمىغا
چۈشۈپ كەتتى. ئۇلار ھەش - پەش دېگۈچە ئىگە - چاقى-

سىز رازىخان ئاچىنىڭ بىر مو بۇغدىيىنى ئورۇپ، ئۇنچىسىنى خامانغا توشۇۋەتتى. ئارقىدىن رازىخان ئاچىنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي ئۇنىڭ سۇ تۇگمىنى توشقۇزدى، ئوتۇنىنى ياردى. ئۇلار كەچ بولاي دېگەندە ئۆيلىرىگە قايتتى. ئەكبەر كېتىۋېتىپ قاسىم ئاكىنىڭ بۇغدىيىنىڭ پىشقان-پىشمىغانلىقىنى كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن ئېتىزغا ماڭدى. ئۇ قاسىم ئاكىنىڭ بۇغدىيىنى ئەتە ئورۇشقا بولىدىغانلىقىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، چوڭ يولغا چىقتى. پۈتۈن ئادەم ئېتىزلىقتا بولغىنى ئۈچۈن مەھەللە ئىچى جىمجىت ئىدى.

— ۋايجان! ئادەم بارمۇ؟ — يېقىنىدىلا ئاڭلانغان كىچىك قىز بالىنىڭ ئەنسىز ئاۋازى ئەكبەرنىڭ خىيالىنى بۆلدى. ئۇ دەرھال ئاۋاز چىققان تەرەپكە چاپقىنىچە، ئۆينىڭ ئارقىسىغا ئۆتتى. يەتتە ياش ئەتراپىدا بىر قىز بالا كۆلچەك بېشىدا: «ۋايجان، ئۇكام...» دېگىنىچە چېپىپ يۈرەتتى. ئەكبەر ئۇچقاندەك كېلىپ كۆلچەككە قارىدى، بىر نەرسە گاھ چۆكۈپ، گاھ لەيلەپ تۇراتتى.

— ئۇكام، ئۇكام، كۆلچەككە چۈشۈپ كەتتى، — دېدى قىزچاق دۇدۇقلاپ. ئەتراپتا ئادەم قارىسى كۆرۈنمەيتتى. ئەكبەر ھېچ نەرسىگە قارىمايلا كۆلچەككە سەكرىدى. كۆلچەك چوڭقۇر بولغاچقا ئۇ چۆكۈپ كەتتى. كىيىمى ئۇنىڭغا دەخلى قىلاتتى. ئۇ خېلى تەستە بالىنى تۇتتى. بىر قولى بىلەن ئۈزۈپ، بىر قولى بىلەن بالىنى ئېتتىرىپ قاشنىڭ بويىغا ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، قاش تىك بولغاچقا، بالىنى قاشقا ئېلىپ چىقالمىدى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ھەپىلىشىۋېرىپ بىر قانچە قېتىم چۆكۈپمۇ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزى بىردىنلا كۆلچەكنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى ساڭگىلاپ تۇرغان سۆگەت شاخلىرىغا چۈشكەندىلا ئۇمىد چىرىغى يانغاندەك بولدى، ئۇ بالىنى ئىتتىرىپ ئاپاردى-دە، بىر قولى بىلەن سۆگەت شېخىنى تۇتۇپ، بالىنى قاشقا تارتىپ چىقاردى. بالىنىڭ رەڭگى سارغىيىپ، قورسىقى ناسۇستا يەل بەرگەندەك كۆپۈپ كەتكەنىدى. ئۇ قاچاندۇر ئاڭلىۋالغىنى بويىچە بالىنى قۇچىقىغا ئېلىپ دۈم قىلىۋىدى، بىھوش بالا بۇقۇلداپ سۇ ياندۇردى.

ھېلىقى قىزچاق تېخىچە مىشىلداپ يىغلاپ تۇراتتى.

— بۇ سىزنىڭ ئۇكىڭىزمۇ؟ — ئەكبەر سورىدى.

— ھەئە! — قىزچاق چاپىنىنىڭ يېڭى بىلەن بۇرنىنى سۈرتۈپ جاۋاب بەردى.

— ئۆيدىكىلەر قېنى؟ چاقىرىڭ، بالىنى دوختۇرغا ئاپىرايلى.

— چوڭ دادملار خامانلىقتا، چاقىرىپ كېلەي، — قىزچاق باغنىڭ ئارقىسىغا چاپتى. ئەكبەر تېخىچە بالا بىلەن ئاۋارە ئىدى، ئۇنىڭ يۈرىكى رىتىمسىز سوقاتتى. بالا بولسا بىر تىنىپ قويۇپ بىھوش ياتاتتى. ئەكبەرنىڭ يۈرىكى بىرئاز جايىغا چۈشتى بولغاي، بالىنىڭ قورسىقىنى چىڭراق بېسىپ، دۈمبىسىگە ئاستىراق شاپىلاقلىدى. بۇ چاغدا ئارا-گۇرجەك كۆتۈرگەن بىرقانچە كىشى چىرايىدا ئۆڭگۈسىل يوق يېتىپ كېلىشتى. بىر بوۋاي بىلەن بىر موماي كېلىپلا بالىغا ئۆزىنى ئېتىپ، يۈزلىرىگە كاچاتلىغىلى تۇردى.

— يىغلاش بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ، — دېدى ئوتتۇرا ياشلىق بىر دېھقان بالىنىڭ يۈرىكىنى تۇتۇپ بېقىپ، — بالىنىڭ يۈرىكى سوقۇۋاتىدۇ، دەرھال كېپەك قورۇپ بالىنى كېپەككە ئالايلى.

ئەتراپتىكىلەر تەشۋىش، ئىنتىزارلىق بىلەن تەلمۈرەتتى. بالا بىردىنلا سۇ ياندۇردى ۋە «خارتىدە» يەنە بىرنى تىنغاندىن كېيىن، كۆزىنى ئېچىپ، خۇددى بىرنەرسىدىن قورقۇپ كەتكەندەك يىغلاشقا باشلىدى. ھەممەيلەن «ئۇھ» دەپ تىنىشتى-دە، چىرايلىرىدا كۈلكە جىلۋە قىلدى.

— خۇداغا شۈكرى! — دېدى بالىنى دەسلەپ قولىغا ئالغان دېھقان، — تەلىيىڭلار ئوڭدىن كەلدى. چوڭ بالا-قازادىن قۇتۇلدۇڭلار...

سۇغا چۈشۈپ كەتكەن بالا يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ كاتىپى ھۆسىيىن ئېلىنىڭ ئارزۇلۇق ئوغلى بولۇپ، بوۋاينىڭ نەۋرىسى ئىدى. ھۆسىيىن تۈنۈگۈن بالىلىرىنى ئېلىپ دادىسىنى يوقلاپ كەلگەندە ئوغلى باغدىكى مەي باغلاپ پىشقان ئۆرۈك، ئېتىزلىقتىكى قوغۇن، ئۆيدىكى سۈت-قايماقلارنى كۆرۈپ، كەتكىلى ئۇنىماي قېپقالغانىدى. بوۋاي بىلەن موماي ئۇنى يەتتە ياشلىق قىز نەۋرىسىگە تاپىلاپ قويۇپ خامانلىققا ماڭدى. ئۈچ ياشلىق تۇرسۇنجان كۆل بويىدىكى سۆگەتكە قونغان يىڭناغۇچنى تۇتىمەن دەپ سۇغا چۈشۈپ كەتكەنىدى...

سېلىم بوۋاي ئەمدى ئېسىگە كەلگەندەك، سۇغا چۈشۈپ كەتكەن نەۋرىسىنى ئەمەس، ئەكبەر-

نى باغرىغا باستى. ئۇنىڭ پېشانىسىگە يېنىش - يېنىشلاپ سۆيدى. ھەممەيلەن ئەكبەرگە رەھمەت ئېيتتى. بوۋاي بىرنەرسە ئېسىگە يەتكەندەك ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ئۆيگە كىردى - دە، بىر پاقىلاننى يېتىلەپ چىقىپ دېدى:

— ساڭا نېمە دەپ رەھمەت ئېيتىشىمنى بىلمەيۋاتىمەن، ئوغلۇم، ماۋۇنى قوي قىلىۋالغىن.

— ياق! — دېدى ئەكبەر ئارقىسىغا داجىپ، — بۇ كېرەك ئەمەس، بۇ مېنىڭ...

بوۋاي تېڭىرقاپ قالدى. باشقىلار كۈلۈشتى. بوۋاينىڭ يەنە بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك، قوينىغا قولىنى سېلىپ تۈگۈنچەكنى ئالغاندا ئەكبەر كېتىپ قالغانىدى.

— ھەي، مەيكەل ئوغلۇم! — بوۋاي ئون يۈەنلىك پۇلدىن ئىككىنى ئايرىپ ۋارقىرىدى، — كىيىملىرىڭ يىرتىلىپ كېتىپتۇ، بۇنىڭغا...

— رەھمەت، لازىم ئەمەس! — ئەكبەر نېرىدىنلا جاۋاب بېرىپ چاپقان پېتى كەتتى. ھەممەيلەن ئون ئىككى ياشلىق بۇ ئەزىمەتنىڭ قارىسى يىتكۈچە قاراپ قېلىشتى...

بوۋاي ھېكايىسىنى تۈگىتىپ كۆز يېشىنى سۈرتۈۋاتقاندا، قادىرنىڭ گېلىغا بىرنەرسە تۇرۇپ قالغاندەك بۇقۇلداپ قالدى ۋە نېمىدىندۇر خىجىل بولغاندەك بېشىنى چايقىدى. ئۇ بىر بوۋايغا، بىر خوتۇنىغا قارايتتى. خېلى جىمجىتلىقتىن كېيىن جىمجىتلىقنى يەنە ئۆزى بۇزدى:

— يارايسەن، ئوغلۇم!

روزىتوختى داۋۇت

# شېئىرلار

## گالستۇكۇم

گالستۇكۇم، گالستۇك،
ئالدىم سېنى قولۇمغا.
پۇرىغاندەك سېزىلدى
قىزىل گۈللەر بورنۇمغا.

سەنمۇ سۆيۈپ يۈزۈمگە،
گىرە سالدىڭ بوينۇمغا.
ئىشق ئوتۇڭ ئورناشتى
پۈتكۈل تېنىم - قېنىمغا.

خۇددى چوغدەك لاۋۇلداپ،
نۇرلار چاچتىڭ يولۇمغا.
«قېنى، ئالغا باس!» دېدىڭ،
ئىلھام بېرىپ دىلىمغا.

نىيەت قىلدىم ياراملىق،
ياخشى ئادەم بولۇشقا.

ئەل بەختىچۈن كۆرەشتە
كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولۇشقا.

## ئارزۇ

گۈلگە ئاشنا بۇلبۇلدەك
ئىلىم ـ پەنگە ئامراقمەن.
ئۆگىنىشكە پاراقلاپ
تۇرغان سۇدەك قايناقمەن.

بىلىم دېمەك — كۈچ دېمەك،
ئادەم ئۈچۈن زور يۆلەك.
پەن ـ بىلىمدىن دىلىمغا
ياقتىم ئۆچمەس چىراغمەن.

بىلىم يىغىپ دىلىمغا،
ھۆسن قوشسام ئىلىمغا،
قالماس ئەسلا ئارمىنىم
بولۇپ ئىقىن بۇلاقمەن.

## گۈل تېرىدۇق

مەكتەپ ئىچى سەيناغا
گۈل تېرىدۇق چۆنەكلەپ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئەتراپىنى قاشالاپ،
سۇ قويدۇق ئىچىلسۇن دەپ.

بولسا مەكتەپ گۈلىستان،
ئىچىلسا ئۇ پورەكلەپ.
ئۇستازلارغا تۇتىمىز
ئۈزۈۋېلىپ ئېتەكلەپ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

تۇرسۇن ئەرشىدىن

# كومانىدىرنىڭ بۇيرۇقى

(ھېكايە)

چارەكلىك سىناشتا ھېساب دەرسىدىن ئۆتەلمىگەنلىكىنى بىلگەن ئابلەكى پات ـ پاتلا مەكتەپكە كەلمەيدىغان بولۇۋالدى. مەن مەكتەپتىن قايتىپ ئابلەكىنىڭ ئۆيىگە بارغاندا، ئۇ بار ئىكەن، ئاپىسىمۇ بار ئىكەن. ئۇ مېنى كۆرۈشى بىلەنلا قولىنى ئاغزىغا قويۇپ بىرنەچچىنى يېنىك شاپىلاقلىدى. قوۋۇزىنى كۆپتۈرۈپ، كۆزلىرىنى ئالايتىپ بېشىنى چايقىدى. ئۇنىڭ بۇ شەرەتلىرىدىن نېمىدۇر بىرنەرسىنى ئاپىسىغا ئېيتىپ قويماسلىقىمنى ئۇقتۇرۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندىم.

— بۈگۈن مەكتەپكە بارمىغانلىقىمنى ئاپامغا ئېيتما،— دېدى ئۇ بىز تالاغا چىققاندا.

— مەكتەپكە نېمەدەپ بارمىدىڭ؟ مۇئەللىم سېنى مەكتەپكە پات ـ پاتلا كەلمەس بولۇپ قالدى. سەن بېرىپ نېمە بولغانلىقىنى ئۇقۇپ كەل دەپ مېنى ئەۋەتتى، — دېدىم مەن ئابلەكىنىڭ گېپىدىن ھەيران بولۇپ.

— مىجەزى يوقكەن دەپ قويغىن.

— نېمىگە ئۇنداق دەيمەن؟ سەن ساپ ـ ساق

ئىكەنسەنغۇ؟

— نېمانداق غەرەز ئۇقمايدىغان نېمىسەن، — تېرىكتى ئابلەكى، — مەكتەپكە بارسام دەرسلەردىن يەنە ئۆتەلمىسەم، مېنى تەنقىدلەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بارمىدىم-دە! ئۆتكەندە بارمىغان كۈنلىرىمنىمۇ ئاپام بىلمەيدۇ، بىلىپ قالسا ۋاي جېنىمنى چىقىرىدۇ.

— بۇ تازىمۇ بىر ئەخمەقلىقكەنغۇ! — چىچىلدىم مەن، — ئۇنىڭدىن كۆرە ئاپاڭغا ئوچۇقىنى ئېيت، يا بولمىسا ئاۋۋال مەكتەپكە بار. مۇئەللىممۇ بەك سۈرۈشتە قىلىپ كەتمەس. ئەتىمۇ بارمىساڭ، ئۆگۈنلۈككىمۇ بارمىساڭ ئۇ چاغدا ئىش تېخىمۇ چىڭغا چىقىپ كېتىدۇ.

— بوپتۇ باراي، — دېدى ئابلەكى.

بىراق ئەتىسى ئابلەكى يەنە مەكتەپكە كەلمىدى. شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ مەكتەپكە كېلىشكە جۈرئەت قىلالمىغانلىقىنى بىلدىم. مۇئەللىم مەندىن ئابلەكىنىڭ نېمە بولغانلىقىنى سورىغاندا ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە «مىجەزى يوقكەن» دەپ قويدۇم. مەن بۇ گەپلەرنى قىلغاندا قاراپ تۇرۇپ يالغان گەپ قىلىپ، مۇئەللىمنى ئالداۋاتقانلىقىمدىن ئۇيۇلۇپ كەتتىم، لېكىن مېنىڭ باشقا ئامالىم يوق ئىدى. نېمە ئۈچۈن دېگەندە ئابلەكى مېنىڭ قانداقلا بولمىسۇن جان دوست ئاغىنەم-دە! ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ بىلەن مەن بىرىنچى سىنىپتىن تا تۆتىنچى سىنىپقىچە بىر پارتىدا ئولتۇرۇپ كېلىۋاتىمىز...

ئەتىسى مەكتەپتىن قايتىپ يەنە ئابلەكىنىڭ ئۆيىگە باردىم ھەم ئۇنى دەپ مۇئەللىمنى ئالدىغانلىقىمنى ئۇنىڭ-

www.uyghurkitap.com

غا ئېيتتىم. ئابلەكى ماڭا ئەتىگەندە مەكتەپكە بارىمەن دەپ چىقىپ كېتىپ، بازار ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنى، مەكتەپتىن باللار قايتقاندا خۇددى مەكتەپتىن قايتقاندەك دەل ۋاقتىدا ئۆيگە قايتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

— ئەمدى قانداق قىلىسەن؟ بۇنداق كېتىۋەرسەڭ بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى سېنىڭ مەكتەپكە بارماي يۈرگەنلىكىڭنى ئاپاڭ بىلىپ قالىدىغۇ؟

— ھېچ ۋەقەسى يوق، ئاپام بىلىپ بولغۇچە بىرەر ئىشقا كىرىۋالىمەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەممە ئىشنى ئۆزۈم بىر - بىرلەپ دەپ بېرىمەن.

— قويە يوق گەپنى،— دېدىم مەن،— سېنى ئىشقا ئالىدىغان كىمكەن ئۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە ھەممە گەپنى مۇئەللىمگە ئېيت، سەن ئېيتىشتىن خىجىل بولساڭ مەن ئېيتاي، قانداق دەيسەن؟

— نېمە؟ سەن چېقىمچىلىق قىلىپ مېنى يەرگە قاراتماقچىمۇ؟

— بۇ قانداق چېقىمچىلىق بولىدىكەن، ئۆزۈڭ خىجىل بولۇۋاتىسەن، شۇڭا سېنىڭ ئۈچۈن مەن دەي دەۋاتىمەن.

— مېنىڭ ئۈچۈنمىش تېخى! مېنىڭ ئۈچۈن بولسا ھېچكىمگە تىنما. نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىمنى ئۆزۈم بىلىمەن. ئەگەر چېقىمچىلىق قىلىدىغان بولساڭ خامىرىڭنى ئېزىۋېتىمەن. ئۇ چاغدا مېنىڭدىن كۆرمە! — رەسمىلا ھۆرپەيدى ئۇ.

ئۇنىڭ قىلىقىغا ناھايىتى ئاچچىقىم كەلدى، تېرىككىنىمدىن ئۇنىڭ يېنىدىن كەتتىم...

شۇنىسى قىزىقكى، شۇ كۈنلەردە مەن ئۇنى كۆپ ئويلايدىغان بولۇپ كەتتىم. ئىككىمىز ئولتۇرىدىغان پار-تىنىڭ بوش جايى دائىم ئۇنى ئەسلىتىپ كۆڭلۈمنى يېرىم قىلاتتى، ھەدىسىلا بىزنىڭ ئىسسىق سىنىپتا ئولتۇر-غىنىمىز، ھەر تەنەپپۇستا قىي-چۇ قىلىشىپ خۇشال ئوي-نايدىغانلىقىمىز، ئۇنىڭ بولسا چەت كوچىلاردا ئوغرىغا ئوخشاش ئەتراپىغا ئالاق-جالاق قاراپ سوكۇلداپ يۈرۈ-شى، تونۇش-بىلىشلەردىن قېچىپ باشقىلارنىڭ قورۇ-لىرىغا يوشۇرۇنۇۋالماقچى بولغاندا، قورۇدىكى ئىتلارنىڭ قوغلاپ كەتكەنلىرى مېڭەمگە كىرىۋېلىپ دەرس قۇلىقىمغا كىرمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ تازا قەھرىتان قىش كۈن-لىرى بولغاچقا ئادەم تالادا بىردەم تۇرسىلا مۇزلاپ كۆ-كىرىپ، تىللىرى گەپكە كەلمەي قالاتتى. ئۆيگە كەلگى-نىمدىمۇ ئۇ خىيالىمدىن نېرى كەتمەيدىغان بولۇۋالدى، ھەتتا بىرنەچچە قېتىم چۈشۈمگىمۇ كىرىپ قالدى. مەن ئابلەكىمنىڭ چاتاق يولغا كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بارغان-سېرى ئېنىق سېزىشكە باشلىدىم. ئۇنى بۇ ئەھۋالدىن قۇ-تۇلدۇرۇش يولىنى تاپالماي ئازابلىناتتىم. قانداق قىلىش كېرەك؟...

مېنىڭدە بىرەر ئۆزگىرىش بولسا ئاپام دەررۇلا بايقىۋالاتتى. بۇ قانداق ئىشكەن تاڭ بىلمەيمەن. ئىچىمدە بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەر تېشىمغا چىقىپ قالام-دىكىنىيا.

— ئىككى كۈندىن بېرى پۈتى كۆيگەن توخۇدەك پايپېتەك بولۇپ كېتىۋاتىسەنغۇ، نېمە بولدۇڭ بالام،—

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دېدى ئاپام كەچتە كىيىم ياماۋېتىپ.

— ھېچنېمە بولمىدىم.

— تولا خۇپسەنلىك قىلما، بىلمەن سېنى، دەرستە تۆۋەن نومۇر ئالدىڭ تايىنلىق.

— ياق، ھەممە دەرستە ياخشى نومۇر ئالدىم.

— نېمە بولدى ئەمىسە ساڭا، غەرتلا كىرىسەن، غەرتلا چىقىسەن، ھېچبىر تىنچ ئولتۇرالمايسەنغۇ؟

— مەن ھېچنېمە بولمىدىم، ئابلەكى...، — دېدىم مەن دۇدۇقلاپ.

— ئابلەكى؟ ئۇ نېمە بوپتۇ.

— مەكتەپكە بارمايۋاتىدۇ.

— بۇ قانداق بولغىنى؟ — گەپكە دادام ئارىلاشتى، — سەن ئۇنىڭ ئاغىنىسى تۇرۇقلۇق نېمە ئۈچۈن ياردەم قىلمايسەن؟

— ئۆزى مەكتەپكە بارمايۋاتسا، مەن قانداق قىلماقچىدىم.

— قانداقلا بولمىسۇن ئۇنىڭ غېمىنى قىل، ياردەم بەر، — دېدى دادام كەسكىن تۈردە، — بىلەمسەن، دەرس ئوقۇشمۇ خۇددى جەڭ قىلغانغا ئوخشاش بىر ئىش. ھەربىر دەرسنى جەڭ مەيدانىدىكى بىر پوتەي دېسەك جەڭچىلەر داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن ئاشۇ پوتەيلەرنى ھۇجۇم بىلەن ئىشغال قىلىشى، ھەربىر جەڭچى بىر-بىرىنى سەپتىن چۈشۈرۈپ قويماسلىقى ئۈچۈن بىر-بىرىگە جان پىدا قىلىدىغان، چىن دوستلۇق ئورنىتىشى لازىم. بىلەمسەن، ئابلەكنىڭ دادىسى بىلەن ئىككىمىز بۇرۇن

ئەنە شۇنداق ئاغىنە ئىدۇق، شۆكلاشقا نى - نى قاتتىق جەڭلەردە بىر - بىرىمىزنى قۇتقۇزدۇرۇپ، يەنە يېڭى جەڭ - لەرگە قان كېچىپ قاتناشقانىدۇق.

— نېمە؟ سەنمۇ ئۇرۇشقا قاتناشقانمىدىڭ؟ — ھەيران بولۇپ سورىدىم مەن دادامدىن.

— بىزنىڭ بۇ يەردىكىلەرنىڭ قايسىسى ئۇرۇشقا قاتناشمىغان دەيسەن، — دادام بۇرۇتىنى باشمالتىقى بىلەن تۈزەپ قويۇپ چوڭقۇر ئويغا چۆشۈپ كەتتى. ھەممىمىز سۈرلۈك جىمجىتلىققا چۆكتۇق، — ھېلىمۇ ئېسىمدىن چىقمايدۇ. ئابلەكىمنىڭ دادىسى ئاشۇ ھەيرانباغ سوقۇشىدا مېنى يارىدار بولۇپ قالغان يېرىمدىن يامغۇردەك يېغىـ ۋاتقان ئوقتا قارىماي قۇتقۇزۇپ چىقمىغان بولسا مەن ئاللىقاچان بۇ ئالەم بىلەن خوشلاشقان بولاتتىم، — دادام نېمىدۇر بىرنەرسىنى خاتىرىسىگە ئالماقچى بولغاندەك بىر پەس جىم بولدى، — ئۇ چاغ بىر مىڭ توققۇز يۈز قىرىق بەشىنچى يىلىنىڭ بىرىنچى ئايلىرى ئىدى، — سۆزىنى داۋام قىلدى دادام، — بىزنىڭ قوشۇنلىرىمىز غۇلجا شەھىرى ئىچىنى ئازاد قىلىپ ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتمۇ قۇرۇپ بولغانىدى، بۇنىڭدىن قاتتىق ساراسىمىگە چۈشۈپ كەت - كەن گومىنداڭ قوشۇنى ھەيرانباغقا ھەم ئۇنىڭ ئەتراپىـ دىكى جايلارغا پاناھلىنىۋالغانىدى.

كېچىدە ھەيرانباغقا ھۇجۇم باشلىدۇق. دەسلەپ بىر ئاز ئىلگىرىلىگەندەك قىلدۇق، بىر كەمدىن كېيىن دۈشمەن پوتەيلىرىدىن شىددەتلىك ئوت ئېچىلىپ ئالدىنقى قاتاردا كېتىۋاتقان جەڭچىلىرىمىز ئارقا - ئارقىدىن يىقىلىشقا باشـ

لىدى... ۋال-ۋۇل قىلىپ ئېتىلىۋاتقان ئوقلارنىڭ قاراس-قۇرۇسلىرى، زەمبىرەك، مىنا، قول بومبىلىرىنىڭ گۈمبۈر-لەشلىرى ھەيرانىباغنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتكەنىدى، دۈشمەنلەر بىزنى جان ئاچچىقىدا ئۆلەر-تىرىلىشىگە قار-ماي ئوققا تۇتۇۋاتاتتى. بىز بولساق يەر بېغىرلاپ ئۆمى-لەپ كېتىۋاتاتتۇق. ئاستىمىزدا قار غۇچۇرلايتتى، قوللىر-مىز مۇزلاپ كەتكەنىدى. شۇنداق بولسىمۇ ھەممىمىز ئاستا-ئاستا شىپقاپ ئىلگىرىلەپ بىر تۆپىلىككە ئۇلاشتۇق-تە، چىپپىدە توختاپ قالدۇق. دۈشمەنلەرنىڭ بىرنەچچە مۇستەھ-كەم پوتەيدىن چىقىۋاتقان ئوق ئىلگىرىلىشىمىزنى توسۇپ قويدى. شۇ چاغدا پوتەيىنى پارتلىتىش بۇيرۇقى كېلىپ قالدى.

— يولداش كوماندىر، پوتەي پارتلىتىشقا مېنى ئەۋەتسىڭىز،— دېدى ئابلەكىمنىڭ دادىسى ۋەزىيەتنى كۆزدە-تىپ تۇرغان بىزنىڭ پەيىنىڭ باشلىقىغا.

— بولمايدۇ! سەن پىلىموتچى، پوتەي پارتلىتىش-قا ماڭغانلارنى مۇھاپىزەت قىلىشىڭ كېرەك،— دېدى پەيجاڭ ئۇنىڭغا.

— مەن باراي،— دېدىم مەن ئارقىدىنلا.

— سەن!... خوپ، قېنى بارغىن. ئۇ ئىپلاسلارنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇۋەت! قېنى سەن پىلىموتىڭنى توغرىلا،— دېدى كوماندىر ئابلەكىمنىڭ دادىسىغا قىسقا-قىسقا بۇيرۇق بېرىپ.

مەن تۆپىلىكنىڭ ئىككىنچى تەرىپىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، پوتەيگە قاراپ ئۆمىلەپ كەتتىم. ئابلەكىمنىڭ دا-

ئىسمۇ پىلىموتنى شىددەتلىك سايرىتىشقا باشلىدى. دۈشمەن پوتەيلىرىمۇ ئۆزلىرىگە دەھشەت سېلىۋاتقان بىزنىڭ پىلىموتچىغا جان-جەھلى بىلەن ئوق ياغدۇرۇشقا كىرىشتى. بىزنىڭ پىلىموتنىڭ مۇھاپىزىتىدە مەن پوتەيگە يېتىپ باردىم-دە، گەۋدەمنى كۆتۈرۈپ پوتەي تېمىغا يۆلەندىم. ئاندىن بېلىمدىكى قول بومبىسىنىڭ يىپىنى تارتىپ ئۈزۈپ پوتەينىڭ ئىچىگە تاشلىدىم. ئىككى قېتىم «گۈمبۈر-گۈمبۈر» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ دۈشمەن پوتېيىنىڭ ئۈنى ئۆچتى، لېكىن مەن شۇ چاغدا ئۆزۈمنىڭ بارغانسېرى ھالسىزلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىمنى سەزدىم. پۇتلىرىم يۇمشاپ كەتكەندەك پۈكۈلدى، ئۆزۈم پوتەي تېمىدىن سىيرىلىپ يەرگە يىقىلدىم...

مەن كۆزۈمنى ئاچقاندا، ئابلەكىمنىڭ دادىسى ماڭا قاراپ تۇرغانلىقىنى، شۇندىلا مېنىڭ ياردار بولۇپ گوسپىتالغا كەلتۈرۈلگەنلىكىمنى، سول قولۇم بىلەن سول پۇتۇمنىڭ قاتتىق ئاغرىۋاتقانلىقىنى، پۈتۈن بەدىنىمنىڭ داكا بىلەن چىڭ تېڭىۋېتىلگەنلىكىنى، ئوڭ بىلىكىمگە سانجىپ قويۇلغان ئاسما ئوكۇلدىن قان تامچىلاپ تومۇرۇمغا كىرىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.

— ھە كۆزۈڭنى ئاچتىڭما؟ — دېدى ئابلەكىمنىڭ دادىسى كۆلۈمسىرىگەن ھالدا، — چاتاق يوق. ئەمدى ياخشى بولۇپ كېتىسەن! ھەيرانىباغنى ئالدۇق... ئۇ ماڭا يەنە جىق گەپلەرنى قىلىپ بەرمەكچى بولۇۋىدى، بىراق شۇ ئاردا ئاق خالات كىيگەن ھەمشىرە قىز كىرىپ رەنجىپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com

— سىز بۇياقنى ئالدىنقى سەپتىن گوسپىتالغا ئەكەلگەندىن تارتىپ ئىككى سوتكا ھېچنەگە قوزغالماي يا تاماق يېمەي ئولتۇردىسىز، بۇ قانداق گەپ؟ سىزمۇ ئۆز سالامەتلىكىڭىزنى ئىنقىلاب ئۈچۈن ئاسرىشىڭىز كېرەك - تە. يا بىزنى ياردارلارغا ياخشى قارىيالمايدۇ دەپ ئويلامسىز؟ دوختۇر ئېيتتىغۇ ئۇلار ئارام ئېلىشى كېرەك!

— خاپا بولماڭ، مەن ئەمدى خاتىرجەم بولدۇم، ئۇ كۆزىنى ئاچتى. دېمەك خەتەر ئۆتۈپ كېتىپتۇ،— ئاندىن ئۇ بۇرۇلۇپ ماڭا قارىدى - دە مېنى خاتىرجەملەندۈرۈپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

ئاردىن خېلى ۋاقىتلار ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ مېنى يەنە يوقلاپ كەلدى. مەن ئۇ چاغدا خېلىلا ياخشى بولۇپ قالغانىدىم، ئەمما ئورنۇمدىن تۇرالمايتتىم. بىر پاي ئوق تاغىقىمغا تېگىپ گۆشىنى تىتىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بېقىنىمنىڭ بىرنەچچە يېرىنىمۇ ئوق سىزاپ كېتىپتۇ. «خۇدا ساقلىغان يەردە بالا يوق» دېگەندەك، كۆردۈڭمۇ، شۇنچە ئوق تېگىپمۇ جېنىمنى ئېلىپ كېتەلمەپتۇ، شۇ قېتىم ئۇ مېنىڭ قېشىمدا ناھايىتى ئۇزاق ئولتۇردى. ئارىلىقتا ھەمشىرە قىز كىرگەن بولسىمۇ، ماڭا دورا ئىچۈرۈپ چىقىپ كەتتى، ئەمما پارىڭىمىزنى بۆلمىدى.

— نۇرغۇن يېڭى ئىشلار بولۇپ ئۆتتى ئاداش،— دېدى ئۇ پارقىراپ تۇرغان قاپقارا ھەربىي ئۆتۈكىنىڭ تاپىنى بىلەن پولنى تاق - تاق تېپىپ قويۇپ،— ئۆز ھۆكۈمىتىمىزنىڭ پەرمانى بويىچە مۇنتىزىم ئارمىيىمىز

قۇرۇلدى، پاراتتىن ئۆتتۇق، ۋاھ، شۇ چاغدىلا ئۆزىمىزنىڭ
قانچىلىك قۇدرەتمىزنىڭ بارلىقىنى كۆردۈم جۇمۇ، پىيادە
قىسىم، ئاتلىق قىسىم، زەمبىرەكچى قىسىم... ۋاھ، ئۇلارنىڭ
«گۈپ - گۈپ» دەسسەپ يەر - جاھاننى تىترىتىپ ھەيۋەت
بىلەن ماڭغانلىقىنى بىر كۆرگەن بولساڭ خۇشاللىقىڭدىن
يۈرىكىڭ يېرىلىپ كەتمىسىمۇ ئۇنىڭ بىردىسى بولاتتى.
ساڭا ۋە ماڭا ئوخشاش جاپاكەشلەر مېداللىق، ئور-
دېنلىق بولۇپ كەتتى. كۆردۈڭمۇ، بۇنى كىم ئويلىغان،
مېنى تېخى كوماندىرلىققا تەيىنلىدى... بىلەمسەن مېنىڭ
كۆزۈم ئەمدى ئېچىلدى، بىز بۇرۇن بەكمۇ غەپلەتتە
قېلىپ، ئۆزىمىزنىڭ بىر پارچە يېرى، ھارۋىسى، ئوششاق-
چۈششەك تىرىكچىلىكى بىلەنلا بولۇپ كەتكەنىكەنمىز.
بىلىم ئېلىشقا، ئىلىم - مەرىپەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا ھېچ-
قانداق ئىمكانىيەت تاپالمىغانىكەنمىز. شۇمۇ بارغۇ،
گومىنداڭ رودۇپايلىرىنىڭ بىزنى تېخىمۇ ئېزىشى، شىل-
لىمىزگە مىنىۋېلىپ قانخورلۇق قىلىشى ئۈچۈن ئويلاپ
تاپقان جىنايەتلىك سىياسەتلىرىنىڭ كاساپىتىدىن بولغا-
نىكەن. شۇڭا ئاشۇنداق جاھالەتنىڭ قايتا تەكرارلانماس-
لىقى ئۈچۈن بىز قان كېچىپ كۈرەش قىلىۋاتىمىز. بىز
بالىلىرىمىزنىڭ، ئەۋلادلىرىمىزنىڭ بىلىم ئېلىشىدىن مەھ-
رۇم بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن قۇربانلار بېرىۋاتىمىز.
ئۇلار ئوقۇسۇن، بىلىم ئالسۇن، ئۇلغايسۇن، كامالەتكە يەت-
سۇن، ئاندىن ئۇلار بىلىملىك ئەقلى، ئۆتكۈر زېھنى،
مەردانىلىكى بىلەن بىزدىن ئۆتۈپ كەتسۇن. بىز قىلىشقا
ئۈلگۈرەلمىگەن ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارسۇن، ئاجايىپ

مۆجىزىلەرنى يارىتىپ دۇنياغا نامايان قىلسۇن، بىزنىڭمۇ دۇنيادىكى باشقا خەلقلەر بىلەن بىر قاتاردا ئىكەنلىكىمىزنى تونۇتسۇن!

ئابلەكىمنىڭ دادىسى بۇگەپلەرنى قىلىۋاتقاندا ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇياق ـ بۇياققا ماڭدى، سول قولىنى ئىككى يېنى كۆپۈپ تۇرىدىغان گەلەپى شىمىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ، ئوڭ قولىنى شىلتىپ خۇددى ئۆيدە يالغۇز مەنلا ئەمەس، بەلكى نۇرغۇن كىشىلەر باردەك، ئەتراپىدا ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاۋاتقان جەڭچىلەرگە يولىيورۇق بېرىۋاتقاندەك ھاياجان بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇ ھەربىر قېتىم قولىنى سىلكىگەندە گەۋدىسىمۇ تەڭ تەۋرىنەتتى، شۇ چاغدا سول كۆكرىكىگە قادالغان ئىككى كۈمۈش مېدال بىر ـ بىرىگە تېگىپ جىرىڭشىپ كېتەتتى...

ئۇنىڭ سۆزلىرى مېنىڭ كۆڭلۈمگە شۇنداق ئورناپ كەتتى، مەن ئۇنى ئۆمۈرۋايەت ئېسىمدىن چىقارمايمەن، بولۇپمۇ ئۇنىڭ مۇنۇ گەپلىرى مېنىڭ ئۈچۈن مۇقەددەس بۇيرۇقتەك ھېلىمۇ قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلاپ تۇرىدۇ.

— سەن نېمىلا بولمىسۇن ئۇرۇش دېگەننىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىسەن، — ئۇ بىر پەس ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن كارىۋىتىمغا كېلىپ ئولتۇردى، — بىز ئەتە ئاتلىنىمىز، ئالدىمىزدا بىزنى تېخىمۇ قاتتىق، تېخىمۇ شىددەتلىك جەڭلەر كۈتۈپ تۇرىدۇ. ئۇ جەڭلەردە قايسىمىز ئاخىرقى غەلىبىگىچە ھايات قالىمىز، قايسىمىز قايسى چۆل، قايسى دەشت، قايسى تاغدا ھاياتىمىزدىن ئايرىلىمىز... ئەگەر ماڭا قازا يېتىپ قالغۇدەك بولۇپ قالسا، — دېدى ئۇ ئاۋازىنى نا-

ھايىتى پەسەيتىپ خۇددى پىچىرلاۋاتقاندەك، — ئوغلۇم ئابلەكىگە مېنىڭ، سېنىڭ ھەم بىزنىڭ كەچۈرمىشلىرىمىزنى تولۇق سۆزلەپ بەر، بىزنىڭ ئۆز ئىقتىدارىمىزنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، ئىلىم - مەرىپەتكە ئېرىشىش، مەدەنىيىتىمىزنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن، پەقەت شۇنىڭ ئۈچۈنلا قۇربان بولغانلىقىمىزنى چۈشەندۈر! بۇ مېنىڭ ۋەسىيىتىم، شۇنداقلا مېنىڭ كوماندىر سۈپىتىمدە ساڭا بەرگەن بۇيرۇقۇم! ئۇقتۇڭمۇ؟ — يېنىك تىندى ئۇ، — ئۇققان بولساڭ ناھايىتى ياخشى. مانا مەن ئەمدى خاتىرجەم بولدۇم. كەل، ئەمدى بىز قانغۇچە قۇچاقلىشىۋېلىپ خوشلىشايلى، — ئۇ شۇنداق دەپ گېپىنى تۈگەتتى - دە، مەڭزىنى مەڭزىمگە يېقىپ مېنى چىڭ قۇچاقلىدى، مەنمۇ ئانچە - مۇنچە ھەرىكەتكە كەلتۈرگىلى بولۇپ قالغان ئوڭ قولۇم بىلەن ئۇنى ئۆزۈمگە چىڭ باستىم... ئۇ چوڭ-چوڭ دەسسەپ چىقىپ كېتىۋاتقاندا كۆزۈم ياشقا لىق تولغاندى. ئۇ چىقىپ كېتىشى بىلەن كۆزۈمنى يۇمۇۋىدىم ياش كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدىن تاراملاپ تۆكۈلۈشكە باشلىدى...

شۇ قېتىمقى خوشلىشىش راست دېگەندەك، بىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋىدالىشىشىمىز بولۇپ قالغانىكەن، كېيىن ئۇ سايرام كۆلى بويى، داخىيەنزى قاتارلىق جايلاردىكى قانلىق ئۇرۇشلاردا ئاجايىپ قەھرىمانلىقلارنى كۆرسىتىپ جىڭ ناھىيىسىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىدا قۇربان بوپتۇ...

بۈگۈنكى تۆت سائەتلىك دەرس شۇنچىلىك ئۇزاق تۇيۇلدىكى، دەرسنى تۈگەتمەيلا چىقىپ كېتىشكە تاسلا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

قالدىم. تۆتىنچى سائەتلىك دەرس باشلانغاندا دەپتەر-قەلەملىرىمنى سومكامغا سېلىپ، ئۇنى قولۇمدا تۇتۇپ تۇردۇم. شۇ كۈنى نېمە دەرس سۆزلەنگەنلىكى، قايسى مۇئەللىمنىڭ كىرگەنلىكىنىمۇ ئەسلىيەلمەيمەن. دەرستىن چۈشۈشكە قوڭغۇراق چېلىنىشى بىلەنلا ئۆزۈمنى ئىشىككە ئاتتىم...

دادامنىڭ سۆزلەپ بەرگەن ھېكايىسى مېنى قاتتىق تەسىرلەندۈرگەنىدى. شۇڭا مەن بۈگۈن بېرىپ ئابلەكنىڭ دادىسىنىڭ ئەينى چاغدىكى بۇيرۇقىنى يەتكۈزۈپ، ئۇنى مەكتەپكە كەلتۈرۈشكە قەتئىي نىيەت قىلغانىدىم.

مەن ئابلەكنىڭ ئۆيىگە كەلسەم ئاپىسى بىلەن ئىككىسى داستىخان سېلىنغان چاسا جوزىنىڭ ئىككى تەرىپىدە تاماققا ئولتۇرغانىكەن. مېنىڭ كەلگىنىمدىن ئابلەكنىڭ ئانچە خۇشال بولمىدى. ئاپىسى ئورنىدىن قارىماي بىر تەخسە لەڭمەن سېلىپ ئالدىمغا قويدى.

— سەن ھازىر دادام توغرىسىدا پاراڭ قىلىۋاتاتتىڭ، توختىتىۋالدىڭمۇ؟! — دېدى ئابلەكنىڭ چوكىنىڭ ئۇچىنى چىشلىگەن ھالدا ئاپىسىغا قاراپ.

— دادىڭ ھەققىدە كېيىن سۆزلەپ بېرەي، ئەمدى تاماق يەڭلار، — دېدى ئاپىسى.

بىز تاماقنى ئۈن-تىنسىز يېدۇق-تە، سىرتقا چىقىشقا تەمشەلگىنىمىزدە ئاپىسى تۇيۇقسىز بىزنىڭ قانداق ئوقۇۋاتقانلىقىمىزنى سوراپ قالدى.

— قانداق، مەكتەپتە ئوبدان ئوقۇۋاتامسىلەر؟

ئۇشتۇمتۇت سورالغان بۇ سوئالغا نېمە دەپ جا-

ۋاب بېردىشىمنى بىلمەي ئابلەكىگە قاردىم. ئابلەكى گەپ قىلماي شۇ ھامان بېشىنى تۆۋەن سالدى.

— ئۈن چىقارمايسىلەرغۇ، دەرسلەرنى قانداق ئوقۇۋاتىسىلەر دەپ سوراۋاتىمەن، — ئابلەكىنىڭ ئاپىسى ھەر ئىككىمىزگە نۆۋەت بىلەن كۆز تىكىپ قايسىمىزنىڭ نېمە دەپ جاۋاب بېرىدىغانلىقىمىزنى كۈتۈۋاتاتتى. شۇ چاغدا قورۇدا بىرنەچچە كىشىنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىش بىلەن تەڭ ئىشىك تاقىلدىدى. ئابلەكى تۇرۇپ ئىشىكنى ئېچىشنىڭ ئورنىغا بېشىنى تېخىمۇ ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇۋالدى. ئاڭغىچە ئاپىسى بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى.

كىرىپ كەلگەنلەر سىنىپ تەربىيىچىمىز مەريەم مۇئەللىم بىلەن سىنىپ باشلىقىمىز ئابباس ئىكەن. مۇئەللىم ئەھۋاللاشقاچ مېنى كۆرۈپ قالدى.

— ۋوي، سەنمۇ بۇ يەردە ئىكەنسەنغۇ، دەرستىن چۈشكەندە ئابلەكىنىڭ ئەھۋالىنى بىلەيلى، تېخىچە تۈزۈلۈپ كېتەلمىگەن بولسا يوقلاپ كېلەيلى دەپ سېنى ئىزدىۋىدۇق. سەن بالدۇر كېتىپ قاپسەن. سەنمۇ ساۋاقدىشىڭنى يوقلاپ كەپسەن-دە؟!

مەن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي جىم تۇردۇم.

— قانداق ئابلەكى، مىجەزىڭ يوق بولۇپ قالدىمۇ؟— ئەمدى سوئالنى ئابلەكىگە قويدى مۇئەللىم.

— قەيېرىڭ ئاغرىيدۇ؟— ئۇلاپلا سورىدى سىنىپ باشلىقىمىز ئابباس، سەۋەبى ئۇلار نېمە ئىش بولغانلىقىنى تېخى چۈشەنمىگەنىدى.

ئابلەكى ئىشىكنىڭ چاتاققا ئايلانغانلىقىنى سەزدى-دە،

www.uyghurkitap.com

بېشىنى تۆۋەن سالغان پېتى تىرنىقىنى تاتىلاپ ئولتۇردى. مۇئەللىم ھەممەيلەننىڭ جىمىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ بىرنەرسىنى بايقىغاندەك بولدى ـ دە، كۆزىنى ئابلەكىدىن يۆتكەپ ماڭا تىكتى. مېنىڭ شۇ ھامان يۈرىكىم «جىغ» قىلىپ، بەك ئوسال ئەھۋالدا قالدىم.

— قېنى سەن دېگىنە، ئابلەكى ئاغرىپ قالدى دەۋاتاتتىڭ، راست ئاغرىپ قالغانمىدى يا باشقا ئىش بولغاچقا سەن شۇنداق دەپ قويدۇڭمۇ؟ — مۇئەللىم ئىنتايىن سىلىق ھەم كۈلۈمسىرەپ سورىغان بولسىمۇ ئۈز ـ زۇمنى قاياقىا قويۇشۇمنى بىلمەيۋاتاتتىم.

— گەپ قىلمايسەنغۇ؟

— مۇئەللىم گەپ سورىغاندا ئوقۇغۇچى دېگەن دەرھال جاۋاب بېرىشى كېرەك. بۇنىڭ تېگىدە خېلى گەپ بار ئوخشايدۇ، نېمە بولسا قورقماي ئېيتىۋەرگىن، — دەپ قىستىدى ئابلەكىنىڭ ئاپىسى سۆز قىستۇرۇپ.

— ھەئە، يالغان ئېيتقانىدىم، — دېدىم مەن ئاران.

— ھە، ئابلەكى ئاغرىق ئەمەسكەن ـ دە؟!

— ئاغرىق ئەمەستى.

— شۇنچە كۈندىن بېرى ماڭا يالغان ئېيتىپ يۈ ـ رۈپسەن ـ دە؟

— ...

— يالغان ئېيتىپ ئالدامچىلىق قىلىش ياخشى ئىشمۇ؟

— ياق.

— ئەمىسە، نېمە ئۈچۈن ئابلەكىنىڭ ئەھۋالىنى ئەينەن ئېيتمىدىڭ؟

— ئاغىنەمنىڭ سىردىنى ئېيتسام چېقىمچى بولۇپ
قالامدىمىكىن دەپ ئېيتمىغان.

— بىر سەپدىشىمىز خاتا يولغا كىرىپ كېتىۋاتسا
ئۇنى توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن دېيىلگەن گەپلەر
چېقىمچىلىق بولامدىكەن؟!

— ...

مەن مۇئەللىمىنىڭ سوئال ـ سوراقىدىن تەرلەپ ـ
پىشىپ، قىزىرىپ كېتىۋاتقاندا ئىشىك يەنە تاقىلدىدى ـ
دە، كۈتمىگەن يەردىن دادام كىرىپ كەلدى...

— قىزىم، سىزنىڭ كېلىپ قالغىنىڭىز، ھەممىمىز ـ
نىڭ جەم بولۇپ قالغىنى ناھايىتى ياخشى ئىش بول ـ
دى، — دېدى دادام ئابلەكىمنىڭ ئىشلىرىنى ھەم مېنىڭ
قىلغان قىلىقلىرىمنى تولۇق ئاڭلاپ چىققاندىن كېيىن، —
مەن بۈگۈن ئابلەكىمگە دادىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى يەتكۈزۈپ
قوياي دەپ كېلىۋىدىم، ئەمدى تېخىمۇ ياخشى بولدى.
ئۇنى ھەممىڭلارغا سۆزلەپ بېرەي. ھەممەيلەن جىم
بولۇپ دادامنىڭ ئاغزىغا قارىدۇق...

دادامنىڭ سۆزى ھەممىمىزگە قاتتىق تەسىر قىلدى،
ھەتتا تەسىرلەنگىنىمىزدىن يىغلىشىپ كەتتۇق.

— ئابلەكىمنىڭ مەكتەپكە بارماي يۈرگەنلىكىنى ئاپى ـ
سى ئۇقمايدىكەن، مەنمۇ تېخى تۈنۈگۈنلا مۇنۇنىڭدىن ئاڭ ـ
لىدىم، — مېنى كۆرسەتتى دادام، — مېنىڭچە، ئۇ بۇ ئىش ـ
لارنى ئۇقۇشماستىن قىلىپ قويغان، ئەگەر ئۇ ئوقۇشنى
يېرىم يولدا توختىتىپ قويسا، مەنمۇ ئۇنىڭ مەرھۇم

دادىسىنىڭ ئالدىدا يۈز كېلەلمەيمەن، ئۇنىڭ مۇقەددەس بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلالمىغان بولىمەن. كوماندىرنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلماسلىق، بىر جەڭچى ئۈچۈن ئېيتقاندا بىلەمسىلەر؟ — ھەممىمىزدىن سورىدى دادام، ئاندىن يەنە ئۆزى جاۋاب بەردى، — جىنايەت!

شۇ چاغدا مەنمۇ غەيرەتلىنىپ سۆز قىستۇرغۇم كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن بۈگۈن ئابلەكى بىلەن قەتئىي سۆزلەشمەكچى بولۇپ كەلگەنىدىم. شۇڭا مەن مۇئەللىمگە قاراپ ئېيتتىم.

— مۇئەللىم، ئابلەكىنىڭ مەكتەپكە بارماي يۈرگەندىلىكىدە مېنىڭمۇ ئەيىبىم بار. ئەگەر ئۇ مەكتەپكە بارسا ھېساب دەرسىدىن ئەمەس باشقا دەرسلەردە يېتىشىۋېلىشقا ياردەم بېرىشنى مەن ئۈستۈمگە ئالىمەن. ئۇ مەكتەپكە بارمىسا ئۇنى ئويلاپ مېنىڭمۇ مېڭەمگە دەرس كىرمەيدىكەن.

— بىزمۇ ياردەم ئۇيۇشتۇرىمىز، سەن ئۇ تەرەپتىن ئەندىشە قىلما ئابلەكى، — دېدى سىنىپ باشلىقىمىز ئابباس.

— مانا كۆردۈڭمۇ، سېنىڭ ساۋاقداشلىرىڭ نېمە دېگەن ياخشى، سەن خىيالىڭنى ئېنىق ئېيت، مەكتەپكە بارماي نېمە قىلماقچىدىڭ، — سورىدى مۇئەللىم.

— ئىشچى بولاي دېگەنىدىم، — جاۋاب بەردى ئابلەكى.

— زامانغا لايىق ئىشچى بولۇش ئۈچۈنمۇ زامانىۋى بىلىملەرنى ئىگىلەش كېرەك، بىلەمسەن؟

— ...

— خوش، ئەمدى قانداق قىلماقچىسەن؟

ئابلەكى بىردەم ئۈنچىقماي ئولتۇردى. بۇرنىنى تارتتى، ئاندىن مۇئەللىمگە، ئاپىسىغا، دادامغا ھەم بىزگە يەر ئاستىدىن قاراپ چىقتى ـ دە:

— مەكتەپكە بېرىپ، دادامنىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇندايمەن! — دېدى.

— بارىكاللا، مانا قالتىس گەپ قىلدىڭ، ئاتاڭنىڭ ئوغلىدەك گەپ قىلدىڭ، — دېدى دادام ئۇنىڭ يەلكىسىگە ئۇرۇپ.

ئۇنىڭ گېپىدىن بىزمۇ بەك خۇشال بولدۇق، مەنمۇ خۇددى يەلكەمدىن ئېغىر بىر يۈكنى تاشلىۋەتكەندەك يېنىكلىككە چىقىپ قالدىم.

شۇ چاغدا سىنىپ باشلىقىمىز ئابباس تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك بىر گەپ قىلدى:

— مۇئەللىم، مەن ئابلەكىنىڭ مەرھۇم دادىسىنىڭ ۋەسىيىتى ھەم بۇيرۇقىدىن چوڭقۇر تەربىيە ئالدىم. ئۇنى پۈتكۈل سىنىپىمىزدىكى بالىلارغا يەتكۈزسەك دەيمەن. سىزچە قانداق؟

— توغرا! — دەپ دەرھال جاۋاب بەردى مۇئەللىم، — سىنىپىمىزدىكى بالىلارغىلا ئەمەس، پۈتكۈل مەكتىپىمىزگە، پۈتكۈل شەھىرىمىزگە، پۈتكۈل ئەۋلادلىرىمىزغا يەتكۈزۈشىمىز كېرەك!

ئابلەكى شۇ چاغدا بېشىنى كۆتۈرۈپ مۇئەللىمگە قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇشاللىقتىن چاقناپ كەتكەنىدى.

1988 ـ يىل 6 ـ ئاي، ئۈرۈمچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ياسىن ئىسمايىل

# شېئىرلار

## تايچىقىم

ماڭا زەپمۇ ياقسەن
چىلانتورۇق تايچىقىم.
كۆرسەم سېنى ھەر دائىم
تاشار دىلدا شادلىقىم.

قىلىقلىرىڭ بەك تاتلىق،
ھەر دەم كۆڭلۈم ئاچىسەن.
سىلاپ قويسام بېشىڭنى
سەكرەپ ـ سەكرەپ قاچىسەن.

چۆپ سېپ بەرسەم سەھەردە
يەيسەن ئۇنى زوقلىنىپ.
قۇۋۋەت يىغىپ ئۇندىن
ئويناقلايسەن روھلىنىپ.

تېز چوڭ بولغىن تايچىقىم،
تولۇپ قۇۋۋەت ـ مادارغا.

ئىككىمىز تەڭ چوڭ بولۇپ،
قوشۇلايلى قاتارغا.

### قىزىل گالستۇك

يەلپۈنىسەن بويىنۇمدا
قىزىل نۇرلۇق گالستۇك.
ھەردەم ئالغا ئۈندەيسەن
ئىلھام بېرىپ گالستۇك.

سېنى تاقاپ دىلىمدا
تاشتى شادلىق، گالستۇك.
غۇنچە پەسلىم سەن بىلەن
ئۆتەر تاتلىق، گالستۇك.

ھەۋەس قوشتۇڭ ھەۋەسىنگە
گۈلدەك گويا گالستۇك.
ساڭا سۆيگۈ - ھۆرمىتىم
دىلدا دەريا، گالستۇك.

كۆلدۈردۈڭسەن دىلدىكى
ئارمىنىمنى، گالستۇك.
ئەل - ۋەتەنگە ئاتايمەن
بارلىقىمنى، گالستۇك.

www.uyghurkitap.com

ئالغا ئۆندە يەنىمۇ
مېنى نۇرلۇق گالستۇك.
شەرىپىڭنى ئاقلايمەن
جەڭدە تولۇق، گالستۇك.

### قېرىنداش ۋە ئۆچۈرگۈچ

بىر كۈنىسى سۆز قىلدى
ئۆچۈرگۈچكە قېرىنداش.
«نۇقسان تېپىپ تۈرىسەن
ئىشلىرىمدىن، ئەي ئاداش.

گاھى قىلغان ئىشىمنى
كۆزۈك يوقتۇر كۆرۈشكە.
تاقىتىممۇ قالمىدى
سېنىڭ بىلەن يۈرۈشكە...»

دېدى شۇ چاغ ئۆچۈرگۈچ:
«توغرا چۈشەن ئىشىمنى،
ئاسرىمىسام بولامدۇ،
سەندەك يېقىن كىشىمنى؟!

مېنىڭ ئىشىم — سەن قىلغان
كەمچىلىكنى كۆرسىتىش.
سېنى ئاسراپ ھەر دائىم -
خاتالىقنى تۈگىتىش.

مېڭىۋەرسەڭ بايقىماي،
قەدىمىڭنى - يولۇڭنى؛
يوقاتىماسەن ئاخىرى
نەتىجەڭنى - رولۇڭنى.

دوست ئېيتىدۇ ئاغرىتىپ،
دۈشمەن ئېيتار كۈلدۈرۈپ.
بۇ ھېكمەتنىڭ قەدرىگە،
يەتكەن ياخشى چۈشىنىپ.»

ئۆچۈرگۈچنىڭ سۆزىگە
قايىل بولدى قېرىنداش.
شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى
بولدى قايتا جان ئاداش.



ئۇيغۇر كىتاب تورىدىكى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

ئابدۇللا ياقۇپ

## شېئىرلار

### مېنىڭ دادام

ئەمەت بىلەن بىر كۈنى
چاقچاقلاشتىم، نوقۇشتۇم.
ئاخىرىدا سەتلىشىپ،
خوراز كەبى سوقۇشتۇم.
بولغاچ ئاچچىق سۆزلىرىم،
تاتىلاندى يۈزلىرىم.
ئۆيگە كەلدىم كەچقۇرۇن،
ئىششىپ قاپاق، كۆزلىرىم.
دادام كۆرۈپ ھالىمنى
غەزەپلەندى تاتىرىپ.
قاراپ ئاڭا چىرايىم،
كەتتى شۇئان ئاقىرىپ.
دېدى: «ئەجەب ئۆلۈكسەن،
بولالماپسەن چاققانمۇ.
تازا ئويلان، مەن سېنى،
كېپەك بېرىپ باققانمۇ؟
ئۇسسۇۋەتسەڭ بولمامدۇ

تۇمشۇقىغا باش بىلەن.
مەيدىسگە ئۇرماپسەن
يوغان چالما، تاش بىلەن.
ئۆزۈڭ كىمنىڭ بالىسى،
بىلەلمەپسەن پۇشتۇڭنى.
نېچۈن ئىشقا سالمىدىڭ
ئاشۇ بىر جۈپ مۇشتۇڭنى.
بوزەك بولساڭ كىشىگە،
سېنى قانداق بالام دەي.
بولغىن باتۇر، نۇر چىراغ،
شۇندا گەپنى تامام دەي!
ئويلاپ قالدىم دادامنىڭ
ئاڭلاپ ئاشۇ سۆزىنى.
كۆرسىتەمدۇ نوچىلىق
ئۇرۇشقاندا ئۆزىنى.
سىزمۇ ئويلاڭ، دادامنىڭ،
سۆزى يامان، ياخشىمۇ؟
ئۇرۇشقانلار بەك نوچى،
ئۇرۇشمىغان بوشاڭمۇ؟

## ماي كېلىپ

تاڭ قۇياشى ئۇپۇقتا
پارلاپ كەتتى ماي كېلىپ.
ئەلدە ئالقىش، تەنتەنە،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

قايناپ كەتتى ماي كېلىپ.
تولۇپ دىلغا خۇشاللىق،
يايراپ كەتتى ماي كېلىپ.
كۈيچى قۇشلار باغلاردا
سايراپ كەتتى ماي كېلىپ.
چېچەك گۈللەر خۇش پۇراق،
ياشناپ كەتتى ماي كېلىپ.
ئانا ۋەتەن جامالى
چاقناپ كەتتى ماي كېلىپ.
بېشىمىزغا زەر چاچقۇ
تاشلاپ كەتتى ماي كېلىپ،
بىزنى بايرام ئەۋجىگە
باشلاپ كەتتى ماي كېلىپ.

مۇختەر مەخسۇت

# شېئىرلار

## بۇلاق

زوقۇم تاشتى بۇلدۇقلاپ
ئاققان سۈزۈك بۇلاققا.
ئوخشاركەن شوخ ئېقىشى
گۈزەل ناخشا ـ قوشاققا.

توختىماي ئۇ قىشۇ ياز
ئاقىدىكەن ئەبەدكە.
سۈزۈكلۈكى گوياكى
ئوخشايدىكەن زۇمرەتكە.

ئىچتىم ئۇنى ئوچۇملاپ،
يايراپ كەتتى يۈرىكىم.
ئاشتى قايتا ھەسسىلەپ
تەشنالىقىم تىلىكىم.

نىمە ئۈچۈن قانمايدۇ
دىلىم بۇلاق سۈيىگە؟

چۈنكى ئۇنى ئوخشاتتىم
ئەلىم ـ پەننىڭ ئۈزدىگە.

قوشماق ئاداش بولدۇق بىز

ئېرىشتۇق بىر ئۇچكىدىن
قوشماق ئىككى مېغىزغا.
پەرھاد بىلەن ئىككىمىز
بىردىن سالدۇق ئېغىزغا.

قوشماق ئاداش بولدۇق بىز
قوشۇلسۇن دەپ قەلبىمىز.
بەسلەشىشكە ئوقۇشتا
پۈتتۇلدى چىلىڭ ۋەدىمىز.

قوشماق ئاداش بولدۇق بىز
قەلبىمىزمۇ قوش دائىم.
ياپراپ بەخت قويىنىدا،
ياشايمىز شاد ـ خۇش دائىم.

قوشماق ئاداش بولدۇق بىز
قەلبىمىزمۇ قوش دائىم.
ياخشى ئوقۇپ ۋاقىتنى
ئۆتكۈزمەيمىز بوش دائىم.



ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

قوشماق ئاداش بولدۇق بىز
قەلبىمىزمۇ قوش دائىم.
تىك چوققىغا ئۆرلەيمىز،
بولۇپ لاچىن قوش دائىم.

قوشماق ئاداش بولدۇق بىز
ياشايمىز قوش مېغىزدەك.
ئىلىم ـ پەنگە ئىشقىمىز
تاشقىنلايدۇ دېڭىزدەك.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

ئەنەيتۇللا قۇربان

# نەسىرلەر

## تامچە تەسىراتى

سىز گۈزەل گۈللەر بىلەن ئورالغان كۆل بويىغا بارغانمىدىڭىز؟ ئۆركەشلەپ ئاققان دەريا ساھىللىرىدا سەيلىدە بولغانمىدىڭىز؟ ئەگەر سىز ئۇ جايلارغا بارغان بولسىڭىز، زۇمرەتتەك سۈزۈك سۇلارنىڭ تىنىق ھەم چوڭقۇرلۇقى، قۇياش نۇرىدا كۈمۈش گۈللەردەك پورەكلىگەن دولقۇنلارنىڭ يېقىملىق شاۋقۇنى ئېسىڭىزدىدۇ. ئاشۇ كۆركۈللۈك چاغلار سەبى قەلبىڭىزدىن مەڭگۈلۈك ئورۇن ئالغاندۇ...

سىز ھەر قېتىم ئاشۇ ئۇنتۇلغۇسىز مىنۇتلارنى ئەسلىگىنىڭىزدە — كۆل بويىدىكى چىمەنلىكتە ئولتۇرۇپ كىتاب كۆرگىنىڭىزنى ياكى دەريانىڭ ھەربىر چايقىلىپ قىرغاقنى سۆيۈشىنى تاماشا قىلغىنىڭىزنى ئويلىغىنىڭىزدا ئاشۇ كۆل سۈيىنىڭ، ئەنە شۇ دەريا دولقۇنلىرىنىڭ تىنىمسىز تېمىپ تۇرىدىغان تامچە سۇدىن ھاسىل بولىدىغانلىقىنى ئويلىغانمىدىڭىز؟! مەن ھەرقېتىم كۆل سۈيىنىڭ ئەينەكتەك كۆرۈنۈشىگە قارىغىنىمدا، دەريا سۈيىنىڭ ئۆركەشلەپ ئاققىنىنى كۆرگىنىمدە ئەنە شۇ تامچە سۇنى ئويلايمەن. ئۇنىڭ قارلىق تاغلاردىن

سىرغىپ چۈشۈشىنى، مۇزلاردىن تامچىلىشىنى، جىرا ياساپ ئۇزاق - ئۇزاقلارغا ئېقىشىنى خىيالىمغا كەلتۈرىمەن. ئېيتىڭا، شىرىلداپ ئاققان ئېرىق، شاۋقۇن سالغان دولقۇنلۇق دەريا ھەم يېقىملىق تەۋرەنگەن كۆل سۈيىدە ئەنە شۇ تامغان تامچىلارنىڭ تۆھپىسى يوق، دەپ كىممۇ ئېيتالايدۇ...

شۇنداق، بىر تامچە سۇ گەرچە كىچىك بولسىمۇ، ساناقسىز تامچىلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن كۆللەر ھاسىل بولىدۇ، دەريالار دولقۇن ياساپ ئاقىدۇ. ئەنە شۇ بىر تامچە سۇنىڭ ئۈزلۈكسىز تېمىشى بىلەن ئانا يەر كۆكىرىپ گۈللەر ئېچىلىدۇ. ئېخ، ئاشۇ بىر تامچە سۇنىڭ قۇدرىتى نەقەدەر زور - ھە!

ئوقۇتقۇچىمىز بىر چاغدا: «بىلىم ئىگىلەش — تامچە سۇدا دەريا ھاسىل بولغانغا ئوخشاش ئىش. تاما - تاما كۆل بولار، دېگەندەك، بىلىمىمۇ ئۈزلۈكسىز ئۆگەنگەندە كامالەتكە يەتكىلى بولىدۇ» دېگەنىدى. مەن ئۇ سۆزنىڭ ئەھمىيىتىنى ئەمدىلا چۈشەنگەندەك بولۇۋاتىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھەرقېتىم كىتابىنى ئاچسام ياكى دەپتىرىمگە خەت يازماقچى بولسام، ئەنە شۇ تامچە سۇنىڭ خىسلىتى ماڭا ئىلھام بېرىدۇ. ئۇ مېنى داۋاملىق زېرىكمەي ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلىپ تۇرغاندەك تۇيۇلىدۇ. مەن شۇ چاغدا ھەربىر دەپتىرىمنىڭ بىرىنچى بېتىگە مۇنۇ سۆزنى يېزىپ قويغۇم كېلىدۇ:

تىنىمسىز تېمىپ تۇرىدىغان تامچە سۇدىن دەريالار

ھاسىل بولىدۇ. بىز ئۆگىنىۋاتقان بىلىممۇ ئەنە شۇنىڭغا ئوخشايدۇ.

## گۈزەل قەلبلەر

دۇنيادا گۈزەللىكنى سۆيمەيدىغان، گۈزەللىككە ئىنتىلمەيدىغان كىشى بارمىدۇ؟ مەن ھەر قەلب تەشنالىقىدىن گۈزەل ھاياتقا بولغان تەلپۈنۈشنى سېزىمەن؛ ھەر يۈرەك تۈيغۇسىدىن ئۇنىڭغا بولغان چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببەتنى، ئۇنى يارىتىش، ئىجاد قىلىش ئىستىكىنى ھېس قىلىمەن. شۇنداق، گۈزەللىك — ھاياتىمىزنىڭ رەڭدار كۆرۈنۈشى، گۈزەللىك — تۇرمۇشىمىزنىڭ جەزبىدار مەزمۇنى. ئۇ ئەمگەكچىلەرنىڭ تىنىمسىز ئەمگىكىدە يارىلىدۇ، ئىپادىلىنىدۇ؛ ئۇ گۈزەللىككە ھېرىسمەن كۆزلىرىدە مەڭگۈلۈك رەڭدار سۈرەتتەك جۇلالىنىدۇ، ئۇ ھەربىر يۈرەكتە گۈللەردەك پۈرەكلەيدۇ، دېڭىزدەك دولقۇنلايدۇ. بۇلاقتەك يېقىملىق ئاۋازى، چىرايلىق مەنزىرىسى بىلەن بۇلدۇقلايدۇ؛ ئۇ چەكسىز تەبىئەت قوينىدا، مىليونلار ھاياتىدا مەڭگۈلۈك ناخشا بولۇپ ياڭرايدۇ.

قاراڭ! ئەنە ئاۋۇ يەردە بىر بوۋاي بىر ئوقۇغۇچىدىن قەيەرنىدۇ سوراۋاتىدۇ. بالا بوۋايغا ئىللىق بېقىپ، قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ سالام بەردى. ئۇ بوۋايغا مۇلايىملىق بىلەن بىر يەرنى كۆرسەتتى. ئۇ بوۋاينىڭ خۇرجۇنىنى كۆتۈرۈشۈپ ئاپتوبۇس بېكىتىگە قاراپ ماڭدى.

كۆرۈۋاتامسىز، ئۇلارنىڭ كەينىدە يەنە بىر بالا بىر موماينى يۆلەپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇلار بۇ مويسىپىتلارنى ئاپتوبۇسقا چىقىرىپ قويۇپ خوشلاشتى. گويا ئۆزلىرىنىڭ بوۋىسىنى، مومىسىنى ئۇزىتىپ قويۇۋاتقاندەك، چېھرىسىدىن كۆلكە ياغدۇرۇپ قوللىرىنى پۇلاڭلاتتى. شۇ چاغدا ئۇلار گۈزەل چىراي، رەڭدار كىيىمىشى، ئاجايىپ ياسىنىشى بىلەن ئەمەس، بەلكى گۈزەللىك ياراتقۇچى پەزىلىتى بىلەن كىشىلەر قەلبىدە سۆيۈنۈش تۇيغۇسىنى ئويغاتتى.

قاراڭ! ئەنە ئاۋۇ يەردە بىر بالا بالداق تاياققا تايىنىپ مەكتەپكە كېتىۋاتىدۇ. ئاھ، قايسى تەقدىر ئۇنىڭ بىر پۇتىنى ناكا قىلدىكىن؟ تەبىئەت ئۇنى شۇ هالغا قويسىمۇ، لېكىن بىز ياشاۋاتقان ئىللىق هايات ئۇنىڭ قەلب جاراهىتىنى ساقايتتى. قاراڭ، بىر بالا ئۇنىڭ يەنە بىر قولتۇقىدىن يۆلىگەن، ئۇلار بىر - بىرىگە يانداشىپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ يۈرىكىدە شادلىق، ئۇلارنىڭ چېھرىسىدە كۆلكە جىلۋىلىدى. ئۇلار قاچاندىن شۇنداق دوستلاشتىكىن، ئۇلار قاچاندىن شۇنداق هەمكارلاشتىكىن؟

ئەنە قاراڭ! ئوقۇتقۇچىغا سالام بېرىپ، هۆرمەت بىلەن قولىنى ئېگىز كۆتۈرگەن ئوقۇغۇچى ئۇنىڭ ئۈستىلىگە بىر تىزىق يېپيېڭى پۇلنى قويۇپ كەينىگە ياندى. ئەنە قاراڭ، ساقچى تاغىلارنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ خوشلاشقان ئوقۇغۇچى ئۇلارغا بىر دانە سومكىنى تاپشۇردى. ئەنە ئۇ يەرگە يەنە بىر دانە قول سائىتى قويۇلدى. پۇل قاپچۇقى تاپشۇرۇلدى. ئۇلار بۇ

نەرسىلەرنى كۆرگەندە، ئاشۇلارنى تېپىۋالغاندا يېڭى كىيىم ئېلىشنى، مېۋە ئېلىپ يېيىشنى ئويلىمىغانمىدۇ؟! ئۇلار ئۇنداق قىلىشنى نومۇس بىلدى. ئۇلار كىشىلەرنىڭ يوقاتقان نەرسىلىرىنى تاپشۇرۇۋالغان چاغدىكى شادلىقىنى ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي ھوزۇرىدىن مىڭ ھەسسە ئەتىۋار بىلدى.

قاراڭ، ئەنە قاراڭ، ئۇلار يامغۇردا قالغان كىچىك دوستلارنى يامغۇردىن دالدىلاپ ئۆيلىرىگە ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ. ئەنە ئۇلار يوللارنى تازىلاپ، مۇھىتنى گۈزەللەشتۈرۈۋاتىدۇ. ئۇلار، ئېخ ئۇلار! بىر چاغلاردا ئۇلار قارانچۇقسىز قالغانلارنىڭ سۈيىنى توشۇپ بەرگەن. ئوتۇنىنى يېرىپ، كىر-قاتلىرىنى يۇيۇپ بەرگەن. بىر چاغلاردا ئۇلار ئاتا-ئانىسى خەجلەشكە بەرگەن پۇللىرىنى يىغىپ، ئىقتىسادى ناچار ساۋاقداشلىرىغا دەپتەر، قەلەم ئېلىپ بەرگەن. بىر چاغلاردا ئۇلار سۇغا چۈشۈپ، قېرىنداشلىرىنى پىداكارلىق بىلەن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان. ئۇلار ھېلىمۇ شۇنداق قىلىۋاتىدۇ. شۇنداق قىلىدۇ. چۈنكى بۇ ئۇلارنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالغان گۈزەل ئەخلاق، ئېسىل پەزىلەت.

ھەر قەلب ئىگىسى ئۇلارغا ئاپىرىن ئوقۇيدۇ. ئۇلاردىن سۆيۈنىدۇ. ئۇلار بۇلارنىڭ كۆلدەك چىرايى، رەڭدار ھەم رەتلىك كىيىنىشىدىنلا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ گۈزەل ئەخلاقى، ئېسىل پەزىلىتىدىن سۆيۈنىدۇ. دەۋرىمىز ئۇلاردىن مەڭگۈ ئەنە شۇنداق گۈزەللىك ناخشىسىنى — گۈزەل قەلبلەردىن بالقىيدىغان ئەنە شۇنداق ناخشىنى ئاڭلاشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئېخ، گۈزەللىك، گۈزەللىك...

ئادىل ئابدۇراخمان

# ناچار ئادەت

(ئىلمىي ھېكايە)

مەن يېتىپ كىتاب ئوقۇشقا خۇشتار بولغانسېرى، ئاكام قېرىنشقاندەك: يېتىپ كىتاب ئوقۇش ئۇنداق يامان ئادەت، مۇنداق ناچار ئادەت دەپ كۆزۈمگە كىرىۋالىدىغان بولدى، تېخى ئۇنى ئازدەپ دادامغىمۇ چېقىشتۇرۇپ ئۈلگۈرۈپتۇ.

مەن ئاچچىقىمدا قولۇمدىكى كىتابنى ئۈستەل ئۈستىگە پاققىدە تاشلىدىم ـ دە، قولۇمنى سوزۇپلا كارىۋاتنىڭ باش تەرىپىدىكى كىتاب جاۋىنىنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان رادىئونى ئاچتىم.

— ھەي، ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن ئاڭلىتىش پروگراممىسى باشلىنىپتىغۇ، — رادىئودىن چىقىۋاتقان شوخ باشلىنىش مۇزىكىسى مېنى شۇئان ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى. مەن رادىئودىن بېرىلىدىغان ھېكايە ـ چۆچەكلەرنى قەۋەتلا ياقتۇرۇپ ئاڭلايتتىم. قېنى بۈگۈن يەنە قانداق يېڭى ھېكايە ـ چۆچەكلەرنى ئاڭلىتاركىن؟ مەن رادىئونىڭ ئاۋازىنى تېخىمۇ يۇقىرىلىتىپ قويۇپ، ئوڭدامغا ياتتىم. بۈگۈن ئاڭلىتىدىغىنى ھېكايە ئەمەس، پەننىي ساۋاتلار ئىكەن. بوپتۇ، قېنى ئاڭلاپ باقاي، قانداق يېڭى ساۋاتلاركىن؟

دىكتور تاغا بىرنەچچە پەننىي ساۋاتلارنى ئوقۇپ بولۇپ، ئاخىرىدا قېرىنشقاندەك يېتىپ كىتاب ئوقۇشنىڭ زىيانلىرىنى سۆزلەشكە باشلىدى. مەن ياستۇقتىن سەل

كۆتۈرۈلۈپ، ئىشىككە ئوغرىلىقچە قاراپ قويۇپ ئاڭلاشقا باشلىدىم.

«... بەزى كىچىك دوستلار يېتىپ كىتاب ئوقۇشقا تولىمۇ خۇشتار، بۇ بەك ناچار ئادەت...» ۋاي، بۇ سۆزلەۋاتقان ئاكام ئەمەستۇ ـ ھە!؟ شۇئان قۇلاقلىرىمغىچە ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتتىم.

«... چۈنكى يېتىپ كىتاب كۆرگەندە، مېڭىمىكى قان ئايلىنىش مىقدارى ئېشىپ، يۈرەك سوقۇش ئاجىزلاپ، بەدەندىكى قان ئايلىنىش ئاستىلايدۇ. ۋاقىت ئۇزىراپ كەتسىلا باش قايىدۇ، ئوڭاي چارچايدۇ، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىمۇ تەسىرگە ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كۆزدىكى قان تومۇرلارغا ئاسانلا قان تولۇپ قېلىپ، ۋاقىت ئۇزارغانسېرى كۆز چىڭقىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىتاب بىلەن كۆزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇئەييەن ئارىلىقنى ساقلاپ قالغىلى بولمايدۇ. بۇ ئارىلىق بىردەم يېقىن، بىردەم يىراق بولۇپ تۇرىدۇ ـ دە، يورۇقلۇق تولۇق يېتىشمەي كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىگە تەسىر يېتىدۇ، جۈملىدىن پۈتۈن بەدەننى چارچىتىپ قويىدۇ...»

مەن كىتاب ئوقۇشتىكى ئىلمىيلىككە دىققەت قىلماي، ئاكامنىڭ توغرا نەسىھەتلىرىگە قوپاللىق قىلغانلىقىمغا تولىمۇ پۇشايمان قىلدىم.

«رەھمەت دېكتور تاغا، مەن بۇ ناچار ئادەتنى تۈزىتىمەن» دەپ ياتقان ئورنۇمدىن دەس تۇردۇم ـ دە، رادىئونى ئۆچۈرۈپ، ئىشىك تەرەپكە يۈرۈلدۈم. قارىسام، بوسۇغىدا ئاكام ماڭا قاراپ، مۇلايىملىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپتۇ.

پەرھات ئىلياس

# نەسىرلەر

## قولۇمنى قويۇۋەتسەڭچۇ، جېنىم دادا!

بىلمەن، سەن ماڭا ئىشەنمەيۋاتىسەن، مېنى تېخى كىچىك، تاغقا يامىشىشنى بىلمەيدۇ دەپ ئويلايدىغانسەن. ياق، دادا، مەن چوقۇم تاغقا چىقالايمەن. تېخى تۈنۈگۈنلا ئاغىنىلىرىم بىلەن ئاشۇ چوققىغا چىقىشتا بەسلىشىپ بىرىنچى بولدۇم. سەن ماڭا ئىشەنمەيۋاتىسەن. تېخى ئاخشام ئۇخلاۋېتىپمۇ چۈشۈمدە ئاشۇ چوققىغا چىقتىم. قوللىرىمنى سوزۇپ، بۇلۇتلار ئىچىگە كىرىپ كېتىپ بارغان ئاينى تۇتۇۋالدىم. ئاي ئاچچىقلىنىپ، جىلغىدىكى بۇلاقنىڭ ئىچىگە مۆكۈۋالدى.

دادا، سەن، ئۇ چوققىنىڭ ئۈستى قىڭراق بېسىدەك تۇرسا ئادەم قانداق تۇرالايدۇ، دەپ ئويلامسەن؟ يىراقتىن ئۇنداق كۆرۈنگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. بەك چوڭ چوققىغا چىقىپ، بىز تۇرۇۋاتقان مۇنۇ قورام تاشقا قارىساڭ، ئۇمۇ بەش تاشنىڭ بىر تېلىچىلىكلا كۆرۈنىدىغۇ.

قولۇمنى قويۇۋەتكىنە، دادا، مەن ئۇ يەرگە چىقىپ تاغلارغا ناخشا ئېيتىپ بېرەي، ساڭىمۇ، ئاپام-

ھەممۇ ناخشا ئېيتىپ بېرەي.
چېنىم دادا، ئۆتۈنۈپ قالاي، قولۇمنى قويۇۋەت!

## ئويغىنىش

«قىش بوۋاي كەپتۇ!»

بىز ئۆي ـ ئۆيلەردىن قىش بوۋاينى كۆرگىلى چىقتۇق. قىش بوۋاي ئاق تۆپە، ئاق پەرجە، ئاق مەسە كىيىۋالغان بولۇپ، مەيدىسىگىچە يېيىلىپ تۇرغان ساقاللىرىمۇ، يۈزلىرىمۇ ئاق ئىدى. بىز خۇشاللىقىمىزدىن قوزىلاردەك سەكرىشىپ، شوخ قۇشقاچلاردەك چۇرۇقلىشىپ قىش بوۋاينى ئورىۋالدۇق. ئۇنىڭ خاسىيەتلىك ئالقانلىرىدا سۆيۈپ، مەھەللىلەر، باغلار، ھويلىلارنىڭ ھەممىسىنى ئايلاندۇرۇپ چىقتۇق. بىز بېسىپلا ئۆتكەن يەرئاپئاق قار ـــ سەبى پاكلىق بىلەن كۆمۈلۈپ قالاتتى.

بىزنىڭ توپىمىز يېڭى قوشۇلغان بوغۇنلار بىلەن تېخىمۇ ئۇلغىيىپ بېرىۋاتاتتى. بىز بار ئاۋازىمىز بىلەن:

قىش بوۋاي كەلدى،
كۆرۈۋېلىڭلار!
ئاپئاق چېچەكلەرنى
تېرىۋېلىڭلار! ـــ دەپ قوشاق توقۇپ ماڭدۇق.

كېتەۋېتىپ يېڭى ياغقان قارغا شوخلۇقلىرىمىزنى قالدۇرۇشقىمۇ ئۈلگۈردۇق. بەزىلەر پۇتلىرىنى جۈپلەپ تراكتور ئىزىنى چىقارسا، بەزىلەر ئالقان ئىزلىرىنى چۈشۈرۈپ قويۇشاتتى. يەنە بەزىلەر ئۆزلىرىنى قارغا

تاشلاپ، پۈتۈن گەۋدىسىنى قالدۇرۇپ قويسا، بەزىلەر يېڭى ئۆگىنىۋالغان ناخشىلىرىنى يېزىپ قويۇشاتتى. بىز ھەممىلا يەرگە قار ئادەملەرنى ياساپ قويدۇق، ئۇلارمۇ بىزگە قوشۇلۇۋالدى. بىز ئۇلارنىڭ قوللىرىدىن يېتىلەپ بىرگە ئېلىپ كەتتۇق.

بىز مەھەللىلەرنى تولۇق ئارىلاپ بولغاندىن كېيىن، قىش بوۋاينى ئۇزاتقىلى كەڭرى ئېتىزغا چىقتۇق. قىش بوۋاي ھەممىمىزگە تەكشى قاراپ چىققاندىن كېيىن، ئۇزۇن ساقاللىرىنى سىپاپ ئىللىق كۈلۈمسىرىدى ــ دە، «مەن سىلەرنى كۆرگىلى يەنە كېلىمەن» دەپ كۆزدىن غايىب بولدى.

بىزقىش بوۋاينىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇردۇۋەردۇق. ناخشىلىرىمىز ئۇنىڭ يېنىغا ئۇچۇپ چىقىپ كېتەتتى. قىش بوۋاي ئۇنى ئاپئاق چېچەكلەرگە ئايلاندۇرۇپ، ئۈستىمىزگە چاچاتتى. بىز ناخشا ئېيتىۋەردۇق. ئاپئاق چېچەكلەرمۇ چۈشۈۋەردى. بىز ئاخىر چېچەكلەر ئىچىگە كۆمۈلۈپ قالدۇق...

مەن چۆچۈپ ئويغاندىم. قۇياشنىڭ كۈچلۈك نۇرلىرىدا، كۆزلىرىمنى ئۇزاق ئۇۋۇلاپ، تەسلىكتە ئاچتىم. ئالدىمدا ئوماق سىڭلىم خانقىز كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇرۇپتۇ.

ــ قاچان ئۇخلاپ قالدىمكىنە؟ ــ دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

ــ بوۋام سىلەرنى ئارام ئالسۇن دەپ، ئۇخلىتىپ قويغان، ــ دېدى ئۇ چۈچۈك تىلى بىلەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— بوۋىڭىز كىم؟

— سىلەر بوۋامنى قىش بوۋاي دەيدىكەنسىلەرغۇ؟ هازىرئۇنى كىشىلەر باھار بوۋاي دەپ ئاتىشىدۇ. خانقىز شۇ گەپلەرنى دەپ بولدى ـ دە، قىزىل قاناتلىرىنى كې- رىپ، باشقا دوستلىرىنىمۇ ئويغىتىش ئۈچۈن ئۇچۇپ كەتتى.

مەن باھار شامىلىدا مەيىن تەۋرەنگىنىمچە ئويلى- نىپ قالدىم:

ئۇ كەپتۇ ـ دە، بىزنى يەنە ئىزدەپ كېلىدىكەن ـ دە، ياق، ياق، مەن ئۇنى ئىزدەپ بېرىشىم كېرەك.

مەن بارئاۋازىم بىلەن «باھار بوۋا، سەن قەيەردە؟» دەپ توۋلاشقا باشلىدىم...



تەلئەت قادىرى

# شېئىرلار

## قۇملۇقتا

قۇملار،
قايسى بوراندا،
كەلگەن سىلەر قەيەردىن؟
بىراق، ئەمدى نېمىشقا
كۆچمەيسىلەر بۇ يەردىن؟

قالدىڭلارمۇ مەنزىلگە
يېتەلمەستىن يا ھېرىپ؟
ياتىسىلەر پانپاشلاپ،
كەتتىڭلارمۇ يا قېرىپ؟

كۆچمىسەڭلار ئەمدى بىز
كۆچتۈردىمىز بوران بوپ.
تۇرمىساڭلار ئويغىنىپ،
ئويغىتىمىز چۇقان بوپ.

## خەت ئۆگەتتىم ئاكامغا

بىزنىڭ ئۆيدە بىر ئاكام
مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن.
شۈكلاشقىمۇ ئىلىپپىنىڭ
سۈنئۇقىنى بىلمىگەن.

خەت ئۆگەتتىم تەتىلدە
مەن ئاكامغا ئىرىنمەي.
زېھىن قويۇپ ئۆگەندى
ئاكاممۇ ھەم زېرىكمەي.

بىرنەچچە كۈن ئۆتكۈزۈپ،
ئېلىپ باقتىم مەن سىناق.
ئۇڭا ئۆتكەن «دەرس» نى،
ئۆزلەشتى دەپ قانداقراق.

قەغىزىنى تەكشۈرسەم،
ئۆگىنىپتۇ جايىدا.
تېخى گېزىت ـ ژۇرنالىمۇ
كۆرۈپ تۇرار گاھىدا.

بۇ ئىشىمدىن قەۋەتلا
خۇشال بولدى ئاكاممۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

سۆيۈپ قويدى مەڭزىمگە
دادام بىلەن ئاپامىۇ.

## كانچى تاغامغا

قارا ئالتۇن قازىسەن،
كانچى تاغا، قىشۇ ياز.
تىلغا ئالسام ئەجرىڭنى
دەيسەن: «ئەجرىم بەكمۇ ئاز».

قازدىڭ «ئالتۇن» ھېسابسىز،
چىڭ باغلىغاچ بېلىڭنى.
مەشتە يانغان يالقۇنلار
ئەسلىتىدۇ دىلىڭنى.

ياندى مېھرىڭ ئوت بولۇپ،
ھەربىر ئۆيدە يالقۇنلاپ.
ساڭا چەكسىز مەدھىيە
تاشتى دىلدا دولقۇنلاپ.

### يىغلىما، قورچىقىم

كىرگىنىدە ئارزىگۈل
ناخشا ئېيتىپ ئۆيىگە.
تۇرار ئىدى قورچىقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

يىغلاپ شىرە ئۈستىدە.
ئارزىگۈلگە بۇ ھالەت
بەكمۇ قىزىق تۇيۇلدى.
ئىچ ئاغرىتىپ قورچاققا
سەۋەبىنى سورىدى.
دېدى قورچاق ياش تۆكۈپ:
— ئۇنتۇدۇڭمۇ سەن مېنى.
ئوينىمىدۇق ئەمدى بىز،
رەنجىدىڭمۇ ئېيت، قېنى؟
چۈشمەس ھەركۈن قولۇڭدىن،
دەپتەر، كىتاب ھەم قەلەم.
ھۈنىرىڭ خەت يېزىشلا
قىلدىڭ ماڭا كۆپ ئەلەم.
دېدى شۇندا ئارزىگۈل:
— دوست ئىدۇق بىز ئىككىمىز،
دائىم كۈلۈپ ئوينايتتۇق،
شاد ئۆتەتتى كۈنىمىز.
يىغلىمىغىن، قورچىقىم،
بولدى مەندە ئۆزگىرىش.
ئەمدى مېنىڭ ئارزۇيۇم —
ئىلىم - پەننى ئۆگىنىش.

责任编辑：阿·艾白
责任校对：伊力亚斯

优秀儿童文学作品选（维吾尔文）
吐尔逊·买买提　编

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市建中路54号 邮政编码830001）
新疆新华书店发行 新疆新华印刷厂印刷
787×1092毫米 32开本 10.125印张 2插页
1990年11月第1版 1990年11月第1次印刷
印数：1——2.000

ISBN7—228—01182—1/I·410 定价：3.75 元